# قەشقەر ئەدەبىياتى

5

1983



جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەردە ئېچىلغان ھىكايە ئىجادىيىتى سوھبەت يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بەشكىرەم گۈز[illegible]چىقىپ دەم ئېلىش ئارىلىغىدا گۈڭشى مەسئۇللىرىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى.

تۇرسۇن تۇردى فوتوسى

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1983 - يىل 5 - سان

12 - يىل نەشرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

# بۇ ساندا :


ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ............ ( تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالى )
قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنى يادىكارلىقلارنى ئاسراش ـ باشقۇرۇش ئورنى ............ 1
شېئىرلار ............................ جاپپار ئەمەت 3
غەزەللەر ............................ مەھەممەت رەھىم 7
ئومۇر ھەققىدە مۇخەممەس ............................ ئابدۇرېھىم ئوتكۇر 10
غەزەللەر ............................ ئەخەت داۋۇت 13
دوستلۇق تەزىمىلىرى ............................ ئابدۇكېرىم مەخسۇت 15
ئىككى نەسىر ............................ ئابدۇرىشىت سەلەي 20
ئېچىنىش ............ ( ھىكايە ) ............ تۇرسۇنئاي يونۇس 22
گۇلچېھرە ............ ( « ) ............ مۇنى تابىلدى 32
ھېيتكادا ھېيت كۇنى ............ ( داستان ) ............ مىرزاھىد كېرىمى 39
قايتىمىش ............ ( ھىكايە ) ............ ھوشۇر ئابدۇللا 60
قايتۇرۇۋېلىنغان سوۋغا ............ ( « ) ............ ئابلىز ھەلمىدىن 65
خەلق داستانلىرى ۋە ئۇنىڭ پوئېتىك قۇرۇلۇشى ( ماقالە ) ............ ئابدۇكىرىم راخمان 69
رۇبائى ۋە پارچىلار ............ ( شېئىر ) ............ ئابدۇرېھىم توختى 83
ئىككى شېئىر ............ ( « ) ............ نەسرۇللا ئابلەت 85
كېلىنىڭ بۇلبۇللار ............ ( « ) ............ تۇراق ناسىر 86
ناخشا تېكىستلىرى ............ ( « ) ............ ئابلەت ئىسمائىل 87
كەلدى ............ ( « ) ............ ھوسەيىن ئابدىرېھىم 90
دىخان ئاكامغا ............ ( « ) ............ مىجىت تاش 90
كۇلگىن ، بالام ............ ( « ) ............ قەمەرجان 91
ھىكايىنىڭ كومپوزىتسىيىسى مۇكەممەل ، تىلى يارقىن بولىشى لازىم ............
............ ( ماقالە ) ............ ئىسلام سادىق 92
نۇرلۇق قەلب ............ ( ئەدەبىي ئاخبارات ) ............ لۇي پېيتيەن 99
ئەقىللىق ئېلىياسنىڭ ھىكايىسى ............ ئومەر ھېيت تەرجىمىسى 114
ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەۋەرلىرى ............ ئابلىز ئومەر 116
تېپىلغان گوھەر ............ (چوچەك) ............ 119
تاجىك ماقال ـ تەمسىللىرى ............ 126

# ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى

( تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالى )

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى تەخمىنەن مىلادىنىڭ 1008 - يىللىرى ① قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەرگە تەۋە ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىغ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئالىم ئۆزىنىڭ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا « قەشقەرى » دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوشۇپ ئىشلەتكەن.

ئالىمنىڭ ئاتىسى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەت قارا خانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ ھاياتىدا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا بارسغانغا ② ھاكىم بولغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى.

ئانىسى بۈبى رابىيە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئالىي مەلۇماتلىق، زىرەك ئايال بولۇپ، ئوغلى مەھمۇدنى كىچىكىدىن ئەتراپلىق ماھارەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشكە تىرىشقان.

ئالىم باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ۋە ئوپالدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئالغان. ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەردىكى شەيخ ئىمام زاھىت ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرى مۇدەررىسلىك قىلغان « مەدرىسى ھامىدىيە » ۋە شۇ چاغلاردا پۈتۈن شەرقتە نامدار « مەدرىسى ساجىيە » دە ئالغان. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، تۈرك تىلى ۋە ئۇنىڭ گىراماتىكىسىنى، ئىلمىي مەنتىقە ( لوگىكا )، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم ( ئاسترونومىيە )، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ئىلىملەرنى ئىگەللىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۈركىي خەلقلەرگە ئۆزلۈشۈش ئالدىدا تۇرغان ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن، ئۇ يەنە شۇ چاغدا ئومۇمىي ئادەت ۋە مەجبۇرىيەت ھېساپلانغان ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ، چەۋەر چەۋەندازلاردىن بولۇپ يېتىشكەن.

1058 - يىلى ئوردىدا بولغان بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا ئاتىسى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەت ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئالىم بەختىگە يارىشا ئامان قالغان. ئۇ كىچىكىدىن تىل ئىلمىغا قىزىققان بولغاچقا، توغرىدىن توغرا باغداتقا يول ئالمىغان، بەلكى تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان شەھەر- قىشلاقلارنى، كەڭ يايلاقلارنى، دالا - قىرلارنى 15 يىل كېزىپ يۈرۈپ، ئۆزى يازماقچى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغان. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، باسمىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭ پەرقلىرىنى، ئېتنوگرافىيىسى( كېلىپ چىقىش مەنبەلىرى ) نى، تارىخىنى، جۇغراپىيىۋى جايلىشىشىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئاخىرى 1072- يىلى سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ھامىلىقىدىكى ئە-

① ئالىمنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا ئالىم : ‹‹ بۇ كىتاپ ئومرۇمنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى ›› دېگەن ھەم خەلق ئاغزىدىكى رىۋايەتلەر بويىچە تەخمىن قىلىندى.

② بارسغان - ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدىكى قەدىمىي شەھەر.

رەپ ئىسلام خەلىپىسىنىڭ پايتەختى باغداتقا يېتىپ بارغان ھەمدە 1074 - يىلىغىچە بولغان 2 يىل ئىچىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، « تۈركى تىللار دىۋانى » نىڭ دەسلاپقى نۇسخىسىنى پۈتكۈزۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان. 1074 - يىلىدىن 1076 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە كىتاپنى قايتا تەكشۈرۈپ، تۈزىتىپ، تولۇقلاپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئابباسلار خەلىپىسىنىڭ 27- سى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

« تۈركى تىللار دىۋانى » تۈرك ( ئۇيغۇر ) سۆزلۈكلىرىنى ئەرەپلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا يېزىلغان نوقۇل لۇغەت كىتاۋى بولماستىن، تۈركى تىلىنىڭ ئەرەپ تىلىدىن ھېچ قانداق تۆۋەن ئەمەسلىكىنى،" تۈركى تىلىنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ » كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن يېزىلغان يىگانە ئەسەر. شۇنداقلا ئېتنوگرافىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، لوگىكا، ئاستىرونومىيە، يېزا ئىگىلىك، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ مەلۇماتلار مۇجەسسەملەشكەن قامۇس. تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شاھانە ئەسەردۇر.

ئالىم « تۈركى تىللار دىۋانى » دا بەرگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، « كىتابى جاۋاھىدۇننەھۋى فىللۇغاتىتتۈرك — ( تۈركى تىللار گىراماتىكىسىنىڭ جەۋھەرلىرى ) » دېگەن بىر كىتاپمۇ يازغانلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى بۇ كىتاپ ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

مەھمۇد قەشقىرى 1080 - يىللىرى ئىچىدە باغداتتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، يەنە كىندىك قېنى توكۇلگەن ئانا ماكان — ئوپالغا جايلىشىپ ئۇ يەردە كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن « مەدرىسە مەھمۇدىيە » دەپ ئاتالغان بىر مەدرىسە بىنا قىلىپ، ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئالاھىدە مەلۇماتلىق نۇرغۇن شاگىرتلارنى، ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. شۇڭا كىشىلەر " ئىلىمگە ھوددىگاھ — ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پىرى » دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن 10 نەچچە يىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن، جاھان تۈركولوگىيە ۋە سېلىشتۇرما تىل تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد قەشقەرى مىلادىنىڭ 1105 - يىللىرى 97 يېشىدا ۋاپات بولۇپ ئوپالغا دەپنە قىلىنغان.

« تۈركى تىللار دىۋانى » ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەردۇر. شۇڭا « تۈركى تىللار دىۋانى » نى نۇرغۇن مەملىكەتتىكى ئالىملار، تۈركشۇناسلار ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلماقتا. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنماقتا.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك مۇنارىسىنى ياراتقان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، پۈتكۈل تۈركى خەلقلەرنىڭلا ئىپتىخارى بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەرەپلىك مەشھۇر مەدەنىيەت ۋەكىلىدۇر.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش — باشقۇرۇش ئورنى

# شېئىرلار

جاپپار ئەھمەت

## ئەسسالام، قەشقەر

ئوڭ قولۇم كوكسۇمدە، ئەي ئەزىز قەشقەر،
ئاستانەڭ ئالدىغا كەلدىم سالام، دەپ.
سەن تۇتتۇڭ قاشتېشى جامىدا كەۋسەر،
قەدىمىڭ مۇبارەك بولسۇن بالام، دەپ.
قەلبىمدەك سۈپ - سۈزۈك بۇلاقلىرىڭدىن،
شىلدىرلاپ ئاققان شوخ ئېرماقلىرىڭدىن،
ئۇچۇملاپ قانغىچە ئىچتىم سۈيۈڭنى،
چاڭقىغان يۈرەككە بولسۇن ئارام، دەپ.

☆ ☆

شان-شەرەپ تاجىسەن تارىخىمىزنىڭ،
تەزكىرەڭ، قەسىدەڭ شان بىلەن پۈتكەن.
سەن بىلەن چېتىشلىق پەخرىمىز بىزنىڭ،
ئەجداتلار باغرىڭدا شان قۇچۇپ ئۆتكەن.
قاراخانىلار ① غا بولۇپ پايتەخت،
دۇنياغا تونۇلغان ئىدىڭ ئەشۇ پەيت.
بولغاچقا ھەممىگە مەشھۇر سەنئىتىڭ،
نامىڭ بار تارىختا « كاشىغەر » دىگەن.

ئىدىڭسەن تۈگۈنى يىپەك يولىنىڭ،
تارىختا شەرق بىلەن غەرپنى چاتقان.
ئىلىم-مەرىپەتنىڭ، سەنئەت گۈلىنىڭ،
ئىپار پۇرىقىنى ئەلگە تاراتقان.

دۇنياغا ئاتاغلىق مەھمۇد قەشقەرى،
يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالىملەر پىرى،
شۇ ئەزىز دىيارىڭ باغرىدا ياشاپ،
ۋەتەن ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان.

ئالەمگە ياڭرىتىپ مۇقام - مەرغۇللار،
قانچە ئامانىسا ئۆتكەن سېنىڭدە.
نىزارى، گۇمنامدەك قانچە بۇلبۇللار،
ئوتلۇق قوشاقلارنى قوشقان شەنىڭگە.
مەرىپەت يۇلتۇزى ئاسمىنىڭ ئارا،
چاقنىغان نامىڭ بار " سانى بۇخارا "②
شەۋكەتلىك نامىڭنى ئالغاندا تىلغا،
قايىلمەن تەڭداشسىز شان - شەرىپىڭگە.

ئۈستۈڭدە ھوكۇمران بولغاندا زۇلۇم،
قوزغىلاڭ كوتەردىڭ نەچچە رەت ئۇدا.
نامىڭنى ئۇلۇغلاپ قانچە نوزۇگۇم،
زۇلمەتكە باش ئەگمەي قىلدى جان پىدا.
رەقىپلەر ئارىغا سالغاندا نىفاق،③
سەن بولدۇڭ مۇستەھكەم، ئۇيۇل ئىتتىپاق،
" ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق " دىگەن مۇقاملار.
پۇت تىرەپ تۇرالماي بولغانتى رەسۋا.

---

① قارا خانىلار — قارا خانىلار سۇلالىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

② سانى بۇخارا — ئەينى يىللاردا بۇخارا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلىم - مەرىپەت مەركىزى ئاتالغان ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە قەشقەرمۇ ئىلىم - مەرىپەت گۈللەنگەن شەھەر بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، « سانى بۇخارا » ( كېيىنكى بۇخارا ) دەپ شوھرەت قازانغان.

③ نىفاق - ئىتتىپاقسىزلىق، بولگۈنچىلىك.

قانلىق كەچمىشلەرنى ئويلىسام بۈگۈن،
كۆرىمەن كوكسۇمدە قانچە جاراھەت.
خىيال دەرياسىنى بويلىسام بۈگۈن،
يۈز ئاچار ئالدىمدا قاراڭغۇ زۇلمەت.
ئۆتمۈشۈڭ قانچىلىك دەھشەتلىك سىنىڭ،
كۆڭلىڭ قانچىلىك ۋەھشەتلىك سىنىڭ،
يىغلىساڭ سەن بولۇپ پارچە نانغا زار،
زالىملار قوينۇڭدا سۈرگەن پاراغەت.

☆ ☆

ھېيتكانىڭ پەشتىقى ئۈستىدە تۇرۇپ،
قارىسام مەن بۈگۈن، بىر يېڭى دۇنيا —
كۆرۈندى كوزۈمگە گۈلدەك بەرق ئۇرۇپ،
شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك زىبا.
تۈمەن دەرياسىنىڭ شاقىرىشىدەك،
ياقۇت — ئۈنچىلارنىڭ پاقىرىشىدەك،
قوينۇڭدا كوردۈم بىر جۇشقۇن ھاياتنى،
شۇنچىلىك يېقىملىق، شۇنچە دىلرەبا.

كوردۈمەن باغرىڭدا يېڭى ھاياتنىڭ
گۈللەرگە پۈركەنگەن باھار — يازىنى؛
ئاڭلىدىم ھەريادا بەخت — شاتلىقنىڭ
پەلەككە ئۆرلىگەن ياڭراق سازىنى.
جەننەتنى قوينۇڭغا ئەتكەندەك بەخش،
ھوسنۇڭدە چاقنىدى بىر رەڭدار نەقش،
ئاڭلىدىم گۈلزاردىن — گۈلباغلىرىڭدىن،
ئىشقىۋاز بۇلبۇلىنىڭ شوخ ئاۋازىنى.

قەدىمى كوچىلار كەتتىمۇ كوچۇپ؟
تونالماي بىر ھازا قالدىم تىڭىرقاپ.
رەتمۇ — رەت بىنالار ئۈستىنى قۇچۇپ،
ئالتۇندەك نۇر توكۇپ، كۈلگەندە ئاپتاپ.
ئىگىز تۇرخۇنلارنىڭ تۈتۈنى كوككە،
ئۆرلىسە شاتلىقىم يەتتى پەلەككە.
بولۇپسەن ئەڭ ئاۋات، گۈزەل بىر شەھەر،
تاڭ قالدىم يېڭىچە ھوسنۇڭگە قاراپ.

سەمەننىڭ يولىنى كىزىپ قانچە رەت،
مۇخبىر بوپ ئايلانغان كۈنلەر يادىمدا.
ھە، بۈگۈن قارىسام ئاجايىپ ھەيۋەت،
بىر يېڭى مەنزىرە تۇرار ئالدىمدا.
چايقىلار مول ھوسۇل دېڭىزى لەرزان،
چەشلەرگە تولۇپتۇ ھەر ياندا خامان.
دىخاننىڭ يۈزىدە كۈلكە — تەبەسسۇم،
قەلبىدە شاتلىقى گوياكى دەريا.

ئىخ، بۈگۈن باغچاڭنى قىلىپ تاماشا،
ئايلىنىپ يۈرگەندە گۈللۈك — چىمەندە؛
قەلبىم ئىكرانىدا ئوبرازىڭ راسا
بىر ئۇتلۇق ھىسسىيات قوزغىدى مەندە.
مەن دىدىم: " تېخىمۇ ياشنىغىن گۈللەپ،
ھالال تەر .. ئەجرىدىن چوققىغا ئۆرلەپ،
شەنىڭنى ئۇلۇغلاپ ، ئەي ئەزىز قەشقەر،
ئەيلىسۇن بۇلبۇللار توختىماي خەندە!"

1983 — يىل 7 — ئاي، قەشقەر

## مەھمۇد قەشقەرى قەۋرىسى ئالدىدا

مەن تۇرىمەن «ھەزرىتى موللام تېغى» ئۈستىدە،
يېشىل قەۋرەڭ ئالدىدا سۈكۈت بىلەن باش ئېگىپ.
تەقدىم قىلدىم ئەڭ چوڭقۇر ھورمىتىم ئىزھارىنى،
قەلبىمنىڭ رىشتىسىدىن سالاسۇنغا گۈل چېكىپ،

ئالدىمدا ئېگىز پامىر ياتار كوككە باش تىرەپ،
ئۇنىڭ مەغرۇر قامىتى سىنىڭ قەددىڭ تىمسالى.
ئاپپاق چاچلىق چوققىدا ئۆسكەن يېشىل قارىغاي
گويا شانلىق ئۆمرۈڭنىڭ بىر مۇقەددەس مىسالى.

تاغنى كېسىپ يىراققا سوزۇلۇپتۇ « مۇغ يولى»①
غۇۋا كۆمۈش لېنتىدەك، تىك داۋانغا يامىشىپ.
كوردۇم تۇمان ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرگەن بۈركۈتنى،
تىكىلگەندە ئۇنىڭغا كەتتى كوزۇم قامىشىپ.

ئەسلەتتى شۇ موغ يولى سېنىڭ ئىجات يولۇڭنى،
تۇتاشقاندەك كوكتىكى چەكسىز سامان يولىغا.
ئۇچۇپ يۈرگەن شۇ بۈركۈت بەلكىم سېنىڭ روھىڭدۇر،
سايە تاشلاپ ھەممۇ تۇرار تاغلار غولىغا.

تىكتىم بىردىن كوزۇمنى تاغ باغرىغا، جىلغىغا،
يېشىل بوستان ئەسلەتتى چاقناپ تۇرغان گىلەمنى.
بۇ سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوپال - ئازىغ كەنتىدۇر،
ئەسلىتىدۇ «خان بېغى » گوياكى باغ - ئېرەمنى.

« دىۋان »② نىڭ قۇرلىرىدا «ئوپال - ئازىغ » دىگەن نام
شولە چېچىپ شۇ تاپتا مەرۋايىتتەك چاقنىدى.
" بۇ جاي مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ ئىسمى " دىگەن تەئرىپىڭ
قەلبىمنىڭ بوشلىغىدا خۇددى كۈندەك بالقىدى.

گەرچە ئازىغ كەنتىنى كەتكەن بىلەن قۇم بېسىپ،
خارابىلار تېخىچە ياشاپتۇ قۇم تېگىدە.
كوزىلارنىڭ پۇچىغى بەردى ماڭا گۇۋالىق:
نامى ئۇچكەن بۇ ماكان شەھەر ئىكەن ئەسلىدە.

«ھاي - ھاي تېرەك » تېگىدىن چىققان سۇزۇك بۇلاققا،
تىكىلگەندە كوزلىرىم، كوردۇم سۇدا ئەكسىمنى.
مەڭگۇ ئېقىپ تۈگىمەس شۇ بۇلاققا ئوخشاتتىم
ئەقىل - پاراستىڭنى، كىر قونمىغان قەلبىڭنى.

① مۇغ يولى — قەدىمى يىپەك يولىنىڭ قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قاتنايدىغان بىر تارمىقى. «موغ» قۇش مەنە-سىنى بىلدۈرىدىغان «مۇرغ» دىن كېلىپ چىققان. مەھمۇد قەشقەرى بۇ يول ئارقىلىق ئىران، ئىراق قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىگە بېرىپ قايتقان ئىدى.

② دىۋان — مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شانلىق ئەسىرى « تۈركى تىللار دىۋانى »

ياندى شۇ چاغ قەلبىمنىڭ ئاسمانىدا بىر چولپان،
مەرىپەت دۇنياسىغا قوشۇلغاندەك بىر زىيا.
بۇ ئىدى سېنىڭ توھپەڭ،
ياشاپ كەلگەن بىز بىلەن،
ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى قىلىپ مەڭگۈ مەھلىيا.

شۇخىياللار ئىچىدە بىردىن قانات چىقىرىپ،
ساڭا بولغان ھۆرمىتىم كوتىرىلدى ساماغا.
قەلبىمدىكى سېغىنىش دولقۇن ياساپ، ئۆركەشلەپ،
مەقبىرەڭنىڭ ئالدىدا قول كوتەردىم دۇئاغا.

1983- يىل 11- ئاۋغۇست.

## بەشكېرەم

ئەسلىدە نامىڭ ئىكەن «بېھىشت كەرەم» ①
سەندە جەم بولغاچقا سانسىز باغ ئىرەم.
ياشنىدى قەلبىمدە گويا مىڭ باھار،
تۇنجى رەت باغرىڭغا قويغاندا قەدەم.

كەزگىنىمدە باغلىرىڭنى سەيلە قىپ،
تولدى شاتلىققا مېنىڭ قەلبىم شۇدەم.
يەرگە باقسام بوك - باراقسان گۈل - چىمەن،
تاۋلىنار گوياكى رەڭدار ئۈز گىلەم.

شاخقا باقسام ئالما، ئامۇت، شاپتۇلا...
مەي بولۇپ قاپتۇ يەنە ئەنجۈرى ھەم.
سانىغاندا مىۋىلەرنىڭ تۈرىنى،
مەن دېدىم: «جەننەت ساڭا بولغانمۇ جەم؟»

سەن كۆتۈپ ئالدىڭ مېنى داسقان سېلىپ،
تىللىرىمدا قالدى بالدەك ياخشى تەم.
سورىسام باغۋەن ئاكامنىڭ ھالىنى،
ئۇ دېدى: «يوق بىزدە ھازىر قايغۇ - غەم.»

خۇددى شۇ چاغ شاتلىقىڭغا جۆر بولۇپ،
ئاسمىنىڭدا ياڭرىدى مۇقام - ئەجەم.
دىلغا پاتماي، تاشتى ئىلھام دولقۇنى،
تەئرىپىڭگە قاتتى سوز ئالتۇن قەلەم.

1983- يىل 23- ئاۋغۇست.

① «بېھىشت كەرەم» - بۇ سوزنىڭ لوغەت مەنىسى «گۈزەللىك جەننەت» دېگەن بولىدۇ.

# غەزەللەر

مەھەممەت رەھم

## كشى قەلبى

كشى قەلبى پايانسز كەڭ، كورۈنمەس بر ئمارەتتۇر،
ئۇنڭ مەۋجۇتلغى زاتەن ھاياتلقتن بشارەتتۇر.

كشى دەپ يازغنم ئاما، بايانم ھەم ئۇنڭ قەلبى،
ئۇنڭدن ئۆزگە مەناغا پكر ـ لەۋزم بھاجەتتۇر.

كشنڭ قەلبگە ھەرگز سپەلمەس نۇرنى كۈن، ئاي،
ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەل ئەقل ـ ئدرەك، پاراسەتتۇر.

كشى قەلبى نۇمۇس، ۋجدان، مۇھەببەت... برلە تولغان جاي،
ئۇنڭغا كەمبەغەل قەلبنڭ بساتى رەشك، خۇسۇمەتتۇر.

شەرەپ ـ شان، ئھترام ـ ھورمەت پەۋەستۇر شۇ ئمارەتتە،
شۇڭا ئۇ جايغا كرمەكلك تېپلماس بەخت ـ سائادەتتۇر.

كرشنى ئستگەنلەر ئاز ئەمەس تۇرلۇكچە يول ئزلەپ،
تالاشقانلار ئۇچۇن بۇ جاي ھالاكەتلك رقابەتتۇر.

لەئن نەمرۇت بلەن پرئۇن خۇدامەن دەپ قلپ دەئۋا،
كرپ ئالماقچا شۇ جايغا يېقنلاشقان قاباھەتتۇر.

قېلچتن، نەيزدن قانلار ئېقتقان مۇستەبت شاھلار
كرەلمەي ئاقۋەت نەپرەتكە پاتقان ۋەھشى ئاپەتتۇر.

ئەگەر شۇ جايغا كرمەككە مۇۋەپپەق بولسا مەككارلار،
بولۇر قوغلاندى كوپ ئوتمەي، ئاڭا تاريخ كاپالەتتۇر.

ئەمەستۇر ھەددى ھەر كمنڭ كرش ـ كرمەسلكى ئۇندا،
بۇنڭ شەرتى نەيەگلغ ئەجردن تاپقان دارامەتتۇر.

شۇڭا بۇ جاي ئۇلۇغ ئىنسان، ئۇلۇغۋار تۆھپىكارلارغا
ئوچۇق تۇرغانلىقى دائىم ساھىپخاندىن ئىجازەتتۇر.

مېنىڭ قەلبىمدە خەلقىمنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتلىرى مېھمان،
مېنىڭ ئەل قەلبىدىن جاي ئالمىقىم شىرىن خىيالەتتۇر.

## سوئالغا جاۋاپ

سوراپ باققان ئىدىم ئۇشبۇ سوئالنى مەن جاھاندىن:
" يامان كوپمۇ ۋە ياكى ياخشىلار كوپمۇ ياماندىن ؟ "

جاھان ئېيتتى: " بۇگۇن ئاڭلاپتىمەن مۇنداق سوئالنى،
يامان ھەم ياخشىغا مايىل سېنىڭدەك بىر ناداندىن.

ئەگەر سەن ياخشى بولساڭ، ياخشىغا بىر سان قوشۇلغاي،
يامان بولساڭ ئازايماس ياخشىلار ھىچ ئەسلى ساندىن.

تۈزەلگەچكە زامان، ئىقبال، تۈزەلمەكتە يامانمۇ،
زاماندىن ئەمدى نول ئالما ئوتەلمەي ئىمتىھاندىن".

## شاتلىقىم

ئون نەچچە يىل چەكتىم ئەلەم ئۇچراپ رەزىللەر قەستىگە،
قايتا قەدەم قويدۇم بۇگۇن قۇتلۇق باھارنىڭ پەسلىگە.

دوستلار مېنى تەبرىكلىدى مەندىنمۇ بەك خۇرسەن بولۇپ،
شۇنداق دىدى: " ھىجران تۇگەپ، يەتتىڭ يەنە يار ۋەسلىگە.

ئوڭشاپ پەلەكنى پارتىيەم، ئەسلىڭگە كەلتۈرگەنلىگى
شاتلىق ئەمەسمۇ بىھىساپ سەندەك جاپاكەش نەسلىگە. "

" دوستلار، - دىدىم، - بۇ شاتلىقىمدىن كاتتىراق بىر شاتلىقىم:
كەلگەنلىگى مەندەك يۈۋاش كونا يېزىقنىڭ ئەسلىگە. "

## ئېھتىيات

بىز تونۇشقاندىن بۇيان ئويغاندى مەندە ئېھتىيات،
ئېھتىماللاردىن تۇغۇلدى بىر كۇشەندە ئېھتىيات.

ئارمىنىمدىن باشقىنى سوزلەپ تۇگەتتىم مەن ساڭا،
پۇتلىشار بىر سوزنى مەن ئېيتاي دىگەندە ئېھتىيات.

بىلمىدىم، ئالدىڭدا ھېچ تىل قىسىلغىنىمۇ يوق تۇرۇپ،
قىلدىما، قىلغان كەبى بۇلبۇل چىمەندە ئېھتىيات.

جۇرئىتىمنى لال قىلىپسەن نائېنىق لەۋزىڭ بىلەن،
يوق ئىكەن ئاشىق ئۈچۈن مۇشكۈلگە سەندە ئېھتىيات.

ئىندىمەسلىك ئادىتىڭمۇ ناز - تەكەللۇمدىن بولەك،
ياكى قىينامدۇ ۋاپادىن غەم يىگەندە ئېھتىيات؟

ئېھتىياتسىزلىق بىلەن قىلغان ئىدىم كوڭلۇمنى خار،
شۇ سەۋەپتىن ساڭىمۇ لازىم ئىكەن - دە ئېھتىيات.

ئەمدى بىلدىم، ئۇ مۇھەببەتتە كوڭۇلنىڭ تىزگىنى،
بېرىدۇ پۇرسەت ئەقىلغا ھەر دورەندە ئېھتىيات.

غەيرى ئارزۇ، مۇددىئادىن قەلبىمىز پاك بولسىلا،
ئۇرىدۇ ئاخىر خوشاللىق بىرلە خەندە ئېھتىيات.

## ۋىسال ناخشىسى

ئايدەك يۈزىڭىز نۇر چاچىدۇ مىسلى چاراخلاپ،
بىللە نۇرىڭىز جىلۋىسى كەتسەمۇ يىراقلاپ.

تاشلاڭ دىسىڭىز تاشلىۋېتەي بارچە خىيالنى،
راھەت ياشىماق بىرلا خىيالىمنى قۇچاقلاپ.

شۇ پىكرۇ - خىيالىم ئىچىدە سىزنى كورەرمەن،
ئاۋارە ئەمەسمەن كېچىلەپ يارنى سوراقلاپ.

سىزمۇ ئىشىنىپ بىر ماڭا شۇنداق دىدىڭىزكى:
” جانانغا قەدىردان كېلىدۇ بۇرچىنى ئاقلاپ “ .

ۋەدەمگە ۋاپا يار بولىدۇ ئەشۇ ئىشەنچتىن،
مەكتۇپ يازىمەن سىزگە رىيازەتنى پاچاقلاپ.

بىزمۇ يېتىمىز پاك تىرىمىز بىرلە ۋىسالغا،
ئەل - يۇرت كۆلىدۇ توي كۈنى شادىيانە قاقاخلاپ.

# ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ئۆمۈر مەنزىلىدە ئىزلەپ غۇبارسىز چىن ھەقىقەتنى،
قەلەندەردەك كىزىپ يۇردۇم چىكىپ مىڭ بىر مۇشەققەتنى.
ۋە لېكىن يوق ئىكەن تۈز يول تېپىشتا ئۇشبۇ مەقسەتنى،
تىگەرقاپ ئۆتتى كوپ ئۆمرۈم چۈشەنمەي سىرى ھىكمەتنى،
ئىشىت دىلبەر ، بايان ئەيلەي ساڭا بۇ ھەقتە سوھبەتنى.

تۇغۇلغاچ ئىككى مومىندىن ، ئۆتۈپ ئەلا ـىك تە سەككىز يىل،
يەكۈنلەش سائىتى يەتتى ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايىدىل.
نەزەر سالسام بېسىپ ئۆتكەن يولۇمغا بولمايىن غاپىل،
ئاقۇر كوز ياشلىرىم گويا بولۇپ ئېرتىش ۋە ياكى نىل،
جاھاندا چەكمىگەي ھېچكىم مېنىڭدەك كوپ نادامەتنى.

يا ھەققە ئەتمىدىم قۇلاۋق ، يا ئەلگە قىلمىدىم خىزمەت،
بېغىمغا كۆز يېتىپ كەلدى ، قولۇمدىن كەتتى كوپ پۇرسەت.
ھېمىشە ئۆرتىبان دىلنى يېلىنجاپ بىر ئەلەم ـ ھەسرەت،
ئازاپلاپ كىچەيۇ-كۈندۈز قىناۇر جانىمنى بىتاقەت،
راۋادۇر قانچىلىك قىلسام ئۆزۈمگە دوق-مالامەتنى.

ئانا يۇرتۇم بېرىپ ئاق سۈت، بېقىپ ئۆستۈردى مىڭ ئاسراپ،
ئاۋايلاپ مايسىدەك ھەر تاڭ چېچىپ باشىمغا زەر-ئاپتاپ.
بېرىپ تىل ھەم ئەقىل-ئىدرەك، قاتارغا قوشتى يول باشلاپ،
قاناتى ئاستىغا ئالدى ئېغىر كۈنلەردە مىڭ ـ مىڭلاپ.
ئىچۇكمۇياندۇرارمەن بۇ ئانالىق مېھرى ـ شەپقەتنى.

باھارنى كۈيلىشەر قۇشلار چېغىدا ھەر سەھەر دەمدە،
ئىمىشقا بولمىسۇن بىر ھىس ئىرىك پەرزەندى ئادەمدە.
ۋاھالەنكى، ئادا بولماي ھىساپسىز قەرز بۇ زىممەمدە،
ھامان قايناپدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمان ئابى دىرەمدە①
ئۆمۈرنى قىلمىغىن زايا، ئېلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

---

① كوز يېشى

خىيالىم دېڭىزى تىنماي تېشىپ مىڭ چايقىلىپ قايناق،
كېچىلەر ئاز يۇمۇپ كوزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق.
چىقاردىم بىر يەكۈن ئاخىر ئۇمۇر مەنزىلىدىن شۇنداق،
ئۇمۇردۇر بىر كۈرەش، ھەرگىز ئەمەس ئۇ بىزگە ئاۋۇنچاق.
يولاتما ئەي كوڭۇل ئەمدى ئۇزۇڭگە زەررە غەپلەتنى.

پىكىر دەرياسىغا قانچە تىرەن چومگەنسېرى ھەر تۈن،
كوڭۇلنىڭ كىرلىرى شۇنچە يۇيۇلدى، تارقىدى ئەپسۇن.
ھاياتىم گەرچە پۇشمانلىق، دىلىمدۇر ناتاۋان مەھزۇن.
ۋە لېكىن،جان كىتاۋىغا قوشۇلدى يۈز تۇمەن مەزمۇن،
شۇ كوركىم، قوغلىدى مەڭگۇ يورۇق تاڭ قارا زۇلمەتنى.

تەپەككۇر كوز بىلەن باقساڭ ئەگەر ئالەمگە بىر كەررە،
ئەمەستۇر خالى ھىكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەررە،
چۇمۇلە چېغىدا تىنماي تاپۇر ئوز ئەجرىدىن مەررە،①
كىشىكىم، بىلسە بۇ بەلكى خەزىنە سىرىدىن زەررە،
پىكىر قىل ھەم چۇشەن، ئۇگەن بۇ جانلىق سىرو ـ ھىكمەتنى.

بىلىپ يەتكەنسېرى ئىنسان ھاياتنىڭ سىرىنى كوپرەك،
كوڭۇل رۇشەنلىشىپ ئاندىن چۇشەنگەي ئوزىنى خوپراق.
مىسال قارغۇ نىچۇك بىلسۇن قۇياش قانداغۇ ـ ئاي قانداق،
بىلۇر ئەمما گۇدەك ھەتتا نىچۇكتۇر گۇل، نىچۇك ياپراق.
دىمەككى، مەرىپەتتىن جان تاپۇر ئەقلۇ ـ پاراسەتنى.

ئولۇمنى ئويلىسا ھەركىم بىلۇر ئوز زاتىنى ئاندىن،
تۇغۇلماق، سوڭرە ئولمەكلىك ئايانىدۇر ھەممىگە ئايدىن.
لېكىن نەدە، قاچان، قانداق ئولۇشنى كىم بىلۇر ئالدىن،
يېشىلمەس بىر تۇگۇن بولدى بۇ مەۋزو دەۋرى ـ دەۋراندىن،
غەنىمەت بىل ئادەمزاتقا بىرەر توھپە ۋە خىزمەتنى.

جاھان باقى ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر زولى ئىسكەندەر ۋە ھەتتا «ئەركە» ② چىنگىزخان.
كېلىپ ـ كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھىساپ كارۋان،
ئوتەر دۇنيا، كىچەر دۇنيا، خەلقلا سۇرگۇسى دەۋران،
ئومۇر مەنزىلىدىن تاپتىم، ناھايەت، شۇ ھەقىقەتنى.

① مەررە ـ مەرتىۋە، دەرىجە.
② موڭغول خەلق رىۋايەتلىرىدە چىنگىزخان ،،تەڭرىنىڭ ئەركىسى،، دېيىلىدۇ.

تۇغۇلغان ھەر بوۋاق يىغلاپ چۈشەرمىش يەرگە ئادەتتە،
ئەجەل كەلسە يەنە يىغلاپ كېتەرمىش كىشى ھەسرەتتە.
ۋە لېكىن يىغلىماي كەتكەن كىشىلەر ھەم بار ئەلۋەتتە،
كى شەرمەندە قىلىپ ھەردەم ئۆلۈمنى جەڭگىۋار سەپتە،
نە يەڭلىغ بەخت ئىدى بىزگە ئەگەر تاپساق شۇ پۇرسەتنى.

يىتىپكۆز، سوغ شامال تەككەچ خازاڭ بولغان كەبى ياپراق،
ئۆمۈر مەنزىلىدە ئاخىر بولۇرمىز بىر دوۋە تۇپراق.
بۇ تۇپراقتا ئۈنەر بەزەن تىكەن ياكى خونۇك قامغاق.
ئېچىلغاي بەزىسىدە گۈل، چېچىپ خۇش ئەترىنى ھەرياق،
دېمەك، ھەركىم بىرۇر شەخسەن ئۆمۈرگە ئۆزى قىممەتنى.

ئۆمۈر گويا ئىرور بىرشام، تۈگەر ئەلۋەتتە كويگەنچە،
ئاشار قەدرى لېكىن،شۇنچە ئېرىپ جىسمى تۈگىگەنچە.
كورۈڭكى، ئاشىغى پەرۋان كويۈپ ئىشقىدا مىڭ ـ مىڭچە،
تەسەددۇق ئەيلىدى جاننى كېچە شام نۇرىغا شۇنچە،
ئۆمۈر مەنزىلىدە كاشكى، كىشى تاپسا شۇ قىسمەتنى.

كىشى بىلمەيدۇ قىسمەتنى سوراپ ھەتتا سوھەيلىدىن①
تاپۇر ئىززەت ۋە ياكۈلپەت كوڭۇلنىڭ زەۋقى مەيلىدىن،
نىمە تەرسە شۇنى ئالماق بولۇر ئۆز خۇيى-پەيلىدىن،
نە بولدى ھالى پىر ئۈنىنىڭ كىبىر ـ غەپلەت تۇيەيلىدىن ،
ئۇرۇقنى تاللىماي چاچساڭ، تىكەن باسقاي زىرائەتنى.

بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېگىزدىن تامچىدۇر، ئەمما
نامايانىدۇر قۇياش ئەكسكى تامچە سۈددىمۇ ھەتتا.
مۇخەممەس ئەلگە يەتكۈزسە ئۆمۈرچىنلىغىدىن مەنا،
مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۈن، ئەمەسمەن ئۆزگىسگە تەشنا،
كوچەتنى تىككۈچى مەيلى كورەلمەي ئۆتسە راھەتنى.

1982 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

① سوھەيلى ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمقى يۇنان دانىشمەنلىرىدىن بىرى بولۇپ، كىشىلەر زۇلقەن نەيىگە باقى مەسلىھەتچى بولغان ئىكەن.

# غەزەللەر

ئەخمەت داۋۇت

## ۋەتىنىم

ۋەتىنىم، ئۆزگە سېنىڭدىن مېھرىۋانىم يوق مېنىڭ،
خەلق ئۈچۈن توكسەم ھالال تەر قىلچە زارىم يوق مېنىڭ،

پەيلەپ قوشتۇڭ قاتارغا ئانىدامىق مېھرىڭ بىلەن،
سەن ئۈچۈن جانىم تەسەددۇق، ئۆزگە يارىم يوق مېنىڭ.

سەن بىلەن بەختىمنى تاپتىم، باغ ئىرەم رەيھان ئارا،
ئىزدىسەم ئالەمدە سەندەك لالىزارىم يوق مېنىڭ.

ئۆز ئانامدىنمۇ ئىزىزراق كورمىسەم مەگەر سېنى،
مەن ئۇچاغ تۈز كور بولايكى تەندە جانىم يوق مېنىڭ.

ئانىلىق باغرىڭدا ئۆمرۈم پەيزىنى سۈرمەك بەخت،
شۇڭا سەندەك چىن ۋاپادار غەمگۇزارىم يوق مېنىڭ.

شاتلىقىم پۈتمەس بۇلاقتەك ئاقىدۇ ئۇركەش ياساپ،
ئانىجان ــ جۇڭخۇا ئېلىمدەك ئىپتىخارىم يوق مېنىڭ.

## دۇتار

ئۇرۇلسا بارمىقىم تارغا جاراڭلىق سايرىغان دۇتار،
بولۇپ ناخشامغا جۆر ـ تەڭكەش ناۋاسى ياڭرىغان دۇتار.

گۈزەل سەنئەت بېغىدا گۈل ئېچىلدۇرماق ئىدى پەيزىڭ،
بىراق، ئۇن يىل بولۇپ ۋەيران، سۇرەلمىدىڭ زابان، دۇتار.

ئۇلۇغ كومپارتىيەم قايتا ساڭا ياڭراق سادا بەرگەچ،
ۋەتەن شان ـ شەرىپىن كۈيلەپ تىنىممۇ تاپمىغان دۇتار.

ئەزەلدىن كۈيچىسى ئەلنىڭ، شۇڭا ھەر ياندا نامىڭ بار،
دىلى بوستان قىزىۋ ـ ئوغلان كۈيىگە زەپ راۋان دۇتار.

سۆيەر دىلىدىن سىنى گۈليار بىلىپ ئاشىق ئىجاتكارلار.
كوڭۈلنى مەھلىيا قىلدىڭ رىزا سەندىن زامان دۇتار.

ۋەتەننى كۈيلىگەن ناخشا ـ ئۇسۇل، سەنسىز بىجا بولماس،
مۇقام ـ مەرغۇل، سۇزۇك نەغمەڭ جاھانغا ئەڭ ئايان دۇتار.

كوڭۈلنىڭ رىشتىدىن پۈتكەن ئەمەسمۇ سەندىكى بىزەك،
سىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىڭغا ۋەتەن ـ ئەل ئاشىيان دۇتار.

## ئەيلەي

ئۇلۇغ ئەجداتلاردىن قالغان ئەدەپ ـ ئەخلاقنى يار ئەيلەي،
ئىلىم ـ پەننى پۈكۈپ دىلغا گوھەر يەڭلىغ تۇمار ئەيلەي.

قۇتۇرغان چاغدا جۇت ـ ئاپەت، خازان قىلغان ئىدى باغنى،
قۇياشلىق نەۋ باھار كەلدى، بىغىمنى لالىزار ئەيلەي.

قىزىپ تاغلارنى پەرھاتتەك، كېزىپ سەھرايى ـ چوللەرنى،
ئىلىم بۇلاغىدىن كەۋسەر ئىچىشنى ئىنتىزار ئەيلەي.

يۇسۇپ، مەخمۇد، ئامانىسا، نىزارى ··· دەك قىلىپمېھنەت،
بىلىمنىڭ ئىشقىدا قان-تەر توكۇپ جاننى نىسار ئەيلەي.

كەمەردە باغلىدىم بەلنى، قۇرۇشچۇن تۇتتە گۈل باغنى،
مەگەركى ئارتقا يانسام مەن ئۆزۈمنى شەرمسار ئەيلەي.

## ناخشىچى قىزغا

تەبەسسۇم بىرلەئەي قەشقەر قىزى ساچىڭنى سەن ئويناپ،
يېقىملىق ناخشىلار ئېيتتىڭ گويا بۇلبۇل كەبى سايراپ.

كوزۇم پەيكانىسى شۇدەم تىكىلدى سەن تامان جانان،
يۈرەكنىڭ تارىنى چەكتىڭ ، باھارىم تويىنى تويلاپ.

«يارىم كىملۇر» ۋە «بوز يورغا» لڭ··· دىلىمنى ئەيلىدى مەپتۇن،
شۇ ناز جىلۋەڭگە چاتتىممەن كوڭۈل رىشتىمنى چىڭ باغلاپ.

ئۇزۇلمەس گۈلدۇراس ئالقىش ـ سادالار ياڭرىدى ھەر يان،
توكۇلدى لەۋلىرىڭدىن گۈل ـ چېچەك ، كۈلدى دىلىم يايراپ.

سىنىڭ ناخشاڭغا زەپ خۇشتار ئىدىم ، قەلبىمگە ئوت سالدىڭ،
بۇگۈن تەشنالىغىم قاندى ، سىنى كورگەندە ئاززۇلاپ!

# دوستلۇق تەزمىنلىرى☆

ئابدۇكېرىم مەخسۇت (بۇلبۇل)

يېزىپ تەزمىن، غەزەلخانلار سالام بەردىم ئۇزاقتىن مەن،
ئانا قەشقەر ۋىسالىغا يېتىشمەك ئوت پىراقتىن مەن.

1

"ئانارلىق باغدا سايرايدۇ كۆلۈپ كاككۇك باھار بولغاچ"①
لىۋىمدىن كۈلكە ئوخچۇيدۇ يېنىمدا گۈلئۇزار بولغاچ.
ھاياتنىڭ لەززىتى بىرلە ئەجەپمۇ يايرىدى جىسمىم،
توكۇپ مەشۇت تالالىق نۇر ، چىرايلىق تاڭ ناھار بولغاچ.
كۆزۈم ئاتەشىدىن مەلۇم ، باھار پەسلىگە ئاشىقلىق،
دىلىم ئاتەشىگە ھەر كۈن سەنەمدەك ئىنتىزار بولغاچ.
باھار ئەييامى مەي تۇتسا چېچەكلەر جامىدا ھەر تاڭ،
بولارمەن پەيزىگە ھەمدەم ۋىسالىغا دىل خۇمار بولغاچ.
باھارنىڭ جىسمىدىن ياغسا ئانا تۇپراققا دۇر - يامغۇر،
ئاقار ئىشقىم بۇلاغى شوخ ئاڭا ھەمدەمۇ - يار بولغاچ.
ئىسىل نەزمە چىمەنىدىن تىزار تەزمىن بۇگۈن بۇلبۇل،
غەزەلخانلار كەبى جىسمى قۇياش پارچىسى نار② بولغاچ.

2

"قولۇم كوكسۇمدە ھەر سۇبھى ساڭا دەيمەن سالام ھېيتكا»!③
سېنى كورمەك ئۈچۈن تەشنا بالاڭدىن ئېھتىرام ھېيتكا .
مەگەر بارسام قۇچاغىڭغا پىشانەمدىن سۆيەر بولساڭ ،
مېھىر - شەپقەت ساماسىدا ئۇچارمەن شات ئانام ھېيتكا.
كوزۇمگە تۇتىيا ئەيلەپ مەگەر سۈيسەم توپاڭنى مەن ،
كوزۇم ئاتەش قۇياش بولغاي توكۇلگەي نۇر تارام ھېيتكا .
سېنىڭ ھەر بىر خىشىڭ سوزلەر ماڭا قۇتلۇق نەسەپنامە ،
سېنىڭ بىرلە ئۈزۈلمەستىن نەسەپ قىلغاي داۋام ھېيتكا.

---

☆ تەزمىن - ئۇستازلار غەزەلىنىڭ بىرمىسرا، بىر بېيىتىنى ئېلىپ شۇ ۋەزىنىدە شېئىر يېزىش شەرق ئەدەبىياتىدا تەزمىن دېيىلىدۇ.
① شائىر قۇربان ئىمىننىڭ «قەشقەردە باھار» غەزىلىدىن ئېلىنغان.
② نار - ئوت.
③ شائىر مەمتىلى زوردۇننىڭ « سالام ھېيتكا» دىگەن غەزىلىدىن ئېلىنغان .

تۇتار بولساڭ كۆلۈپ تاڭدا ئانار شەربىتىگە لىق جام ،
تېنىم يايراپ تېپىپ دەرمان ئالار قەلبىم ئارام ھېيتىكا .
راۋاپىنىڭ تارىغا تاشۋاي ئۇرار بولسا مەگەر زەخمەك،
ۋۇجۇدۇمدىن ئاقار نەزمە بولۇپ شېرىن كالام ھېيتكا .
نىمە ئاپپاق غوجا دېگەن ①، بۈگۈن بۇلبۇل غەزەلخانىغا ،
قۇچاغىمىزدا قىلار خەندە كۆيى بولماس تامام ھېيتكا .

## 3

"ئەقىل تاپقاي كىشى دائىم ئىلىمنى دىلغا جا قىلىسا"، ②
بىلىم يولىغا مەھمۇدتەك③ ئېزىز جاننى پىدا قىلسا .
بىلىمدانىنىڭ مازار-قەبرى خەلقنىڭ قەلبىدە بولغاي ،
ئېمەر بولسا بىلىمدىن سۈت ، بىلىمنى گەر ئانا قىلسا.
ھاياتنىڭ قەدىمى ئۇچقۇر ئۇچار يۇلتۇز سىمان جىسمى ،
ياشار ئەجرى قۇياش يەڭلىغ جاپا چەكسە ، رىيا قىلسا .
كوڭۈل رۇشەنلىگى بولماي كوزۇگىنىڭ قارچۇغى نۇرسىز ،
بىلىمنىڭ ئىشقىدىن دىلنى مەگەركى كىم ئادا قىلسا .
بىلىم قامچىسى ئالدىدا سۇلايمان تەختى بىر ياماق ،
غەنىلەر ئەھلى سودىدا مىتالنى ④ پول باھا قىلسا .
بىلىم ئىشقى بىلەن بۇلبۇل بىلىم باغىدا ئاشىيان تۇز،
ۋەتەن-ئەل زوق بىلەن تىڭلار بىلىمدىن تىل ناۋا قىلسا .

## 4

"ۋاپا بىرلە مۇرات تاپقان كوڭۈلدەك جانىجان بولماس "⑤
مۇراتقا جان ئاتا قىلغان كوڭۈلدەك ھورماكان بولماس .
مۇراتنىڭ يېلتىزى ئارزۇ ، ئارزۇسىز مۇرات نەدە،
ئۇمىتنىڭ يۇلتۇزى كۆلسە كوڭۈلدەك ئاسمان بولماس .
ئۇمىتكە گەر قانات پۈتمەي ئەقىل بىرلە پاراسەتتىن ،
كوڭۈلنى مەھلىيا ئەيلەر قۇياشلىق نۇر جاھان بولماس .
كوڭۈل ئىشقى بىلەن ئىنسان ياراتقاي مۆجىزە ئەلدە ،
كوڭۈلنىڭ بولمىسا ئىشقى ھاياتلىق شادىمان بولماس.

---

① بۇ يەردە — ئاپپاق غوجا ئامازغا تۇرغاندا بۇلبۇل سايرىغان ئىكەن، ئۇ غەزەپ بىلەن ««بەس!»» دېگەچكە، قەشقەردە بۇلبۇل سايرىمايدىغان بولغان، دېگەن رىۋايەتكە ئىشارە قىلىنغان .

② بۇ مىسرا جېلىلىنىڭ « تارىم » ژورنىلى 1982- يىلى 1 - سانىدا بېرىلگەن 3 - غەزىلىدىن ئېلىنغان.

③ مەھمۇد قەشقەرى

④ ئالتۇن مەنىسىدە .

⑤ بۇ مىسرا شائىر مىرزا ھەمدى كېرىمنىڭ «كوڭۈل» دېگەن غەزىلىدىن ئېلىنغان .

كوڭۈلنىڭ مۈلكىدە ياتقان ئىسىل دورنى چېچىپ ئۆتكەن ـ
كىشىدەك ئەل ئاراسىدا نامى پور جاھان بولماس .
كوڭۈلدۈر بېغۇبار ئەيىنەك تېگەركەن ئاڭا زەررە داغ ،
پۇشايماندىن خازان پەساى قىزتۇلماغلىق ئاسان بولماس .
كوڭۈلگە بۈلبۈلى زىنھار ، نادانلىق بولمىغاي دىلدار ،
كوڭۈلگە بىل ئىلىم ـ پەندەك ۋاپادار مەرت ياران بولماس .

5

"ئاچىلۇر خۇشبۇي چېچىپ بىر مەررە ھەر يىلدا چېچەك"①
تەرىپى داستان بولۇر ھەر كوڭۈل تىلدا چېچەك .
سۆيگۈ ۋەسلى جامىدىن مەي تۇتار ئىنسانغا ئۇ ،
بوي سوزۇپ تاغ باغرىدا قىر ـ ئىدىر غولدا چېچەك .
ھەر كوڭۈلنىڭ تەكتىدە ئويغۇتار سۆيگۈ ئوتى ،
نازلىنىپ بەل تولغۇشۇپ ئوڭدا ھەم سولدا چېچەك .
تولدۇرۇپ ئىپار بىلەن بۇ ئىسىل يۇرت باغرىنى ،
شوخ لۇتىف ئەيلەر ھامان باغ توكۇل يولدا چېچەك .
گۈلباھار يايدى ئېتەك بۇ ئانا تۇپراققا شات ،
قىز ـ جۇگانلار قولىدا ، ھەر قاداق قولدا چېچەك .
بۈلبۈلى تاپتى ۋىسال ھەر چېچەك بەرگىدە شات ،
كەتمىسۇ پەسلى باھار سولمىغاي دىلدا چېچەك .

6

"سۆيۈملۈك دوستلۇرۇمغا چىن يۈرەك ـ قەلبىم ئايان بولسا"②
ۋاپادار مەرت چاكار بولسام ئۇلار شاھى جاھان بولسا .
مەگەر دوستلار ۋۇجۇدىدا كەمەيسە زەررىچە دەرمان ،
تومۇرىغا قېنىم ئاقسا جېنىم تېنىگە جان بولسا .
پىشانەم ئۈنچىسى بىرلە ئانارنىڭ شەربىتى پۈتسە ،
بۇرادەرلەر ئۈچۈن مېھرىم بالۇ ـ كەۋسەر قىيان بولسا .
جاپالىق يول يۈرەر بولسا توزۇپ ئىقبالغا زور كارۋان ،
كاتاڭلارغا تىمنار بولسام ماڭار يولى راۋان بولسا .
تومۇز ئاپتىۋىدا تېنى بولاركەن بىئارام زەررە ،
نەپەسىم تاغ شامالىدەك يېنىمدا ھەر قاچان بولسا .

---

① بۇ مىسرا شائىر ھاجى گەھمەتنىڭ «چېچەك» ناملىق غەزىلىدىن ئېلىنغان .
② بۇ مىسرا شائىرە دىلبەر قېيۇمنىڭ « ئارزۇ » ناملىق غەزىلىدىن ئېلىنغان .

ۋاپادارلىق بىلەن بۇلبۇلمۇ دوستلارغا بىرىپ تازىم،
ئاياغىدا قىلاي خىزمەت ئەگەر باشىم ئامان بولسا.

7

" بىجىرىم تەنگە گويا چۈشكەن جاراھەتتۇر تاما " ①
چوپ گىيا ياپراغىغا چۈشكەن ھاشاراتتۇر تاما.
بىل خوشامەت ياردۇ-ئاغا ، گۈل پەسلىمۇ ھەم قار ئاغا.
ئەل-ۋەتەن باشىدىكى زەنجىر ئاسارەتتۇر تاما.
يارىنى ئالتۇنغا ساتسا،ئانىغا خەنجەر سالۇر ،
يارۇ - ئۇلپەت ئومرىگە نەشتەر، خىيانەتتۇر تاما.
كىشىنى كور ئەيلىگەي نامۇسنى بۇلغاپ نەپ بىلەن،
بىل نادانلار قەلبىگە سۇلتان - جاھالەتتۇر تاما.
بۇلبۇلى بولساڭ نەپەس ئۇلپەت تامابىرلە مەگەر ،
كومگۇسى نەپرەتكە ئەل،ئوچمەس ئاھانەتتۇر تاما.

8

" ئەھدىگە قىلغان ۋاپا جانانىنى مەن دىلدار ئېتەي " ②
سەجدىگاھ قىپ ئىزلىرىنى بىر ئومۇر گۈلزار ئېتەي.
چىن ۋاپادارلىق ئىشقىنىڭ تاجى - تەختى ، دەۋلىتى ،
مەن ۋاپا ئەھلىگە كوڭلۇم ئويىنى نۇردار ئېتەي.
بىل نادان بىلمەس ۋاپانىڭ ئاشىققا قىممەت-قەدرىنى،
مەن ۋاپا قەدرىنى تىلدا توگمەس ئەشئار ئېتەي.
يار پەزىلەت تەختىدە سۇلتان بولۇپ كۈلسە مۇدام،
مەن قەلەندەردەك ئاغا يۈرۈگۈم ئىزھار ئېتەي.
يار لاتاپەت ئىلكىدە بىر قىيا باقسا ماڭا،
مەن ۋاپانىڭ بىغىدا كوڭلۇم سىرىنى ئاشكار ئېتەي.
بۇلبۇلى قىلغىن تاۋاپ سەن شۇ ۋاپا بوستانىنى،
ئورگۈلۈپ غېرىپ - سەنەمنى باغ ئارا گۈلكار ئېتەي.

9

" گۈل چىچەكى گۈل دەپ كىرىپ كوردۇم سىنى گۈلشەن ئارا " ③
سەن قىيا باقتىڭ كۈلۈپ ياندى گۈلخان تەن ئارا.

---

① بۇ مىسرا شائىر ۋاھىتجان غوپۇرنىڭ « تىارىم» ژورنىلى 1982 - يىل 5 - سانىدىكى 3 - غەزىلىدىن ئېلىنغان.
② بۇ مىسرا شائىرە مۇكەررەم ئەبەيدۇللانىڭ « تەسىراتىم » غەزىلىدىن ئېلىندى .
③ بۇ مىسرا ئەسقەر ھۇسەيىننىڭ « باھار نەزمىلىرى » تېمىدىكى غەزەللىرىنىڭ 4 - سىدىن ئېلىنغان .

ماگلىيالىق ئاسمانىدا مىلقتۇمەن يۇلتۇز كۆلۈپ ،
بەردى باغ ھوسنىگە رەڭ تاڭ نۇرى رۇشەن ئارا.
مەن ئېلىپ كەتمەننى تېز ئىشتا ياندا شتىم شۇئان،
نۇر بولۇپ دىل رىشتەسى باغدا مەنۇ ـ سەن ئارا.
سەن دىدىڭ : ئەمگەك بىلەن چۆللەرمۇ گۈلگە پۈركىنەر،
مەن دىدىم : شېرىن كالامىڭ سالدى مېنى گۈلـقەن ئارا.
سەن دىدىڭ:گۈل ۋەسلىگە يەتمەك قىيىن ، مۈشكۈل بىلىڭ،
مەن دىدىم:تۈزگەن شۇڭا بۈلبۈل ئۇڭا تىكەن ئارا.
سەن دىدىڭ : سۆيگۈ بىلەن ئىلمۇ ـ ئىرفان قوش گېزەك،
مەن دىدىم : ئەجرىم بىلەن ياشناي ئىلىم ھەم پەن ئارا.
گۈل چېچەكى گۈلبەرگىدە باغلاندى كوڭۇل رىشتىمىز،
قويمىغىل بۈلبۈلنى ئارغا سۆيـگۈدە دۈشمەن ئارا.

☆ ★ ☆

قولۇم كوكـۇمدە سۇندۇممەن ئېزىز دوستلارغا كۆي جامى،
توكەر شەربەت ئانار شاختا ئاراسىدا بولۇر خامى.
ئەپۇ ئەيار چىمەنلەرگە ياراشماي قالسا بۇ غۇنچە،
جاپالىق ئەمگەكى بىرلە يېتەر ۋايىغا ھەر كامى.
يۈرەگىدە نىچۇك ئارمان قالۇر بۇلـبۇل ھاياتىدا،
ياشار بولسا غەزەلخانلار كۆيى يەڭىلىغ ئۇنىڭ نامى.

1983 ـ يىلى مارت ، غۇلجا.



# ئىككى نەسر

ئابدىرىشىت سەلەي

## كاككۇك

مەن كاككۇك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغۇنۇپ كەتتىم. كىيىنىپ سىرتقا چىققىنىمدا ئەتراپ جىمجىت، پەقەت كاككۇكنىڭ يېقىملىق ئۈنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، كاككۇك ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. كاككۇك ئاۋازى ئۆستەڭ بويىدىكى يوغان بىر قاپاق تېرەك ئۈستىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كاككۇكنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ شوخ، ئاجايىپ يېقىملىق، ئاجايىپ ئوچۇق بولۇپ، مەيىن سوققان تاڭ شامىلىدا ئۇزاق - ئۇزاقلارغا تارقىلىپ، يىراقتىكى ئورمانزارلىققا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كېتەتتى. كاككۇك ئاۋازى تاڭ پەيزىگە شەيدا يۈرەكلەرگە شائىرانە لېرىك تۇيغۇ ئاتا قىلسا، سەھەر مەنزىرىسىگە تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلايتتى. سۈبھى قۇچاغىدا ھاياتقا كۆز ئاچقان رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر، يېشىل مايسىلار، ئۆستەڭ بويىدىكى قاتار كەتكەن كۈمۈش چېچەكلىك ئاكاتسىيە دەرەخلىرى كاككۇك ئاۋازىدىن سېھىرلەنگەن باشلىرىنى قىيا ئىگىپ، ئۇنىڭ مۇڭلۇق كۈيىگە ئاشىقانە قۇلاق سالاتتى. سەھەر مەنزىرىسىنىڭ رەڭدار كۆركىنى چىرايلىق ئەكس ئېتىپ سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۇلىرى كاككۇك ئاۋازى ئاڭلانغاندا، گويا ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ئۇن قاتقاندەك پات - پات شاۋقۇن سېلىپ قوياتتى.

مەن ئالتۇن سەھەرنىڭ خىسلەتلىك ئەلچىسى خۇشئاۋاز كاككۇكنىڭ يېقىملىق كۈيىگە شائىرانە قۇلاق سېلىپ، چوڭقۇر خىيالغا چوكتۇم. خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خىياللار ئىلكىدىن بېشىمنى كۆتىرىپ، كاككۇكنىڭ ئۆزىنى كۆرۈش ئىستىكىدە قاپاق تېرەككە نەزەر سالدىم، لېكىن ھەرقانچە قارىساممۇ ئۇنى كۆرەلمىدىم.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. باھار ئۆزىنىڭ رەڭدار چېچەكلىك گۈل پايانداز ىنى ئالەمگە يايغان گۈزەل ئاپرېل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تاڭ پەيزىگە چۆمۈلۈپ ئۆستەڭ بويلاپ كېتىپ باراتتىم. تۇيۇقسىز كاككۇك ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن يولۇمدىن توختاپ ئەتراپقا سەپ سالدىم. شۇ چاغدا ئالدىمدىكى سىم تاناپ تۈۋرۈكىنىڭ تومۇر چەمبىرىكىنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالغان قۇچقاچتىن يوغانىراق، كەپتەردىن كىچىكرەك بىر قۇشقا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭغا قارىشىمغىلا «كاككۇك! كاككۇك! كاككۇك!» دەپ سايراۋاتمامدۇ ئاھ. بۇ مەن ئۇزۇندىن بۇيان يېقىملىق ئاۋازىنى زوقلىنىپ كۆپ ئاڭلىغان، لېكىن ئۆزىنى كۆرەلمىگەن

كاككۇك ئىدى. مەن ئۇنى كۆرۈپ، گويا ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇقەددەس نەرسىنى كۆرگەندەك ئىچ-ئىچىمدىن شاتلىنىپ ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

ئىھ، كاككۇك! ئۆزى كىچىك، ئۈنى چوڭ كاككۇك! سەن نېمە دېگەن سۆيۈملۈك، نېمە دېگەن يېقىملىق سەن! سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭ مېنى سۆبھىدەمدە ئويغىتىپ، سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالدۇرۇپ، بەختىيار ھاياتقا گۈزەل قۇچاق ئاچقان تاڭ مەنزىرىسىنى سەيلە قىلدۇرۇپ، قانچە-قانچىلىغان يالقۇنلۇق شېئىرلار ئىلھامىنى قەلبىمگە سالمىغان-ھە؟! قانچە - قانچىلىغان ئوتلۇق دىللارنى ئۆزۈڭگە تارتمىغان - ھە! سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭ ھاياتقا، تەبىئەتكە ئاجايىپ زور مەنىۋى كۈچ بېغىشلايدۇ. بۇ سېنىڭ ئىنسانىيەت ئالەمىگە، تەبىئەت دۇنياسىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپەڭ ئەمەسمۇ؟!

مەن كاككۇكنى كۆرمەستىن بۇرۇن، ئۇنىڭ يىراق-يىراقلارغا تارقالغان خۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنى، ئېھتىمال يوغان قۇش بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم. كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئۇنداق يوغان قۇش ئەمەس ئىكەن. ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىنى ئاسانلىقچە كۆرسەتمەيدىكەن. ئاۋازىنى بولسا پۈتكۈل كائىنات ئىلاھى جىمجىتلىققا چۆكۈپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ بېرىلىپ ئاڭلايدىكەن.

مەن كاككۇكنى كۆرۈپ چوڭقۇر شائىرانە ئويغا چۆكتۈم: كىشىلەر مەپتۇن بولىدىغان يېقىملىق نەرسىلەر ھامان ئاددىي كېلىدۇ، ئاددىي نەرسىلەردىن ئۇلۇغ خىسلەت تېپىلىدۇ. ئۇنداق ئۇلۇغ خىسلەت كۆپىنچە يوشۇرۇن بولۇپ، ئاسانلىقچە ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۆزىنى كۆرسەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ پەزىلىتى، يېقىملىق ئاۋازى ئارقىلىق ھاياتقا، تەبىئەتكە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىش- نېمە دېگەن ئالىيجاناب ئېسىل خىسلەت- ھە!

## شام

چارچىغان قۇياشنىڭ كۆزى قىزىرىپ، قارلىق تاغقا باش قويدى. غەرب ئۇپۇقىنى چوغدەك تاۋلىنىپ، بۇلۇتلارغا قىزغۇچ ھەل بەردى. چېچەكلىك باغلار، تېرەكلىك يوللار، زۇمرەت دەريالار كەچكى شەپەق قىزىللىقىدا ئوتقاشتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

ئادىتىم بويىچە كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۆستەڭ بويىنى بىر ئاز ئايلاندىم، بارا-بارا ئەتراپقا گۇگۇم چۈشۈپ، تۈن قارا پەردىسىنى ئالەمگە يايدى.

مەن ئۆيگە كىرىپ سەرەڭگە ياقتىم. دە ، شامنى يورۇتتۇم. يىگىرمە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، قويۇق يېغىدەك ئاپپاق، قاش تېشىدەك سۈزۈك شام نۇر چېچىپ كۆيۈشكە باشلىدى. مەن شائىرانە خىيال ئىلكىدە جۆلالىنىپ يېنىۋاتقان شامغا تىكىلىپ چوڭقۇر ئويغا چۆكتۈم. . .

ئىھ، شام! سەن نېمە دېگەن ئېسىل خىسلەتلىك مەشئەلسەن! سېنىڭ يورۇقىڭدا قانچىلىغان پەن ئالىملىرى تۈنلەرنى بىدار ئۆتكۈزۈپ ۋەتەن ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن، كەلگۈسى ياش ئەۋلادلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تەپەككۇر دېڭىزىدىن گۆھەر سۈزۈپ نى-نى ئۇلۇغ كەشپىياتلارنى

(ئاخىرى 59- بەتتە)



# ئېچىنىش

(ھېكايە)

تۇرسۇنئاي يۇنۇس

،،مەندىن ياخشىنى تاپسالڭ،
ئۇنتۇپ قالارسەن.
مەندىن ياماننى تاپسالڭ،
ئەسكە ئالارسەن.،،

باش باھار كۈنلىرى ، مەن كەڭرى كەتكەن ئاسفالتلىق يولدا خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتاتتىم ، ئۆزۈن ھوكۈم سۈرگەن قىش ئايلىرىدىن زېرىككەن قەلبىم ئۈچۈن ئارام بېغىشلىغان باھارنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن تويماي نەپەس ئېلىپ كېتىۋاتقان بولسامۇ،كوڭلۈمدە تۈگىمەس - پۈتمەس خىياللار بىر - بىرىگە خۇددى زەنجىردەك ئۇلىنىپ،كىنو كارتىنىسىدەك كورۈنۈپ ، يوقاپ تۇراتتى.

رەمەتلىك يولدۇشۇم كېسەلى ئېغىرلاشقان كۈنلەردە مەندىن ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا پەرىشانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ قاراپ ياتاتتى . ئۇ قولۇمنى قويۇپ بەرمەستىن ئۆزىگە ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ،پىشانىلىرىدىن تارتىپ ئىڭەكلىرىگىچە سەپ - سېلىپ،خۇددى ھەر بىر سىزىقلارغىچە قاراپ كەتتى ، مەن بېشىمنى كوتۈرۈپ ئۇنىڭ كېسەل ئازاۋىدىن نۇرسىزلانغان، ھاياتقا تويماستىن تەلمۈرىۋاتقان كوزىدىن ئۇرغۇپ چىققان ياشنىڭ مەڭزىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىغىنى كوردۈم، ئۇ ئېقىۋاتقان ياشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن ماڭا تېخىمۇ بەكرەك تىكىلەتتى.

ھايات شامى ئاجىز جىن چىراقتەك پىلدىرلاپ قالغان يولدۇشۇمغا قاراپ،ئۆزەمنى تۇتەۋالالماستىن يىغلىۋەتتىم ، ئۇ پەقەت ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق قايغۇداچىقمىدىغان پىغانلىق يىغا ئىدى. راس ئەمەسمۇ ، بىر شاختا ئېچىلغان بىر جۈپ غۇنچىدەك ئوتتۇۋاتقان بەختىيار كۈنلىرىمىزدە، ھىجران ئازازىدىن ئارتۇق قايغۇ بارمۇ ؟ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئەلەم ، نەقەدەر ئېچىنىشلىق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىكەنمەن. ئۇنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرى قىمىرلاپ شۇنچىكى پەس ئاۋازدا:

— سىزدىن ، بالامدىن ئايرىلىش ئەجەپمۇ تەس كېلىۋاتىدۇ ، ھاياتنىڭ بۇنچىلىك تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن چاغلىرىمدا ھاياتتىن ئايرىلىش نەقەدەر قىيىن-ھە! ئىلاجىم قانچە، پىشانەمگە شۇنداق يېزىلغان بولسا كېرەك ، سىزگە ۋەسىيىتىم ، ھەر باھاردا گۈل - گىيا -

لار ئېچىلغاندا بىر قېتىم مىنى يوقلاپ چىقىڭ، بالىنى سىزگە...-دىدى - دە، كوزلىرىنى مەڭگۈگە يۇمدى.

ئۇنىڭ ئاخىرقى تىنىقىدا پىچىرلىغان سوزلىرى قۇلىقىم تۇۋىدە قايتا جاراڭلىدى ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشقاندا، ئۇنىڭغا چىدىيالماستىن، يۇگۇرگەن پېتى تاشقىرىغا چىقىپ، سوغ شامالدا ئۇزۇنغىچە يىغلىغان ھەم كېچە قوينىدا دات - پەريات چەككەن ئىدىم.

شۇ يىللاردىن بىرى ئۇنىڭ قەۋرىسىنى تاشلىماي يوقلاپ تۇرغان بولسامۇ، يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ روھى قورۇنمىسۇن دەپ قەۋرە يوقلاپ چىقالمىغان ئىدىم . بۇگۇن يەنە تۇگمەس خىياللار بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقىلى كېتىۋاتىمەن.

ھازىر قەۋرىستانلىقتا قارلار ئېرىپ ، جان-جانىۋارلار ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇ كەپتەرلەرنىڭ ئۇنلەشلىرىنى ئاڭلاپ، مىنىڭمۇ كېلىشىمنى كۇتىۋاتقانمىدۇ؟ مەن بۇگۇنسەن بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سىردىشىمەن ، دىگەن ئويلار مىنى بەنت قىلاتتى.

يېنىمدىلا مېنى چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى .

مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، يان كوچىدىن ماڭا قاراپ كۇلۇمسىرەپ كېلىۋاتقان ئىگىز بويلۇق ، خام سىمىز ، كالتە جۇۋا كەيىۋالغان بىر كىشىنى كورۇپ تۇرۇپ قالدىم . ئۇ كىشى مېنىڭ يېنىمغا يېقىن كەلگەندىلا ئاندىن مەن ئۇنى تونۇدۇم.

— هوي ئىسمەتقوسەن ، قانداق ئاداش ئەھۋالىڭ ؟ نەگە كېتىۋاتىسەن. يائاللا، سېنى بۇ يەردە بۇنداق تۇيۇقسىز ئۇچرۇتۇپ قالارمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ، خوش قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟

ئۇ خۇددى نودىن سۇ قۇيغاندەك سوزنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇزمەي سوزلىگەچكە، مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇمسىرەپ، ئۇنىڭ سېمىز ئالقانلىرىنى چىڭ قىسماقتا ئىدىم ۋە ئىز نوۋىتىدە:

— ياخشى ، ئوزەڭچۇ ، ئۇزۇن يىل بولغان كورۇشمىگەلى، بۇگۇن ئوبدانلا ئۇچرۇشۇپ قالدۇق. سېنى نەدىن سورايمىز؟

— مەن سىلەردىن ئايرىلىپ يىراققا كەتكەن ئەمەسمىدىم،- دىدى ئۇ ماڭا قاراپ خوشلۇقتىن كۇلۇپ تۇرۇپ،- مەكتەپ پۇتتۇرگەندىن كىيىن سېنى زادىلا كورەلمىگەن ئىدىم ، ئوزەڭ ئوبدان تۇرۇپسەن؟

— شۇكرى،- دىدىم باش لىڭشىتىپ،- خوش ئوزەڭ بۇ ياققا بىرەر خىزمەت بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟

— ھەئە، ئىش - كۇشلەرمۇ تۇگەپ قالدى، مەن بىلەن ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتدىشىمنىڭ دادىسى بۇلتۇر مۇشۇ شەھەرگە چىقىپ قازا قىلىپ كەتكەن ئىدى . مەن بۇ ياققا مېڭىشتا ئۇ قەۋرىنى يوقلىغاچ، قەۋرە قاتۇرۇپ كېلىشىمنى بەكمۇ تاپىلىغان ئىدى ، ئەتە كېتىش ئالدىدا پۇتكەن قەۋرىنى كوزۇم بىلەن كورۇپ كېتەي، دەپ قەۋرىستانلىققا مېڭىشىم.

— ناھايىتى ئوبدان قىپسەن ، يولىمىز بىر كەن.

— سېنىڭ…

ئۇ ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— مەن،.. دىدىم ئېغىر خورسىنىپ،.. ئايالىمنىڭ تۇپراق بېشىغا مېڭىشىم.

— نىمە؟ .. دىدى دوستۇم ھەيران بولۇپ،- مۇنداق دە، قاچان توي قىلىشۋىدىڭ ، بۇ ئىش قاچان بولدى ؟ - دەپ سورىدى دوستۇم كوڭلۇمنى ئاياپ قاچان ئولۇپ كەتتى دىمەستىن.

مەن تۇرمۇش كۇنلىرىمنى ئەسكە ئېلىۋاتقاندەك، بىر دەم جىمىپ كەتتىم،كىيىن دوستۇم

بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭدىم.

ــ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئاز ئۆتمەي
بىر سېختا ئىشلەيدىغان بىر قىز بىلەن توي
قىلدىم ، ئۇ ئادەتتىكى بىر قىز بولسىمۇ،مىجە-
زى بەك ياخشى ، ئىچى خۇددى نۇرلۇق گو -
ھەردەك يورۇق ، ئۆچمەس تاۋاردەك بىر ئە -
سىل ئىنسان ئىدى ، ئۇنىڭ ئوبدانلىقى ، بو-
لۇپمۇ كۈندەك ئېچىلىپ يۇرۇشى مېنى بەكمۇ
بەختلىك قىلغاندەك ئىدى ، ئۆزەڭمۇ بىلسەن
مېنىڭ مىجەزىم تەرسا ، ئاچچىقىم يامان بول -
غاچقا، ئۇنىڭسىزمۇ ناھايىتى تەس بولاتتى.

ــ راس،ــ دېدى دوستۇم گەپ ئارىلاپ ،ــ
سېنىڭ مىجەزىڭ ئىتتىك ، ئاچچىقىڭ .ولىشىغا
قارىماي قىزلار ساڭا يېپىشىۋالدى، چۈنكى سەن
بەكمۇ ئاق كوڭۇل ، ئوغۇل بالىدەك غۇرۇرۇڭ
بار ئەمەسمۇ ، كەچۈرسەن، گەپ ئارىلىتىپ
كەتتىم ، قېنى تۇرمۇشۇڭدىن ئاڭلاي .

ــ مەن ساڭا ئىككى كىچىك ئىشنى دەپبەر-
سەملا كۇپايە ـ توي قىلىۋالدىم ، بىراق مىجە-
زىم شۇنداقلا، چۈنكى ئادەتتە كەم سوز، يۇۋاش
كورىنەتتىم. تويدىن كېيىن ھاۋا ئوچۇق كۈن -
لەردە بوران چىقىپ، چاقماق چاقتاندەك،گايى
مىجەزلىرىم ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئىككىمىز چاي ئىچمەكچى بولۇپ
يەردىكى ئۈچ پۇتلۇق بەندىڭگە ئولتارماقچى
بولدۇم، بەندىڭ ئورۇلۇپ كېتىپ، پۈتۈم چاي -
دانغا تېگىپ كەتتى ـ دە ، چايداننىڭ شىشىسى
چېقىلىپ كەتتى.

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ،چايداننىھوي-
لىغا چورىۋېتىپ ، كىچىك بەندىڭنى كەكە بى-
لەن چاناپ،پارچىلاپ،پىلتىدە گۇرۇلدەپ كوي-
ۋاتقان ئوتقا تاشلىدىم. يولدۇشۇم بۇنىڭغا
ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدى . كېيىن ناھايى-
تىمۇ پەس ئاۋازدا:

ــ توۋا ، نىمە قىلىۋاتىسىز ؟ ـ دېدى يىغ-
لامسىراپ ، مەن كويۇۋاتقان ئوتقا قاراپ تۇ-
رۇپ بىردىنلا ئاچچىقىم يېنىپ قالغاندەك بو-
لۇپ قالدىم ۋە ئۇنىڭغا گويا ھىچ ئىش بول -
مىغاندەك:

ــ ھىچ ئىش بولغىنى يوق، شۇ ئۈچ پۇت -
لۇق بەندىڭ بولمىغان بولسا،چايدان چېقىلما -
ماستى، ـ دېدىم .. دە، چوڭ كورۇشكىغا چاي
دەملىدىم ، يولدۇشۇم چاي ئىچمەستىنلا ئىشقا
كېتىپ قالدى.

ــ توختا ، توختا ، ـ دېدى دوستۇم مېنىڭ
قولۇمنى خۇددى بالىلارچە تۇتۇپ ، بۇنىدىن -
سەك ھىلىقى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان
چېغىمىزدىكى دوگلۇتۇپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق-
نىڭ ۋەقەسى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ ، شۇ ۋاقتىدا
مەن ئۇنى ئېلىۋېلىپ ئىككى ئايلىنىپ كېلىپ،
ساڭا بەرسەم سەن ئالدىراشلىقتا ئۇنى دوگىلە -
لىتىپ ئوينايمەن دىسەڭ بۇزۇلۇپ قالسا ئۇنى
دەسسەپ ـ دەسسەپ سۇندۇرۋەتكەن ئىدىڭ ،
ھازىرغىچە ئەسلەيمەن.

ــ شۇنداق ئىش، ـ دېدىم تەستەقلاپ،ــ بىر
كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بازارغا چىقماقچى بولۇپ،
ئۆزەڭ بىلىدىغان ھىلىقى پۇل قاپچۇغىدىن بى-
لەت ، پۇل ئالماقچى بولدۇم.

ــ ئاداش، ھېلىقى سەككىز قاپچۇقلۇق قارا
خىروم قاپچۇق ھىلىمۇ بارمۇ؟

ــ خېلى ئۇزۇنغىچە بار ئىدى . ئۇنى ئىز-
دەپ تاپالماستىن تام شكاۋىدىكى بارلىق كە -
تاپلارنى كارۋاتقا ، يەرگە تاشلاشقا باشلىدىم،
ئادەتتە شكاپتا كىتاپنىڭ ئۈستىدىلا تۇرىدى -
غان بۇ قاپچۇقنىڭ كىتاپلارنىڭ ئارقىسىغا چۈ-
شۈپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلمىغان ئىدىم. كە -
تاپلارنى پۈتۈنلەي يەرگە تاشلاپ،ئۆي خۇددى
ئاختۇرۇلغاندەك بولغاندا، ئاخىرى قاپچۇقنى
تاپتىم.

ــ خوشال بولغانسەن؟

— خوشال بولامدىمەن ، قاپچۇقنى غەزەپ بىلەن يەرگە ۋاقلا قىلىپ ئېتىپ، ئىگىز بەندۈگىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، قاپچۇقنىڭ ئىچىدىكى بىلەتلەرنى .ئېلىۋېلىپ، ئۇنى كوتەرگەن پېتى ئوچاق ئالدىغا باردىم ، يولدۇشۇم يۈگرەپ كېلىپ قولۇمنى تۇتىۋېلىپ:

— نىمە قىلىسىز، قويۇڭا بۇ قاپچۇقتا نىمە گۇنا ، ـ دىدى . مەن نەدە ئۇنىڭ سوزىگە ئۇنايمەن ، ئۇنىڭ قولىنى يېنىككىنە ئىتتىرىۋېتىپ، پورتمالنى پىلتىدىكى ئوتقا تاشلىدىم.

ئويگە ئەسكى تىرىنىڭ سېسىق پۇرىغى يەيىلدى . شۇ ۋاقىتىدىلا ئاچچىغىم ياندى. قارىسام يولدۇشۇم قارا پەلتۇ ئۇستىدىن ياراشتۇرۇپ چىگىۋالغان ئاق گۇللۈك شارپا بىلەن كوز ياشلىرىنى ئەيتىۋېتىپتۇ ، بىردىن يۈرۈكۈم ئېچىشىپ كەتتى ، لېكىن مىجەزىم يول قويمىغاچقا:

— جۇرۇڭ ، ھېچ ئىش بولغىنى يوق، ـ دەپ ئۇنى بازارغا سورۇدۇم، ئاندىن "قورقان بۆرۈن مۇش كوتىرەر" دىگەنىدەك، مەن سىزگە بىر نىمە دىمىسەم، ئۇ پورتمال قانچىلىك نەرسىتى، دەپ خىجىللىق بىلەن ھىجايدىم.

— ھەي جاھىل تەرسا ، ـ دىدى دوستۇم قولۇمغا ئۇرۇپ چاقچاق قىلىپ ـ تېخىغىچە شۇ ئاچچىغىم بېسىلمىدى دىسەڭچۇ ، شۇنداق قىلىپ كىينىچە قانداقراق ئوتتۇڭلا؟ ـ دىدى ماڭا قاراپ كۇلۇپ.

— "ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن" دىگەن ماقال راست، بەكمۇ ياخشى ئېيتىلغان ئىكەن ، تۇرمۇشتا بىر ياخشى ھەمراغا ئىگە بولۇش ھەر كىمگە سىنىپ بولىۋەرمەيدىكەن ، مېنىڭ ئايالىم ماڭا تۇرمۇش، ھايات ئوتكۇزۇش جەھەتتە كوپ يار ـ يولەكتە بولدى. مېنىڭ ئورۇنسىز ئاچچىقلىرىمغا ھەر دائىم شۇ چىرايلىق سوزى ، ئوگمەيدىغان چىرايى بىلەن تەسىر كورسەتتى ، بارا ـ بارا تۇرمۇشىمىز كەنفەتتەك تاتلىق ئوتۇشكە باشلىدى. راستىنى ئېيتسام ئايالىمنى بەكمۇ ياخشى كورۇپ ئايايتىم، لېكىن يەنىلا شۇ بىر مىنوتلۇق ئاچچىق مېنى يەرگە قاراتقاندەك قىلىسىمۇ، ئايالىم مېنىڭ ئاق كوڭۇللۇكۇمگە ھىرىسمەن بولۇپ كەتتى . بارا ـ بارا مېنىڭ ئاچچىغىم كەلگەندە زادىلا رەنجىمەستىن ، ماڭا قاراپ تۇرۇپ سوزلىسە ياكى كوڭۇل ئېيتسا دەرھال ئاچچىغىم يېنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى .

بىر كۇنى بىز خوشال پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ، ماڭا:

— كىشىلەر "يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس ، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر " دىيىشىدىكەن . سىزمۇ ئاچچىغىڭىزنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ كورۇڭ، ئاچچىغىڭىز كەلگەندە ئىچىڭىزدە: بىر ، ئىككى ، ئۇچ ـ دەپ ساناڭ ، ـ دىدى نەسىھەت قىلىپ .

— بۇ گەپكە خېلى قىزارغانىمەن ؟

— نەدىكىنى، ـ دىدىم خىجىل بولۇپ ،ـ ئۇ كۇنى يەنىلا كونا كېسىلىم قوزغالدى . مەن راست مۇشۇنداق تەرسا ، جاھىل ، ئەسكى ، ھەرگىزمۇ باتۇر بولالمايمەن . ـ دىگىنىمچە ئۇنىڭغا چەكچەيمىشتىن سىرت ، ئۇزەمنىڭ كاچاتلىرىمغا نەچچىنى ئۇرىۋەتتىم ، بىچارە يۈگرەپ كېلىپ ئىككى قولۇمنى چىڭ تۇتىۋېلىپ، ماڭا يالۋۇرۇشقا، يىلىنىپ ئەپۇسوراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا ، مولدۇرلەپ تۇرغان كوزلىرىگە قاراپ قەلبىمدىكى زەھەردەك ئاچچىق خۇددى سېرىق قار ئېرىگەندەك ئېرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئىشچان قوللىرىنى چىڭ تۇتىۋېلىپ، قوللىرىدىن سويدۇم، يىلىندىم. ئاخىرىدا:

— كەچۇرۇڭ ، كىشىلەر "تاغ يوتكەلسە يوتكۇلىدۇ ، مىجەز يوتكەلمەيدۇ" دەپ تەمسىل قىلىدىكەن . راستىنى ئېيتسام شۇ بىر مىنۇتلۇق

ئاچچىغىمنى يېڭىشكە كۈچ ، غەيرەت تاپالمە ـ
دىم . مېنىڭ مىجەزىم كىچىكىمدىن تارتىپلا
شۇنداق قىزىققان ، تەرسا ، مەندىن رەنجى ـ
مەڭ ، دىدىم ـ دە ، ئۇنىڭ قۇچىغىغا ئۆزەمنى
تاشلاپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتىم ، بىر ئاق
كۆڭۈل ، يۇۋاش ئايالىمنى رەنجىتكىنىمگە
ئىچ ـ ئىچىمدىن ئوكۇندۇم ، پۇشايمان قىلدىم.
ئۇمۇ خۇددى مېنىڭ ئاچچىغىمدەك تېك تۇرىدى ـ
غان يىرىك چاچلىرىمنى ، مىس رەڭ يۈزۈمدى ـ
كى تىكەندەك يىرىك ساقاللىرىمنى سىلاپ ئولتۇ ـ
رۇپ، مېھرىبانلىق بىلەن ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا
ئاچچىقنىڭ ھاياتقا ، تۇرمۇشقا پايدىسىز ئە ـ
كەنلىگىنى سۆزلىدى ، كېيىن بىز بىر ـ بىرىمىزنى
چۈشەنگەنسېرى بەكمۇ مېھرىبان ، ئىناق بو ـ
لۇپ كەتتۇق.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ بىر پەرزەنت
كوردۇق .

ــ يولدۇشۇڭنىڭ كوزى يورىغاندا ئۇنى رەنـ
جىتمىگەنسەن ؟

ــ ياق،ـ دىدىم ئۇ چاغلارنى ئەسلەپ،ـ پەرـ
زەنت كورۇش خوشلىغىدا ھاياجانلانغان باشقا
ئەرلەردەك مېنىڭمۇ بېشىم ئاسمانغا يەتتى. مەن
دادا بولدۇم دەپ خوشاللىقتىن ۋاقىرىغۇم كەلـ
دى . ئۇ كۈنلەردە ھېرىش ـ چارچاشنىمۇ ئۇنۇـ
تۇپ، خوشال بولغىنىمدىن ساقاللىرىم ئوسۇپ
كەتكەنلىگىنىمۇ بىلمەپتىمەن ، خىزمەت، ئاناـ
بالا ئىككەيلەننى كۈتۈش مېنىڭ ئۈچۈن بىر
خوشلۇق بولغان ئىدى . بىر كۈنى ئايالىم
پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ :

ــ ساقىلىڭىز خۇددى گۈزەرنىڭ سۈپۈرگە ـ
سىدەك ئوسۇپ كېتىپتۇ . ئەمدى ساقىلىڭىزنى
قويمۇېتىپ، مېنى تېخىمۇ قورقۇتاي دەمسىز ؟ ـ
دەپ چاقچاقلاشتى .

مەن ئەينەككە قاراپ، ئۆزەممۇ كۈلۈپ كەتـ
تىم ۋە ئۇنىڭغا :

ــ قورقماڭ . يەنە بىرەر ئاي ئۆچاق بې ـ
شىدا يۈرسەم ساقىلىم كويۈپ تۆكەپ ـ كوسا
بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ،ـ دىدىم.

ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشتۇق .

ــ شۇنداق قىلىپ بىر ئوبدان تۇرمۇش كوـ
چۈرۈپسىلەر ، كېيىن ـ كېيىن ...

مىنىڭ ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇـ
نىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇق ئېيتىپ بېرىش ماڭا
بەكمۇ ئېغىر ھەم ئېچىنىشلىق ئىدى .

ــ مەگىنە ، تاماكۇنى بىر شورىغىنا، ـ دىـ
دى دوستۇم ماڭا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە .

مەن تاماكۇچەكمىسەممۇ، دوستۇمنىڭ قولىـ
نى قايتۇرماستىن، ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئاچـ
چىق ـ ئاچچىق شورىدۇم ، ئىچىم ئېچىشىپ ،
كوزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى ھەم قاتتىق
يوتۇلۇپ كەتتىم . ئاندىن ئالدىرىماستىن سوـ
زۇمنى داۋاملاشتۇردۇم :

ــ شۇنداق بولدى . ئۇ بوشۇنىۇپ 6 ئاي
بولغاندا تۇيۇقسىز بىر كوكسى قىزىرىپ قىزىتـ
مىسى ئورلەپ كەتتى . ئۇنىڭ قېشىدىن كېچەـ
كۈندۈز ئايرىلماستىن كۈتتۈم . دوختۇرلارنىڭـ
مۇ قىلمىغان ئامالى قالماي، ئاخىرى قىزىم يې ـ
شىغا يەتمەستىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ھايات شامى
ئوچتى. ئائىلىمىزنىڭ چىرىغى ئوچتى...

مەن ئەمدى سوزلىيەلمەي قالدىم. گېلىم قوـ
رۇپ بىر ئارامسىزلىق مېنى قېينىماقتا . ئىچ
ئىچىمدىن دەرتلىك يىغا قايناپ چىقماقتا ئىدـ
دى . بۇ سوزلەرنى سوزلەۋاتقىنىمدا خۇددى شۇ
كۈنلەردە تۇرغاندەك، يولدۇشۇم بىلەن مەڭگۈۋىدا ـ
لىشىۋاتقاندەك ئازاپلاندىم. يەنە بىر تەرەپتىن
بۇ كوز ياشلىرىم ئارقىلىق قەلبىم دەرياسىدىـ
كى بارلىق لاتقىلارنى ئېقىتىپ ،دەريا قىرغىغىغا
چىقارماقچى بولغاندەك ئىدىم.

ئەمدى ئىككىمىز ئۈن ـ تىنسىز ماڭاتتۇق ،

ئاز ئوتمەي بىز يولدىن قايىرىلىپ دوڭگە
چىقىپ ئايالىمنىڭ قەۋرىسى ئالدىغا يېتىپ
كەلدۇق . ئۇنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا ئۇزۇن سۇ-
كۇتتە ئولتۇرۇپ،ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا
قىلدۇق . مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتىم .
ئۇنىڭغا كوڭلۇمدىكى سىرلىرىمنى پىچىرلاپ تۇ-
رۇپ ئېيتاتتىم . سەن مېنى تاشلاپ مۇشۇ يەر-
گە كېلىپ ياتتىڭ ، قىش زىمىستانىنىڭ ئاچ-
چىق سوغۇقلىرىدا مۇزلىدىڭمۇ ؟ يازنىڭ پىژ-
پىژ ئىسسىقلىرىدا تاغۇ - تاشلار بىلەن تەڭ
كويگەندەك كۇيدۇڭمۇ ؟ مانا ئەمدى يەرجا-
هان ئېرىپ،يازنىڭ ئەلچىسى باهار كەلگەندە،
گۇل - گىيالارغا قاراپ هاياتقا تەلمۇرۇۋاتقان-
سەن، باهارقالىغاچلىرى بىلەن مۇڭداشقانسەن.
ئوزۇڭدەك ياخشى ، ئاقكوڭۇل ئانىلار
بىلەن جەننەتتە ياشغايسەن، سەن تىنىچ ياتـ-
قىن، مەن قىزىمنى سېنىڭ ماڭا قالدۇرۇپ كەتـ-
كەن ئىسىل گوهەر تېشىدەك يادىكارىڭنى كوز
قارچۇغۇمدەك ئاسراپ، يۇرۇگۇمدىن ئايرىماي -
مەن ، سېنى هەر دائىم هورمەت بىلەن يادلاي-
مەن ... دەپ پىچىرلايتتىم ، بىر تەرەپتىن كى-
يىنكى ئەلەملىرىم قوشۇلۇپ يۇرەك باغرىم
خۇن بولماقتا ئىدى .

قانچىلىك ئولتۇرغانلىغىمنى بىلمەيمەن. دوس-
تۇم كېلىپ مېنى يولەپ تۇرغۇزغاندىلا، مەن ئور-
نۇمدىن تۇردۇم . پەلتۇنىڭ يانچۇغىغا سېلە-
ۋالغان بۇغداينى قەۋرىنىڭ ئەتراپىغا چاچتىم.
بىر توپ قۇشقاچلار بىلەن كەپتەرلەر دانلىشىپ،
ۋىچىرلىشىپ،كىچىك تىللىرىدا باهار قوشىغىنى
ئېيتقاندەك ، گويا بىزگە مىننەتدارلىق بىلدـ-
دۇرگەندەك بولۇشتى. ئاهايىتىمۇ پەرىشان هالـ-
دا قەۋرىستانلىقتىن چۇشۇپ ، كەلگەن يولىمىز
بىلەن قايتىپ ماڭدۇق .

بىز خېلىلا يول يۇرگەن بولساقمۇ،جىم-جىت
ماڭاتتۇق ، بۇنىڭدىن قاتتىق يۇرىگى سىقىلـ-

غان دوستۇم ماڭا مۇناسىپ سوز ئىزدەپ تە-
سەللى ئېيتماقچى ، مېنىڭ يارىلىق يۇرۇگۇمگە
مەلهەم بەرمەكچى بولغاندەك سوزلەشكە باش-
لىدى :

— هەي ئاداش،قانداق قىلىمىز ، بىرى ئالـ-
دىدا ، بىرى كەينىدە دېگەندەك، هەممىمىزنىڭ
ئاخىرى باردىغان جايىمىز شۇقەۋرىستانلىق،شۇن-
داق بولسىمۇۋاپات بولغان مېهرىبان كىشىلەرگە
چىدىماق بەكمۇ تەس-دە . نىمە ئامالىمىز بار
دەيسەن . هايات دېگەن شۇنداق ئىكەن .
هەممە نەرسىگە چىداشقا ، غەيرەت قىلىشقا
مەجبۇر ئىكەنمىز . ئوزەڭنى توختۇشنى بىلمىسەڭ،
هاياتنىڭ بۇ ئۇزۇن يوللىرىدا ئۇيراپ توگەيـ-
سەن . هېلى كورۇشكىنىمىزدە تىلىم بارمىدى ،
ئېيتمىسام بولماس،ئوزەڭنى خېلىلا ئالدۇرۇپ
قويۇپسەن . ئوزەڭگە غەيرەت بەرگىن-دېدى
نەسىهەت ئاهاڭىدا . كېيىن يەنەجىم مېڭىشنى
خالىماي،يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى :

— شۇندىن كېيىن ئويلەندىڭمۇ ؟

ماڭا بۇ سوئال كوپ ئېشلارنى ئەسلەتتى .
ئوزەمنى يەرگە ئۇرغان ، كىشىلەر ئالدىدا تەڭـ-
لىككە قويغان ، هاياتىمدىكى بۇ پىشكەلنى دوسـ-
تۇمغا سوزلەپ بېرىپ،كوڭلۇمنى سەل يېنىكـ-
لاتقۇم كەلدى . ئۇنىڭغا دىلىم تارتقاچقا، مەن
بۇ توغرۇلۇق سوزلەشكە رازى بولدۇم .

— هەئە،ئويلەندىم .

— بۇ ئايالىڭ قانداقراق ؟

— بۇ قېتىم ئويلەندىم، دېگىچەراستىنى ئېيتـ-
سام،بېشىمغا سىكە قويۇۋالدىم دېگىنىم توزۇك.

دوستۇم مېنىڭ سوزۇمگە هەيران بولدى
ئېهتىمال،ئالدىراپ سورىدى :

— بۇ ئايالىڭ سېنى بوزەك قىلغان ئوخ-
شىمامدۇ ؟

— مېنى بوزەك ئېيتىمۇ كەتمىدى. لېكىن ئۇ-
نىڭ بىر قورقۇنۇچلۇق كېسىلى بار ئىكەن .

— ئاپلا، دېدى دوستۇم جىددىيلىشىپ، يۇقۇملۇق كېسەلمىكەن ؟ ئۇنى بۇرۇن ئۇقماي قاپسەن-دە.

— ھەئە، ئۇنىڭ كېسىلى راكتىمۇ يامانراق كېسەل ئىكەن.

— ۋاي خۇدايىم، نىمە دەيدىغانسەن، إدۇنيادا تېخى راكتىمۇ يامانراق كېسەل بارلىغىنى ئاڭلىمىغان ئىدىم، قېنى چاپسانراق سۆزلىگىنە، بۇ يېڭى زامانىۋى كېسەلنى بۇرۇنراق بىلىۋالاي. ئۇ كېسەلنى نىمە دەيدىكەن؟

دوستۇم جىددىيلىشىپ كېتىپ مېنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى:

— ئۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەي تۇرغىن، مەن گەپنى سەل باشتىنراق سۆزلەپ بېرەي.

— شۇنداق قىلىپ ئايالىمدىن ئايرىلىپ، تورت يىل بويتاق ياشىدىم، جاپالىق ياشىدىم، لېكىن ھازىر ئۆيلىسام بەكمۇ خاتىرجەم ياشىغان ئىكەنمەن، كۈندۈزى قىزىم يەسلىدە، مەن زاۋۇتتا، كېچىسى بىللە ئۇخلايمىز، ئۇ مېنى كورسە قالتىس ئېچىلىپ كېتىدۇ، تاماقنى يەۋېلىپلا ئۇنى كوتۈرۈپ ماگىزىن، كىنو، باغچىلارغا بېرىپ ئوينايمىز، ئىككىمىز شاتلىنىپ ئىچ - ئىچىمىزدىن خوشال بولساقمۇ، رەخمەتلىك ئايالىم كوز ئالدىمدا. تۇرمۇش دېگەن ئاجايىپ دىمەمسەن. شۇنداق بىر ئوبدان ياشايمەن دىسەڭمۇ، گايىدا ئۇ خىياللىرىڭ توزۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خاپىلىق، رەنجىشلا قالىدۇ، مەن بىر ئوبدان، خاتىرجەم ياشىغان بىلەن دوستلۇرۇم بىلەن زاۋۇتتىكىلەر خاتىرجەم بولالماي، مېنىڭ غېمىمنى يىدى. ئۇلار شاپاشلاپ يۇرۇپ ئويلەپ قويىمىز دېيىشتى. مەن كوز ئالدىمىزدىكى گايى بىر ئىشلارغا قاراپ چەش يېرىپ بىر نىمە دىمىدىم. ئەڭ مۇھىمى تاتلىق قىزىمنى خارلاپ قويامدىكىن، دېگەن ئەندىشە مېنى ئۆيگە سېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. مەن دوستلۇرۇمنىڭ ياخشى مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىپ، ئىرادەمگە قارشى توي قىلماقچى بولدۇم. ھەممە جىدەل توي كۈنىدىن باشلاندى. بىز توي مۇراسىمىنى زاۋۇتتا ئوتكۈزدۇق. شۇ ۋاقتىدا قىزىم سىرتتىن ئويناپ كىرىپ، مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. مەن ئۇنى قۇچىغىمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىغىغا " قىزىم، سىزگە ئاپاش ئالدۇق، ئاپا دەڭ " دەپ پىچىرلىدىم. ئاپاكورمىگەن بىچارە قىزىم:

— ئاپاش، ئاپاش، دەپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ تىزىنى تۇتقان ئىدى. ئاقشول يوپكىغا قىزىمنىڭ قولىدىكى كىر سەللا چىقىپ قاپتۇ، ئۇ دەرھاللا ئوكۇپ، بالىنىڭ قولىنى ئېلىۋېتىپ ماڭا قاپىغىنى تۈرۈپ:

— بۇ نىمە قىلغىنىڭىز، مەن دوستلۇرۇمدىن ئىزا تارتىپ ئولەي دەۋاتسام، بۇ بالىنى نىمىشقا مېنىڭ يېنىمغا ئەكىلىسىز، - دىدى رەنجىپ.

مېنىڭ ئەرۋاھىم ئۇچۇپ، كونا مىجەزىم قوزغالدى. ئاچچىغىمدا:

— تېخى توي تۇگىمىگىنى يوق، مەن بالىدىن كەچمەيمەن، ئىختىيار ئوزىڭىزدە، - دىدىم -دە، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، بالىنى كوتۇرۇپ زالدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم.

باشقىلار مېنىڭ مىجەزىمنى بىلگەچ يېنىمغا كېلىپ:

— قويغىنا ئاداش، ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ شۇنچە كىشىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئىزاغا قالدۇرما، ئوزەڭنى بېسىۋال، - دەپ مېنى تۇتۇۋالدى.

مەن ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرغان بولسامۇ، توي تۇگىگىچە بىر ئېغىز مۇزۇۋان سۇرمىدىم. ئىش قىلىپ كېيىنچىمۇ ئىسسىقمۇ - سوغۇقمۇ ئەمەس ئوتۇپ كەلدۇق، كېيىنچە بولسا ئۇ

مېنى تويغازدى .

— نېمىشقا؟ — دېدى دوستۇم گېپىمنى بۆلۈۋېتىپ، — ئۇ بەك چىرايلىقمىتى، شۇڭا تالاغا قاراپ بېشىڭغا دەسسىدىمۇ ياكى ئوي تۇتۇشنى بىلمەيدىغان بى سامىكەن ؟

— ئۇنى باشقىلار چىرايلىق دەيتتى ، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بىر تاپانچىغا ئوخشايدىغان پاكار بويلۇق ، ئەتىلىك ، قىزۇلۇق بىلەن پاقىراپ تۇرىدىغان كىچىك كۆزلىرى ، توختىماي سۆزلەپ تۇرىدىغان نېپىز كالپۇكلىرىلا كۆز ئالدىمدا . ئوي تۇتۇشقا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدىم . مېنىڭ قارىشىمچە ئويىنىڭ ئۇششاق .. چۈششەك ئىشلىرىغا سەپ سېلىپ چىڭگىزلىك قىلىش ئەرلەرگە ياراشمايدۇ، ئۇنىڭ ماڭا يارىمىغان بىر ئەسكى ئەيىپى گۇمانخور، كۈنلۈكچى .

— توۋا دېگىنە دوستۇم، — دېدى ئۇ گېپىمگە ئىشەنمەي، — توختاپ تۇر ، ئۇ سەندىن ياش، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىرايلىق تۇرۇپ سەندەك بىر قېتىم ئويلەنگەن ، بىر بالىسى بار كىشى سەن ئۇنى كۈنلىمەستىن، ئۇ سېنى كۈنلەمدۇ؟

— راست، — دېدىم دوستۇمنى ئىشەندۈرۈپ، — سەن تېخى توي قىلمىغان، شۇڭا بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن ، „ خوتۇندىن تەلەيىڭىز چىقىپتۇ“ دېگەن خوشنىلارنى „ ئىسسىق پىشانە ، ئاغزى ياغلىق ئايال ئىكەن“ دېگەن دوستلارنى بىر چوقۇپ ئېلىپ، ئۇلارنى مۈشۈكتىن قاچقان چاشقاندەك ئائىلىمىزدىن قاچۇرىۋەتتى . كېيىنچە بىز مەيلى كوچىغا چىقايلى ، مەيلى بىرەر يەرگە بارايلى، مەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئايال بولسا، ئۇ ئايال كەتكەندىن كېيىنلا :

— هازىر كۆرۈشكەن ئايال كىم ؟ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورايدۇ. ئاندىن سىزگە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ ، سىزنى كۆرۈپلا قىزىرىپ كەتتى، ماڭا باشقىچە كۆز بىلەن قاراۋاتىدۇ . ئۇ مېڭىچە ئادەتتىكى تونۇش ئايال ئەمەس، چوقۇم بۇرۇن سىز بىلەن بىرەر مۇئامىلىدە بولغان دەيتتى . مەن كۆپ چۈشەندۈرۈپ هاردىم، ھەتتا ئاچچىغىمدا قەسەم ئىچكەن چاغلىرىممۇ ، يېرىم يولدا ئۇنى تاشلاپ كەتكەن چاغلىرىممۇ بار . لېكىن ئۇنى ئىشەندۈرۈشكە كۆزۈم يەتمىدى .

كېيىنچە مەن كۆرۈشكەن ئاياللارنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغان مۇددىئاسىدەك جاۋاپ بېرىدىغان بولدۇم. ئۇ مېنىڭ بۇ زاڭلىق سۆزلىرىمگە ئىشىنىپلا قالماستىن، بەلكى ماڭا ھۇجۇم قىلىشتىكى قورال سۈپىتىدە پايدىلانماقچى بولدى .

ئۇ ھەر دائىم ئىشتىن چۈشكەندە، ئالدى بىلەن ئويىنىڭ دېرىزىسىدىن سىنچىلاپ مارىۋېلىپ، ئاندىن ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ تىڭشاپ ئويگە كىرىدىكەن . بىر كۈنى تۇيۇقسىز كومۈر ئالغىلى چىقىپ، ئۇنىڭ تۇرغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىككىمىز ئولتۇرۇشۇپ قالغان چاغلىرىمىزمۇ، ئويگە كەلگەن ئايال تۇققانلارنىڭ يامانلاپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى .

كېيىنچە ئىدارىدىكىلەر ياكى خولۇم - خوشنىلارمۇ „مۈشۈككە ئويۇن ، چاشقانغا قىيىن“ دېگەندەك، „ ئىممەت بىر ئايال بىلەن كوچىدا قالدى ياكى كىنوغا كىرىپ كەتتى“ دەپ چېقىشىپ قويسا، ئۇ خۇددى ھۇشىنى يوقاتقاندەك، ئېتىۋاتقان ئاشلىرىنى ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ، ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، دېگەندەك شۇ يەرگە كېلىپ ئىزدەيدۇ . ئەگەر مەن تاسادىپى شۇ يەردە بولسام، ئۇنىڭ ئېشىكى ئىككى چىشلىق بولۇپ، قېتىغى ئۇيۇپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشىدۇ. شۇ يەردىلا سۇقۇشۇشنى باشلايدۇ . ئۇنىڭ ئۇچۇن نە ئوي ، نە كوچا، نە باشقىلارنىڭ ئويىنىڭ پەرقى يوق ، شۇنىڭ بىلەن ئويگە كېلىپ تالاڭ ئاتقىچە „كومېدىيە“ ئويناپ چىقىمىز . شۇنداق قىلىپ ئويدە كوي -

نەكلەرنەڭ ياقىلىرى يىرتىلغان ، يۈزلەر مۇ-
شۇك تاتىلىغانتەك قىيما - ياما بولغان، ئاش-
تاختا - نۇغوچلارغىچە سۇنغان ، ئوي ئىچى پۇ-
تۇنلەي ئاستىن - ئۈستۈن بولغان مەنزىرىلەر
پات - پاتلا كورۈنۈپ تۇرىدۇ . جىدەل كوپەيـ-
گەنسېرى، مېنىڭ ئەزەلدىنلا تەرسامىجەزىم
خۇددى چاقىلىغان پىچاقتەك ئىتتىكلەپ كەتتى.
ساڭا ھەيران قالىدىغان يەنە بىر ئىشنى ئېيتىپ
بېرەي.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ ئويدە
چاي ئىچىپ ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ سىڭلىسى ئوي-
گە كىرىپ كەلدى ، ئۇ قىز تېخنىكومدا ئوقۇيـ-
دىغان بولۇپ، ئارىلاپ كېلىپ تۇراتتى. ئۇ
ئالدىراپلا:

— مەكتەپتىن كىتاپ تارقىتىپ بېرىدىكەن،
ئاچام كەلسە پۇل ئالاتتىم، - دېدى. مەن ئال-
دىراپلا پۇلنى بېرىپ تورۇشۇمغا، تۇيۇقسىز ئى-
شىك ئېچىلدى . كوز ئالدىمدا بولىۋاتقان ئا-
لامەتلەرگە ياقامنى تۇتۇپ نىمە دېيىشىمنى
بىلمەستىن تۇرۇپ قالدىم .

ئۇ ئىشىكتىن كىرگەن پېتى سىڭلىسىنى يەرگە
بېسىۋالدى - دە ، ئىككىسى پومداقلىشىپ كەت-
تى . مەن چىراق يېقىشنى ، يا بىرسىنى چاقى-
رىشنى بىلمەي قالدىم . قانداق قىلسام ئايا-
لىمنىڭ خىيالىغا ئۇيغۇن بولۇشنى بىلمەسەممۇ،
جىدىلىشىپ كېتىپ :

— ھاي ، بۇ نىمە قىلىق، بۇ سىڭلىڭىز ھا-
زىرلا كەلگەن ، ھاي ، ھاي دېدىم . لېكىن
ئۇ نەدىمۇ گەپكە قۇلاق سالسۇن . كوزىگە ھېچ
نەرسە كورۈنمىگەن ئايالىم ئۇرۇپ دەردىنى ئې-
لىۋېلىپ، يۈگرەپ تالاغا چىقىپ كەتتى .

بىچارە قىزنىڭ ھازىرقى ھالىتى ھەر قانداق
كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدۇ. چاچلىرى
يۇلۇنغان ، كىيىملىرى يىرتىلغان ، ئاغىزلىرى
قان ... ئىشىك ئېچىلدى . ئۇ بىر نەچچە كى-
شىنى باشلاپ كەپتۇ . ئۇ قولىنى بىلىگە تىرەپ
يوغانچىلىق بىلەن:

— مانا پاكىت،سىلەر ئىسمەتنى يۈۋاش،مې-
نى يامان دەيسىلەر ، مانا ، مېنى كوزگە ئىل-
ماي مۇشۇنداق ...

ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، رەڭگى ئولىۈكنىڭ
رەڭگىگە كىردى . چۈنكى ئەمدى ئوزىنىڭ ئىسمىنى
تونۇغان ئىدى . ئۇمۇستىن ئولەي دېگەن سىڭ-
لىسى يىغلىغان پېتى تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ كىشىلەر ئالدىدا شۇنچىلىك رەسۋا بولۇ-
شىغا قارىماي،ماڭا ئېسىلدى. ئۇنى سورەپ ئوي-
گە ئېلىپ كىرىپ كەتتىم، ئۇ ئويگە كىرىپ:

— سەن نىمىشقا سىڭلىمغا پۇل بېرىسەن ؟
سېنىڭ نىيىتىڭ بۇزۇق. ئۇنى ئوزەڭگە قاراتـ-
ماقچى! دەپ ئوزىنى ئولتۇرىۋېلىشقا يۈگرەپ،
ماڭا پوپوزا قىلدى ، مەن قورقتۇم، ئوزىنى
ئولتۇرۇۋالسا، بىكاردىن-بىكار ھايا تىمغا قەست
بولۇپ جاھاندىن ئوتۇپ كېتەرمەنمۇ دەپ
قورقتۇم. لېكىن كارىدوردا قاراپ تۇرغان خوش-
نىلار يەردە گىلىمغا پىچاق تەڭلەپ ئىڭىناۋاتقان
خوتۇنۇمغا قاراپ،كولۇپ تۇرۇپ:

— قورقىماڭ، ئۇ ئولىۋالسا، بىز سىزگە گۇ-
ۋاچى بولىمىز،- دېيىشتى . ئۇ جان ئاچچىغىدا
پىچاقنى تامغا ئېتىۋېتىپ، دات - ﺍ پەريات كو-
تەردى . ئەتىسى ئۇنى ئويدىن چىقىرالماي،
ئوزەم ئويدىن چىقىپ كەتتىم. بۇ خوتۇندىن
پۈتۈنلەي رايىم يېنىپ كەتتى.

— يا ھەزرەت، ئاللا ئوزەڭ ساقلىغىن ،
شۇنداق قىلىپ ئۇ دەردى- بالادىن قۇتۇلدۇڭ-
مۇ؟ - دوستۇم ماڭا ھەيرانلىقتا تىكى-
لەتتى.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ئۇ مەن ئوي-
دىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،مېنى يول-يولدا،
كوچا دوخمۇشلىرىدا، كىنوخانىلاردا ماراپ يۇ-
رۇپ ئۇچرىتالماي، ئاخىرى زاۋۇتقا بېرىپ سېخ

دېرىزىسىدىن ماراپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ يېڭى كەلگەن
بىر قىز شاگىرتىم بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئىش
ئۈگۈتۈپ تۇرغۇنۇمنى، سۆزلەشكىنىمنى كۆرۈپ،
ئىچىگە لازا قۇيغاندەك ئاچچىغى كەپتۇ. شۇ
كۈنى ئىشتىن چۈشكەن چاغدا، زاۋۇتنىڭ قورو-
سىدا ئۇ قىزنى تۇيۇقسىز تۇتۇۋېلىپ، بىر قول-
غىنى يىرتىۋېتىپتۇ. كىشىلەر مېنى چاقىرىشتى،
مەن كەلگەندە شاگىرتىمنى سېخقا ئەكىرىپ
كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ هازازۇل جاهاننى بېشىغا
كىيىپ سۆزلەۋېتىپتۇ، مېنى يىراقتىنلا كۆرۈپ
كەلگەن پېتى ياقامغا ئېسىلدى. چاڭجاڭ بە-
لەن قوغداش بۆلۈمىدىكىلەرمۇ نەق مەيدانغا
هازىر بولۇشتى. بۇنداق ناهەقچىلىقنىڭ يەنە
بولماسلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئونبەش كۈن سو-
لاپ جازا بەردى.

— خۇدايىم، مەندەك بىر مومىن بەندەڭگە
شۇنداق خوتۇن ئۇچراپ قالمىسۇن. راس-
تىنلا بۇ خوتۇن ئەمەس بىر غەۋغا ئىكەن.
باشقىلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىپتۇ، سېنى،
بالاڭنى ياخشى كۆردىمۇ؟

— مېنى يامان كۆرمەيدۇ. پۈتۈن كۈن تا-
لاغا چىقمىسام، بىرسىگە ئارىلاشمىسام، ئۇنىڭ
بىلەنلا ئولتۇرسام خوشال بولىدۇ. لېكىن
بالامنى دۇنيادا بىرىنچى دۈشمىنى هېساپلايدۇ.

— نارىسىدە بالىدا نىمە گۇنا؟

— ئۇنىڭ گۇناسى ئانىسىغا ئوخشىغانلىقىدا،
شۇڭا ئۇ هەر دائىم "بۇ شۇم نىمانچىمۇ ئاپىسىغا
ئۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغاندۇ؟" دەپ تې-
رىكىدۇ. ئۇنىڭ هەسرەت چېكىشى بىكار ئەمەس،
ئۇلگەن خوتۇنىدىنمۇ كۆڭلى ئەس.

— جېنىم ئاداش، سېنىڭ كۆڭلۈڭ تەس بوپ-
تۇ. ئەمدى قانداق قىلىسەن؟.. دېدى دوستۇم
ئىچ-ئىچىدىن هەسرەت چېكىپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئىنسان هاياتىنىڭ شۇنچە قىس-
قا، شۇنچە قىممەتلىك بولۇشىغا قارىماي، مۇشۇنداق
مەنىسىز ئۆتكەن هاياتقا كىممۇ ئېچىنمىسۇن،
ئىككىنچى قېتىم خوشال - خورام ياشاش ئۈ-
چۈن تورۇلەمتۇق، مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا
ئاچچىقىمدىن ئارقامغا ئۆچۈپ چۈشكەن چاغلى-
رىممۇ، پۈتۈن بەدىنىم كىرىشىپ كەتكەن چاغ-
لىرىممۇ بولدى، ئازاپتىن ئۆز گوشۇمنى ئۆزەم
يىگىدەك بولۇپ هاياتتىن كېچىشكىمۇ ئىنتىل-
دىم، لېكىن ئاخىرى ئۆزەمنى چەكسىزدەرىجى-
دە تۇتۇۋېلىپ ياشىدىم، "ئىشت بىلەن يولداش
بولساڭ قولۇڭدىن تاياق چۈشمىسۇن" دىگەن-
دەك، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن هەرىكەت
قىلدىم. زاۋۇتتىكى ياتاقىمۇ يىغلاپ كېلىۋال-
غاندا، يەنە ئاغزى بېسىلماي سۆزلىۋىدى، ئۇنى
ئولتۇرغان جايدا تامغا مىخلاپ قويغاندەك مى-
جىۋەتەي دەپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنى تەپ-
مەكچى بولغىنىمدا، ئۇقۇۋۇ قېچىپ كېتىپ،
زەرپ بىلەن تېپىشىمدىن ئويىنىڭ خوچىڭى ئۈ-
رۈلۈپ چۈشۈپ، پۈتۈن ئۆي ۋاقى قاپ - قا-
را چاڭ - توزاڭغا مىلەندى. شۇنىڭ بىلەن
ياتاقىمۇ تاشلاپ بىرىپ قورقۇنچىلىقتا يىغلا-
ۋاتقان بالىنى كوتۇرۇپ چىقىپ كەتتىم.

ئاخىرى ئىدارىدىن ئايرىلىشىپ مەجبۇرى
ئايرىۋەتتى. لېكىن هازىرمۇ ماڭا كوز قۇلاق
بولۇپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن خىلمۇ - خىل سوز-
لەرنى قىلىپ يۈرۈيدۇ. بۇنداق يىركىنىشلىك هايات
سوي ئۇملۇك رەپىقەمنىڭ قەدرىنى مىڭ هەسسىلەپ
ئاشۇرۇپ بۇ خوتۇنغا ئۇچمەنلىكىمنى قاتتىق
قوزغىدى.

— هىلى قورقۇنۇچلۇق كېسىلى بار ئىكەن
دىگىنىڭ شۇ ئىكەن-دە.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا، ئانالىز قىلىشىڭ جايىدا.

— راست كۆڭلەش راكتىنمۇ يامان ئىكەن،
شۇڭا ...

— شۇڭا ئائىلىمىز بۇزۇلۇپ كەتتى. "ئەر
كۆڭلىسە ئۆي تۈزۈلىدۇ، ئايال كۆڭلىسە ئۆي
بۇزۇلىدۇ" دىگەن ئاقىلانە سوزنى كوپ ئويى-
لۇدۇم. ئاۋالقى مېهرىبان ئايالىمىنىڭ ۋاپاتىغا
قاتتىق ئېچىنسام، كېيىنكى بەسىرەمجانىنىڭ بى-
شەملىكىگە ئېچىندىم.

# گۈلچېھرە



(ھىكايە)

مۇنى تابىلدى

سەكرىك چوققىسىدىن ئۆزىنى تۆۋەنلەشكە قارىتىپ قويۇپ بەرگەن بىر توپ ئۇلاي ۋۇشىلدىغىنىچە شېغىلتەك ياپىلىغىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى. كەينىدىنلا شېغىلتەك جىلغىسىدىن تاراسلاپ شېغىل - تاشلار پەسكە قاراپ سىرىلىشقا باشلىدى. ياپىرەي، قوي پادىسىغا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان شېغىل تاشلارنى كۆرگەن گۈلچېھرە قولىدىكى ياقىسىغا كەشتە يۈگەرتكەن ئەرەنچە ئاق شايى كوينەكنى قاتلاپ، يېنىغا سالدى - دە، تاغ باغرىغا يېيىلىپ كەتكەن قوي پادىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا ماڭدى.

قىزىق ئىش، چاكىلداۋاتقان سۇغۇرلارمۇ ھەش - پەش دېگىچە ئۇۋىلىرىغا كىرىپ جىمىقىشتى. سەكرىك ياپىلىقىدىن بىر توپ ئارقار كىيىكلەرمۇ قىياغا قاراپ تاشتىن - تاشقا سەكرىگىنىچە كۆزدىن غايىپ بولدى. نېمە ئىش بولدىكىن - تاڭ ؟.. گۈلچېھرە قوي پادىلىرىنى توپلاپ كەلگىنىدە، شالاڭ ھاۋانىڭ تەسىرىدىنمۇ نېمە يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالاي دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ بايىقى كەشتە تىككەچ غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىلىرى يۈزىدىكى ھەم كۆڭلىدىكى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشلىقىنى قانداقتۇ بىر سىر كېلىپ يەڭگەندەك، قارامتۇل چىرايى سېغىز رەڭگە كىرىپ قالغان ئىدى.

ئۇ ھاياتىدىكى بەختلىك كۈنلەرنى ياخشى كۆرەتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا كۆڭلىگە قىيام، دىلىغا ئارام بېرىۋاتقان، بەش بارمىقىغا ھۈنەر - سەنئەتنى كىرگۈزۈۋاتقان قولىدىكى كوينەك ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر غەملىكنى، ياشلىق ھاياتىدىكى ئەندىشىنى يېڭىۋاتقان تۇمانلىق كېچىنى بوسۇپ ئۆتكەن چولپاندەك، قىممەتلىك نەرسە ئىدى. بۇ كۆڭلىدىكى بىر خۇشاللىق بەلگە بولسىمۇ، بۇ خۇشاللىق يەنە ھەر خىل تۇرمۇش ۋاستىلىرىغا باغلانغان ئىدى. تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئۇنىڭ ھايات گۈلخېنىنى ياندۇرىدىغان تۈترۈق بولالايتتى. مانا بۇ شېرىن خىياللارنى تاسادىپىي ھالدا بىر توپ ئۇلاي، كىيىك ..... بۇزىۋەتتى. بەختكە يارىشا پادىلارغا زەخىم يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى بولغاي، يەنە ئاۋالقىدەك كەشتە ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قولى كەشتىدە بولسىمۇ، كۆڭلىنى نۇرغۇن خىياللار چىرماپ تۇراتتى.

گۈلچېھرە ـ ئىسمىغا لايىق گۈل چىراي بولمىسىمۇ، ئۇسقاللىق، قاۋۇل، ئەمگەكچان چوكان ئىدى. ئۇ يول ماڭغاندا ئاجىز دەسسىمەستىن، ئەرلەردەك كۆپۈلدەپ ماڭاتتى، پادا باققاندىمۇ خۇددى ئەر پادىچىلاردەك قولىغا ھاسا، بېلىگە سالغۇ ① ئېسىپ ماڭاتتى. مانا يېقىنقى 2 ـ 3 يىلدا ئۇنىڭ "قاۋۇل چوكان" نامى يايلاقتا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارىلىپ قالماستىن، كەمبەغەللىكتىن بىر دەمدىلا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بېيىغان ئائىلىگە ئۆتتى. قورۇلارنى ھوددىگە بەرگەندىن كېيىن، كىشىلەر ھەقىقەتەن ئاياللار ئىچىدىمۇ ئەرلەردىنمۇ قاۋۇل ئاياللارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىغا باش لىڭشىتىشتى.

دەرۋەقە، ئۇنىڭ نامى كەڭ تارقالغانسېرى، ئۇ سەخىنىڭ ساقىيىپ، بۇ شان ـ شەرەپلەرنىڭ سەخىگە مۇناسىپ بولۇشىنى ھەر كۈنى نەچچە قېتىم كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. گەرچە قېيىنئاتىسى، قېيىنئانىسى ئۆيگە سالام دەپ كىرگەنلىكى كىشىلەرگە گۈلچېھرىنى "دىلى ھەسەل، قولى گۈل"، "بەش بارمىقىدا خۇدا ھەققى ساپلا بەرىكەت" دەپ ماختاپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمىسىمۇ، قېيىنئانىسى زېرىكىپ 70 تىن ھالقىغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئاياللار مىجەزىنىڭ شۇنداقلىقىدىنمۇ، گايى زېرىكىسى تېشىپ: "ھەي، مېيىپ ياتقان سەخىگە بۇ تەمبەل چوكان ئۆمۈرلۈك بولارمۇ؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر پەش قېقىپلا كەتسە، بولغۇلۇق بولىدۇ، خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ سەخىنىڭ غېمىنى يەپ، گۈلچېھرىنىڭ كۆڭلىگە ئىناپ بېرىدىپتۇ" دەپ غوتۇشۇپمۇ قوياتتى. ھەتتا بەزىدە زېرىكىپ مومايى بىلەن ئادىلشا ئاكىلار ئۆزئۆنچە سوز تاللىشىپمۇ قالاتتى. بىر پەس خۇددى ياش ئەرخوتۇنلاردەك قېيىداپمۇ قېلىشاتتى. بۇ ھالنى گۈلچېھرە بىر قانچە قېتىم سەزسىمۇ، نەزەرگە ئالمىدى. ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان سەخى ئاتا ـ ئانىسىغا نەچچە رەت نەسىھەت قىلمىدى بولغاي، چۈنكى ئۇنىڭ گۈلچېھرە توغرىسىدىكى بىلىشى ئاتا ـ ئانىسىدىن كۆپ ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەن ھېكايىلاردىكى «نىگار ـ مەجنۇن»لارغا ئوخشاش سىردىشىپ تېپىشقان ئەمەسمىدى؟...

گۈلچېھرىنىڭ بارلىق خىيالىمۇ ياشتا ياشانغانلار خۇددى گۇدەك بالىدەك نازۇك، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ۋە مېيىپ سەخىنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئازار بەرمەسلىكتە ئىدى. خۇددى تاجىك روبائىلىرىدا دېيىلگىنىدەك: "شىشەي سەدپارەرا، پەيۋەندە كەردەم مۇشكىل ئەست، دىل ئەگەر رەنجىدە شۇد، خورسەندە كەردەم مۇشكىل ئەست". ②

گۈلچېھرە مانا مۇشۇنداق شىشىدەك نازۇك دىلنى پارە قىلماسلىققا تىرىشاتتى. دەر ھەقىقەت، ئۇنى دىل ئۇۋلاش ماھىرى دېسىمۇ خاتا كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ سەخىگە بولغان سادىقلىقىغا قىل سىغمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇزۇن يىل سىردىشىپ، سىنىشىپ تېپىشقان ...

× × ×

سەخىمۇ باشتا دېگىنىمىزدەك "مېيىپ"لاردىن ئەمەس، قاۋۇل، ئەقىللىق مەرگەن يىگىت ئىدى. ئەپسۇسكى سەخى بىلەن گۈلچېھرە توي قىلىپ ئەمدىلا ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىغاندا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى.

1978 ـ يىلى باھار پەسلىدە، سەخى ئوۋغا چىقمۇتىپ، قار كوچكۈنىگە دۇچ كەلدى. ھەي، سىز قار كوچكۈنىنى كۆرگەنمۇ؟ بەلكىم كۆرمىگەن بولسىڭىز كېرەك. بەلكى دەھشەتلىك كوچ-

① چارۋىلارغا تاش ئاتىدىغان سالغۇ.

② «دىل شىشىدەك نازۇك، ئۇنى سۇندۇرساڭ ئۇلاش قىيىن. ئەگەر شىشىنى يۈز پارە قىلساڭ، ئۇنى قاندىقمۇ ئۇلىغىلى بولسۇن».

كۆننى كورۇشتىن ئاڭلاشنى ياخشى كورىدىغانـ
سىز، قار كۆچكۆنى بىر تـۆيۇقـسىز دەهـشەت !
قار يۇمۇرۇلۇش ئالدى بىلەن سـىلىق ئـۇچار
قانات ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ ، كوزـ
نى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە بولغان ئـارىلىقتا غەلىتە
قورقۇنۇچلۇق هادىسىلەرنى كـورسىز ، تـاش ،
مۇز، شېغىللار سىزنى "قانات" ئۇستىگە ئېلىپ،
سانسىز شېغىل تاشلار تاراسلاپ جەڭگە ئـاتلىـ
لىنىدۇ ـ دە، خۇددى گۇلدۇرماما گۇلدۇرلىگەنـ
دەك، تاغنىڭ ئەكس ساداسى هەممە يەرنى لەرـ
زىگە سالىدۇ ، گويا جاهان غەلىتـە بىر تـۇسكە
كىرگەندەك،كوزىڭىز قاراڭغۇلىشىدۇ . شۇ ۋەهىـ
مىلىك قار كوچكىنى ئۇستىدە سىز هايات توغـ
رۇلۇق نىمىلەرنى ئويلاپ يىتەلەيسىز ؟ بـۇنـى
تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتـەن تـەس . سـەخى
مۇڭگۇزلىرى چىرماش بولغان ئارقاردىن بىرنى
ئاتتى ـ دە، ئىچ قارنىنى ئېلىپ تـاشلىغاندىن
كېيىن ، ئارچا ئوتۇنىدىن گۇلخان يېقىپ جەـ
گەر كاۋئۇى قىلىشقا باشلىدى . مـانا بـۇ جىـ
گەر كاۋئۇى مەرگەن ئۇچۇن ئېيتقاندا "هـار ـ
دۇق" دورىسى بولسا كېرەك . سەخـى كـاۋاپنى
يەپ شۇنداق يەڭگىللەپ كەتتىكى ، شۇ تـۇرقى
يەنە بىر قانچە تاغنى كەزگىدەك مـاغدىر پەيدا
بولغاندەك قىلاتتى . لېكىن ئۇ، يولنى قىسقارـ
تىش ئۇچۇن،يۇز كىلوگىرام چامـىسىدىكى ئارـ
قارنى ئەپچىل تېڭىپ (مەرگەنلەر ئادەت بويىـ
چە كىيىكنى ئېگىز تاغلاردىن ئاغامچا بـىلـەن
يۇدۇپ چۇشىرىدۇ) يۇدگىنىچـە دەس قـوپتى ـ
يۇ راۋان بولدى .

سەخى گەرچە 28 لەرگە كىرگەن بـولسىمۇ ،
ئاتاغلىق مەرگەنلەرمۇ ئۇنىڭغا قول قـوياتتى .
ئۇ قىيا تاغلاردا كىيىك ئىزىدىن كـىرەتتى (بۇ
يول بەكمۇ قىيىن) قارا مىلتىغىنـى بـەتـلـەپ،
سول كوزىنى يۇمدىمۇ، بولدى ، ئاتتى دىـگـەن
گەپ . كىشىلەرنى ماختاش روهىنى كوتەرسىمۇ،
بىراق، جېنىغا زامىن بولىدىغان چاغلارمۇ بولـ
غىنىدەك ، سەخىگىمۇ بەلكىم بۇ يـاشـلـىـق
دەۋردىكى روهىنى كوتەرگەندىن بىشارەت بەرسەكېـ
رەك . ئۇتىك قىيا ، خەتەرلىك يوللارنى كوزـ
گـە ئىلمايتتى. ئۇ نەچچە رەت مۇشۇنداق تەـ
ۋەككۇل قىلىسىمۇ ، بىرەر پىشكەللىككە ئـۇچرىـ
مىغانلىقى ئۇچۇن ، ئوزىنىڭ قاۋۇللىقىغا تېخىـ
مۇ ئىشىنىپ ، ئىز باسمىغان تـىك قىيالارغـىمۇ
هەۋەس قىلىشقا باشلىدى .

پىشكەللىك دىگەن ئويلىمىغان يەردە دىگەنـ
دەك، ئۇ تېخى قارلىرى ئېرىمىگەن سـەكرىك
قىياسىدىن ئوتۇۋېتىپ ، پۇتى سېرىلـغـانـدەك
بولدى . دۇمبىسىدىكى يۇكنىڭ ئېغىرلىقىـدىـن
بولسا كېرەك ، تىزى قاتلىشـىپ ، لـەسـىـدە
ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ پەسكە قاراپ يېنىك سۇـ
رۇلگەندەك بولدى . ئۇنىڭ خىيالىدا مانا ئەمـ
دى پىشقەدەملەردىن ئاڭلىغان "قار كوچكىنى "
دىگەن سوز چاقماق تېزلىكىدە ئوتتى . بۇنىڭـ
دىن ئارتۇقچە سوزنى ئەسلەشكىمۇ ئولگۇرەلمەيتـ
تى ، ئەلۋەتتە ... هايات ئويناشقىلى بولمايـ
دىغان بۇمومىنتتا قانداق تەقدىرگە دۇچ كەلـ
دىكىنەـتالڭ؟! ئەگەر سـىز سىرتتا تـۇرۇپ بۇۋەـ
قەنى كورۇۋاتقان بولسىڭىز ، هايات تـەقدىرى
توغرۇلۇق هوكۇم چىقىرىشقا ئۇلگـۇرەلمەيسىز .
رۇشەنكى، هايات شۇ رەهىمسىز قار كوچكۇنىنىڭ
قولىدا ئەمەسمۇ ؟ !

شۇڭا كوپنى كورگەن ، كوپنى ئـاڭلىغان بۇ
تاغ خەلقىدە مۇنۇ تەقلىت قەدىمـدىـن قـالغان
ئىكەن : "تاغ دەپتىكى : مېنىڭ رەهـىم يوق،
تولۇم بار ، دەريا دەپتىكـى : مـېنىڭ قـولۇم
يوق،رەهىم بار ......"

سەخى شۇ رەهىمسىز تاغنىڭ رەهىمدىل قولىـ
غا ئۇلاشسىچۇ كاشكى !...

ئەگەر مويسىپىت تاجىك بوۋاي بـۇ هـالىنى
كورسە : "يا پەرۋەردىگـارىم ، ئـوزەڭ بار "

دەپ ياقىسىنى قـوش قوللاپ تـۇتقان بولاتتى.
داۋادا زەرىپەدەك مومايلار بـۇ هالنى كـورسە ،
ئوچاق بېشىغا يۈگۈرۈپ ، ئىسسىرىق سېلىپ ،
خۇدادىن مەدەت تىلىگەن بولاتتى ....

ئەنە شۇنداق بولۇپ سەخى ئـورۇن تـۇتۇپ
يېتىپ قالدى . زەرىپ ئاچىنىڭ دىگىنىدەك :
"گۈلچېھرەنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ، بـېشى
يالىڭاچ ① قالمىدى ". بۇ هەر قانـداق كىشى
ئويلىمايدىغان يەردىن كېلىپ چىققان "يامان-
لىقتىن كېلىپ چىققان ياخشىلىق" ئىدى . لې-
كىن سەخىنىڭ ئوڭ پۇتى يوتىسىدىن،سول پۇتى
هوشۇقىدىن سۇندى . سول كوزىمۇ زەخىملىنىپ
جىتتاق بولۇپ قالدى . يۈزلىرىدىمۇ چـۇمۇلـە
ئىزىدەك تارتۇق ئىزلىرى پەيدا بولۇپ ، يە-
گىتلىك هوسىنىگە يېتەرلىك دەرىـجىدە نـوقسان
يەتكۈزدى .

جەمىيەتتە بۇ هادىسە ئوستىدە ئـۇششاق
سوز - چوچەكلەر بولۇپ تۇرىدۇ . بولۇپمۇ زې-
رىكمىلىك بۇ تاغ - جىلغىلاردا بـۇنداق سوز -
چوچەكلەر تېخىمۇ ئاسان پەيدا بـولـۇپ تۇرى-
دۇ . سەممى كوڭۈللۈك كىشىلەرمۇ ياكى كوت-
كوت گەپلەرمۇ ، ئىش قىلىپ هەر ئـائـىلىـدە
سەخىلەر ئائىلىسى توغرۇلۇق پاراڭ بىر مەهەل
ئاق ئويلەردە ئاساسىي پاراڭنىڭ مەزمـۇنى بو-
لۇپ قالدى . ئەشتىك پىچاق كالىنىڭ سوڭگەچ
سوڭۈگىدە سۇنۇپتۇ دىگەندەك،بۇ كىلىشمەسلىك-
مۇ سەخىلەر ئائىلىسىنىڭ روناق تېپىۋاتقاندا
يۈز بەرگىنىنى قارىمامدىغان . بىراۋلار : "سە-
خى بۇ ئائىلىدە خۇددى تورۇسنـى كـوتـۈرۈپ
تۇرغان تۈرۈكنىڭ ئىگىلىپ قالغىنىدەك ئىگىلىپ
قالدى ، چارۋىلارنى قورۇلار بويىچە هـوددىگە
بەرگەندە هەش - پەش دىگىچە قەد كـوتۈرۇ-
ۋىدى ، بارلىق ئـۇمـىدىنى بـۇ يىلقى "تـومـۇر
چارۋا" غا باغلاپ كوچكۇنـدە بـىلىدىن قـاس

چىقتى ....." دىيىشەتتى .

زەرىپ مـوماي كېلىنىنىڭ ئوتكەنـكى جـان
كويدۇرۇشلىرىنى سەخىنىڭ هىممىتى دەپ بە-
لەتتى . تىنى ئامان چاغدا جانىجان بولـغىنـى
بىلەن بۆگۈن مېيىپ بولغان سەخىگەگـۇلچېھرە
قانداق قارايدۇ ؟ بۇ - مۇمايغا گۇمانلىق سىر
ئىدى . ئۇ ئوز كوچۇرمىش سىناقلىرىنى ئـىشقا
سېلىپ ، كېلىنىگە سىناق نەزىرى بىلەن قاراي-
دىغان بولدى - يۇ ، قىلغان هـەر بـىر ئىشىغا
مەمنۇن بولۇپ،كوڭلىدىكى ئەندىشىلەرنى يېڭ-
ىنكلەتتى.

گۈلچېھرە بۇ تۇگۈنلەرنى ئەلۋەتتەچـۇشۇ-
نەتتى . شۇڭا بۇرۇنقىدىنمـۇ كـوپرەك ئىشنىڭ
ئېغىرىنى ئوستىگە ئېلىپ ، سەخىنىڭ مېيىپلى-
گىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى .

بىر كۈنى راۋاپ چېلىۋاتقان سەخى گۈلچېھ-
رەدىن تاسادىپى سوراپ قالدى . بەلكىم ئـۇ ،
گۈلچېھرەنى سىنىماق بولـسا كېرەك .

— چېھرە ، كوپ جاپا چېكىۋاتىسىز، ئـۇ-
نىڭ ئۇستىگە مېنىڭ بارلىق ئېغىرلىقىم، ئائى-
لىنىڭ ئېغىرلىقى زىممىڭلارغا چۈشتى ، سىزنىڭ
مەن ئۇچۇن بۇنچىلا جاپا چېكىشىڭەرنى خالە-
مايمەن. سىزمۇ باشقا ئاياللارغائوخشاش يە-
نىكرەك ئىشلارنى قىلسىڭىز قانداق؟

— قانداق يېنىك ئـىش قـىلـىـدىـكـەن-
مەن ؟ هازىرمۇ مۇز تاغ چوققىسىنى يـۇدۇۋا تـ-
مايمەنغۇ ؟...

— چېھرە ، مەن ئانامنىڭ رەنجىتمىشىدىـن
ئەنسىرەيمەن ، سىز هەقىقى بەخـتلـىك بـولال-
مىدىڭىز ، مەن سىزنىڭ كىيىك بالىسىدەك ئەر-
كىن بولۇشىڭىزنى خالايمەن .

ياپىدا گەپلەرنى بۇرۇندىن قىلىشىپ كورگەن-
لىكىدىنمۇ، سەخىنىڭ سوزىنى گۈلچېـھرە تـو-
لۇق چۇشەندى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە خۇددى يىڭ-

① تاجىكلار تۇل قالغان ئايالنى ‹‹بېشى يالىڭاچ›› دەيدۇ .

نە سانچىلغاندەك، بېشى گاراڭ بولۇپ قالاي دېگىلى تاس قالدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ سەخى، مەن بارلىقىم بىلەن ئاتا - ئانىلارنى ئۆز ئاتا - ئانامدەك ئاسرايمەنكى، ئۇلار مېنىمۇ سەخىدەك ئوغلىمىز دەپ قالسۇن!

بۇ ئاددى سوزلەر بولسىمۇ، ساداقەتلىك يۈرەكنىڭ ساداسى ئىدى.

بىر يىل، ئىككى يىلمۇ ئوتتى…

سەخىلەر ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىدا زور يۈكسىلىش بولدى. ئۇلار خېلى قولىدا بار ئالدىنقى ئائىلىلەر قاتارىغا ئوتتى. زەرىپ مومايىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئوزگىرىش بولدى. گۈلچېھرە ناھىيىدە ئېچىلغان « قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى » دىن قايتىپ كەلگەندە، قىينى ئانا ئۈچۈن 5 كىلو پەملە چاي، بىر كىيىملىك دۇخاۋا، بىر كىيىملىك يېشىل رەڭلىك ئەتلەس، بىردانە قەشقەر مەيىسىدىن ئېلىپ كەلدى. ئەمدى موماي تاش چاينى ئىچمەيدىغان بولدى. بۇ چاي خۇمارى موماي ھەر ئايدا كىلولاپ ئالىدىغان پەملە چاينىڭ تەمىنى تېتىغاندا، ياخشى كېلىنىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى كۈنسايىن بىلىشكە باشلىدى بولغاي، كىشىلەرگە: « ياخشى كېلىن جانغا راھەت » دەيدىغان بولدى.

كىشىلەرمۇ:«گۈلچېھرە بىر ئائىلىنىڭلا ياخشى كېلىنى ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ ئوبدان قىزى، ئۇ چارۋىلارنى ئۆز پەرزەنتىدەك بىلىپ ياخشى باقىدۇ، ئۇ ئاڭلىق قىز، سوتسىيالىزىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلىدۇ، ئۇ ئوزى ئۈچۈن ئەمەس، كوللىكتىپ ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ » دېيىشتى.

كۈنلەرنىڭ خوش سوزلەر بىلەن، بەرىكەتلىك-مەمۇرچىلىق بىلەن ئوتۈشى قىينىئانىدىكى چىگىش خىياللارنى تەل - توكۇس يوقىتىۋەتتى.

ئوتكەن يىلى يېزا سەياسەتنى ئەمەلىلەشتۈرۈپ، چارۋىلارنى قورولار بويىچە ھوددىگە بەرگەندە، مويسىپىتلار باش لىڭشىتىپ، دەرگۇمان بولۇپراق قالغان ئىدى، ئۇلارنىڭ غېمى باشقىلاردەك « يەنە سىياسەت ئوزگىرىپ قېلىش » تىن ئەمەس، بەلكى، سەخىدەك قاۋۇل ئەمگەكچىنىڭ يوقلىغىدىن بولۇپ، ئۇلار گۈلچېھرەنىڭ بۇ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. ھالبۇكى، گۈلچېھرە بوۋايغا: « ئاتا غەم يىمەڭ، ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، مانا بۇ سوتسىيالىزىمنىڭ ئەۋزەللىكى، كوپنى كورگەن كوپ بىلۇر، ماڭا بامەسلىھەت ئەقىل كورسەتسىڭىز، مۇكاپات سومىسىلا ھەر يىلقى دارامەتتىن ئېشىپ كېتىشىدە گەپ يوق» دېدى.

شۇ يىلى ئومۇمى چارۋا كوپىيىشى، تولۇپ ئېلىش نىسبىتى يۈزدە - يۈز بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەم - خەشەك تېجەپ قىلىندى. چارۋا خام ئەشيالىرى يۇڭ، تىۋىت، قۇرۇت، سېرىقماي ۋەزىپىدىن 50 پىرسەنت ئارتۇق ئورۇنلىنىپ، 17 چوڭ قوي، 11 قوزا ۋە ئېشىنىدى قىسمىنىڭ مۇكاپاتى بولۇپ 2 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. شۇ يىللىق دارامەت بىلەن قوشقاندا، كىرىم 3 مىڭ يۈەن بولۇپ قالدى.

راستىگەپنى قىلغاندا، بوۋاي بىلەن زەرىپ ئىككىسى ئومرىدە بۇنداق چوڭ ساننى ئاڭلاپ باقمىغان، بۇ قالتىس ئامەت ياشانغانلارنى گاڭگىرىتىۋەتتىمۇ نىمە، يىل بويى قانداق سودىلىقلارنى قىلىدىغانلىغىنى سوزلىشىپ بىرلىككە كېلىپ بولغىچە 1983-يىلمۇ كىرىپ قالدى. قاراڭ بۇ ئامەتنى، يەنە يىللىق كىرىم 3 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. بىر ئاددى چارۋىچىدا ئىككى يىلدىلا ئامانەت پۇلى 5 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شەخسى چارۋىسى 100 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى!…

يىل ئاخىرى 5 مىڭ يۈەنلىك بانكا چېكىنى

تاپشۇرۇپ ئالغان بوۋاي ھاياجانلانغانلىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەپتىنمۇ، ساقىلى سەل تىترىگەن ھالدا چەكنى گۈلچېھرىگە ئۇزىتىۋېتىپ:

— قىزىم، بۇ سېنىڭ مېھنىتىڭ، بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ ئائىلىنىڭ باشلىقى ئۆزەڭ بولىسەن، مە، ئال، خالىغان نەرسەڭنى ئۆزەڭ سېتىۋال، ھېلىقى ئاياللار ئارزۇلايدىغان كىرسىتىشنى ئېنىڭلىشىن، شىپەك دەيدىغانلاردىن ئېلىپ كەيگىن... -دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان گۈلچېھرە ياغ چىقىرىۋاتقان كۈپكىدەك① بۇلدۇقلاپ كۈلىۋاتاتتى. ئورنىدا ئولتۇرغان سەخىمۇ كونا جاراھەتلىرى زىڭىلدىغىنچە تېلىقىپ كۈلىۋاتاتتى.

— نېمە كۈلىسىلەر؟ راست ئېيتىمىغۇ — كوپ ھاللاردا زەرىپ بوۋاي گەپ - سۆز قىلغاندا ئۆزىنى كەم سۆز قىلىپ كورسىتىشكە تىرىشسىمۇ، ئۇنىڭ كوڭلى قويمايتتى. ئاخىرى ئۇمۇ گەپكە ئارىلاشتى.

— مۇنداق قىلايلى، ئالدى بىلەن چېھرە قىزىمىزغا بىر كىيىم تىككۈش ماشىنىسى ئالايلى، بۇ تاغدا باشقىلارغىمۇ نەپ تېگىدۇ. باي بولغاندا قولى كەڭرەك بولۇش كېرەكتە، سەخىگە تاللاپ بىر ياخشى ئات ئالايلى...

— خوش، يەنىچۇ؟ -دېدى بوۋاي تىلىنىڭ ئاستىغا بىر چىمدىم ناس سېلىۋېلىپ.

— ئاتا، مېنىڭچە مۇنداق قىلايلى، - دەپ سۆزگە قوشۇلدى گۈلچېھرە، - كىيىم تىككۈش ماشىنىسىنى ئالايلى، ئۇ بۇ تاغدا ھەممە خوشنىلارغىمۇ ئېھتىياجلىق. ئاتنى مىنىش ئۈچۈن تېنى ساغلام ئادەم بولۇش كېرەك، مېنىڭچە ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، سەخىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ داۋالىتايلى، ئاندىن ئاتنى مىنىدىغان ئادەم بار بولىدۇ.

ئۆزپەرزەنتىنىڭ مەڭگۈ مېيىپ بولۇشىنى كىممۇ خالىسۇن؟! لېكىن سادda بوۋاي، موماي ئۇنىڭ ھاياتلا قالغىنىغا خۇرسەن ئىدى. يولنىڭ باشقىچە بولۇپ، مېيىپ ئوغلىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىت قىلىسىمۇ، ئامال يوق، دەپ قارايتتى. ئەسلىدە سەخىنى دەل ۋاقتىدىمۇ ناھىيىدىن يوتكەپ داۋالىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇ چاغدا شەخسى دارامىتى دېيەرلىك ئەمەس ئىدى. ھەمدە سەخى ئۆزىمۇ بىرىنچى قوشۇلماي قالغان ئىدى. ئۇ « مەن ئۈچۈنلا كۈتكۈشى دوختۇرخانىدىن مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنسا، قالغان چارۋىچىلار بۇنىڭدىن داۋالىنامدۇ؟ كىيىن يولى تېپىلغاندا بىر ئىش بولار» دەپ رەت قىلغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ يولى تېپىلدى. ئۇلار كوللىكتىپقا ئىغىرچىلىقسىز ئۆزلىرى چىقىمنى كوتىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. گۈلچېھرەنىڭ بۇ سۆزى ئاتا - ئانىسىنىڭ كوڭلىنى يايرىتىۋەتتى بولغاي، شۇندىن تارتىپ ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن كېلىپ سەخىنى ئېلىپ كېتىشنى تۆت كوز بىلەن كۈتىدىغان بولۇشتى.

× × ×

بىز باشتا دىگەن ياقىلىرىغا كەشتە تىكىلگەن كوينەك گۈلچېھرەنىڭ سەخىگە تۇتىدىغان يوللىقى ئىدى. گۈلچېھرە كەچتە پادىلارنى قوزغاپ ئېلىپ كەلگەندە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى بىر - بىرلەپ ھېكايە قىلدى.

— ھوي، ھوي، بورىكەندە؟ -جىددىيلىشىپ سورىدى بوۋاي.

— ھەئە، كېيىكلەر-سەكرىك چوققىسىغا ياماشقاندا، ئىككى گانالىق ( جۈپ ) بورە شىغىلتەكتىن شولگەيلىرىنى ئېقىتىپ قېلىشتى. ھەممۇ ياخشى پادىلارغا يولۇقمىدى، بولمىسا چوڭ زىيان بولاتتى...

① كۈپكە- ياغ چىقىرىش سايمىنى.

سىز بورىنى گۈلچەھرەدەك ھەر كۈنى ئۇچ-
راتماسلىقىڭىز مۇمكىن. بۇ بىر يىرتقۇچ ھاي-
ۋاننى بىر زومىگەر جاللات دىسىمۇ بولىدۇ. ئىپ-
تىشلارغا قارىغاندا، بورە قوينى بىر چىشلەپلا
ئۇشىنىسىگە ئارتىپ ماڭىدىكەن، ئاغزى يەتتىمۇ
بولدى، بىر قوي بىلەن چەكلەنمەيدۇ. يەنە بىر
نەچچىنى جىنىدىن جۇدا قىلمىغىچە تىنمايدۇ.
ئەگەر ئۇچراپ قالسىڭىز ۋاقىراشقا تىلىڭىزمۇ
كالۋالىشىپ قالىدۇ، تەبىئى ھالدا بەدىنىڭىزگە
تىترەك ئولىشىدۇ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، گۈلچەھرە ھىلىقى
كوينەكنى سەخنىگە ئۇزاتتى ۋە دىدى:

— ماۋۇنى ئېلىڭ، ئەگەر يېقىنىدا مېڭىپ
قالسىڭىز ئۇرۇەچىدە كىيىڭ، بۇ پامىرنى ئەسلە-
تىپ تۇرار.

— مەن ماۋۇنى ئالاي، — دەپ گۈلچەھرە ئېپەن-
لىق ئۇۋ مىلتىغىنى ئالدى، مانا بۇ كۆتۈلمە-
گەن ئىش. بۇ تاجىك تۇرمۇشىدا ئاياللار ئۇۋ
مىلتىغىنى ئىشلەتمەكچى بولغان تۇنجى قېتىم-
لىق ئىش ئىدى.

— تىڭشەيلى، مەن بورە ئاتىمەن.

— نىمە؟ — زەرىپ موماي ئورنىدىن چاچراپ
قوپتى. بۇ خۇدا كۈي موماي ئەزەلدىن ئايال-
لارنىڭ مىلتىق تۇتۇشىنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا
ئۇ ئەسلىدە ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرىدىغان
بولسىمۇ، ھازىر دەسلا ئورنىدىن تۇردى.

— قىزىم، خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن، مۇشۇكۈن-
گىچە خۇتۇن خەقنىڭ مىلتىق كوتەرگىنىنى كور-
مىگەنمەن. — ئۇ مىلتىققا قول ئۇزاتتى، ئۇنىڭ
كوك تومۇرلىرى تەرىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپلا
قالاي دىگەن قولى تىترەۋاتاتتى. قولى ئەمەس
بەلكى، پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتاتتى.

— ئانا، ئۇ مىلتىق ئېتىشنى بىلىدۇ.

ياستۇققا يولىنىپ ئولتۇرغان سەخنىنىڭ خىـ-
يالىدىن بۇنىدىن 8 يىل بۇرۇنقى كورۇنۇش
لىپ قىلىپ ئوتتى. ئۇ چاغدا ئاپتونوم ناھىيە-
نىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىدا گۈلچەھرە
ئات ئۈستىدە مىلتىق ئېتىش ماھارىتىدە ئەلا-
چى بولغان ئىدى.

ھەقىقى، سەممى يۈرەكلەر قانداقمۇ بىر -
بىرىنى رەنجىتەلىسۇن؟ ئۇ چاغدا ئۇ ئوزى گۈل-
چەھرىگە ياردەملىشىپ ئات ئۈستىدە ئېتىشىنى
مەشق قىلدۇرغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدىچۇ، ئۇ
ئوزىنىڭ سۆيۈملۈك يولدىشى ئەمەسمۇ؟

— ئېلىڭ، ئاۋۇ ئوقدان، تەييارلانغان قارا
دورا، ئوقمۇ بار، مىنىڭ سويۈملۈك ئايال پەل-
ۋانىم!

يېرىم كېچە ئەتراپىدا قورۇ باققۇچى ئىتلار
ھاۋشىماقتا، گۈلچەھرە بۇ تىنىمسىز كېچىدە
كىرپىكمۇ قاقمىدى، شۇ ۋەھشى بورىلەر يەنە
ھۇۋلىشىۋاتاتتى. خەير، ئەتىلىككە بىرىڭنىمول-
لاق ئاتقۇزمىسام! دەپ ئويلايتتى ئۇ ئاق ئوي-
نىڭ تۈڭلۈكىدىن ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈر-
گىنىچە.

ئەتە تاڭ ئاتىدۇ، گۈلچەھرە قوي پادىلىرىنى
ھەيدەپ مىلتىغىنى كوتىرىدۇ. شىغىلتەك يايلى-
غىدا بۇ ئايال پالۋانغا مىلتىق تېخىمۇ ھوسىن
قوشىدۇ. ناۋادا بورىدىن بىرەرنى تىك موللاق
ئاتقۇزسا، زەرىپ موماي بۇ كويۈمچان كېلىنى-
دىن قانچىلىك مىننەتدار بولار؟ خوشنىلار بۇ
خوش خەۋەرنى ئاڭلاپ: « گۈلچەھرە!
پالۋان گۈلچەھرە!» دەپ ماختىشار...

# ھېيتكادا ھېيت كۈنى

(داستان)

مىر زاھىد كېرىمى

### مۇقەددىمە

يىل بويى توشۇپ لىق نازۇ ـ نىمەتكە،
دىخاننىڭ ئەجرىدىن ياشنايدۇ ھېيتكا.
ھاياتقا مۇھەببەت ئۇرغۇتۇپ، دەرتلىك ـ
ھىجراندىن ۋىسالغا باشلايدۇ ھېيتكا.

نىمىشقا مەن يازماي بۇ ھەقتە داستان،
پاك سۆيگۇ ـ ۋىژدانغا ئوقۇپ مەدھىيە؟
قالمايتتىم ئارماندا، بۇ داستان ئەگەر
كىشىلەر كوڭلىگە ياقسا، ئەرزىسە.

## 1- باپ

### كۈتمىگەن ئۇچرۇشۇش

ئالتۇندىن ياسالغان ئوقيانى بەتلەپ،
كۈن ئۇپۇق يۈزىدىن نۇرىنى ئاتتى.
سىلكىپ دەل ـ دەرەخنى زىمىستان ئەدەپ،
قۇلاققا نەشتىرىن سانجىپ چاقاتتى.

كۈندىن زەر چېچىلغان،
ھاۋادىن سوغۇق،
قەشقەرنىڭ بۇ قىشى ئاجايىپ شۇنداق.
كېلەتتى كىشىلەر كوڭلىدە خوشلۇق،
مۇشۇ تاپ ھېيتكاغا ئاچقان كەڭ قۇچاق.

چېلىنار بەشتاقتا سۇناي ۋە ناغرا،
ياڭرايتتي شوھرەتلىك بۇ شادىيانە،
ياڭرايتتى ئاقىرىپ چاقنىغان تاڭدا...
بۇ كۈتكەن مۇراتتىن ئىدى نىشانە.

ئىشق بىلەن ساماغا چۈشكەن ياش ـ قېرى،
سەكرەپ پىر ئايلىنىپ ياسايتتى قاينام.
دەبدەبە ئىچىدە ئەنئەنە سېرى،
باشلاندى مۇقەددەم قۇربان ھېيت ـ بايرام.

× ×

... چەكمەن تون ياراشقان تەمبەل بەستىگە،
بىر يىگىت ساماغا كوز سېلىپ تۇرار.
ھەسرەتنىڭ ئۇچقۇنى ئويچان كوزىدە،
گوياكي مەشئەلدەك ئوت ئېلىپ تۇرار.

ئايلىنىپ، قول تاشلاپ، سەكرەپ، پۈت يوتكەپ،
گاھ كوككە قاراپ، گاھ ئىگىلىپ يەرگە؛
كوڭۈل دەرياسىدا ئىشقى ئوركەشلەپ،
خەلق ساما سالاتتى چومۈلۈپ تەرگە.

ئاق رومال، كوك رومال، ھال، قىزىل رومال ـ
سالغان قىز ـ جۇۋانلار ــ پەرىلەر توپى.
يىگىتكە گۈلزاردەك كورۈنەر شۇ ھال،
ساماغا تەلپۈنۈپ ئىگىلگەن بويى.

كاۋاپىنىڭ پۇرىغى، شورپىنىڭ ھورى،
ئۈرىدۇ يىگىتنىڭ دىماقلىرىغا.
«شەرۋەت ئىچ! ياغ-گوش يە! -جانىنىڭ ھوزۇرى»
دىگەن ئۈن ئىشتىلىپ قۇلاقلىرىغا.

«كەپتۇ ئوز ئەكسىگە قەشقەرنىڭ پەيزى ...» ـ
دەپ يىگىت خىيالچان تاشلىدى قەدەم.
(كېچەتتى كوڭلىدىن سەرگۈزەشتىسى،
مۇشۇ ئان ئۈنىڭغا بولۇپ غەم .. ئەلەم...)

خېرىدار چاقىرىپ توۋلايدۇ باققال،
نىمەتكە رەستە، يول لەق توشۇپ كەتكەن.
جىگدە، قاق ھەم ياڭاق، ئانار، كوك ئامۇت،
توڭدا بال .. مىرابىا، ئىدىشتا گۈلقەن...

بەس .. بەستە يىمىلەر پىچىلغان قوغۇن،
مۇناقى سۇكەندە، تەۋەڭدە ئاق نان.
ئەسلىمەس نىچۈن ئۇ يۇرتى تازغۇننى؟
مىۋىنىڭ كانىدۇر، باغىرى بوستان...

بىر سايىل ئايالنى كوردى ئۇ يىگىت،
قول سۇنۇپ ئولتۇرغان مۇنار تۇۋىدە.
توختىدى سەپ سېلىپ، كەلدى يېقىنلاپ،
كورۈندى تونۇشتەك ئىسسىق كوزىگە.

ئەنە، ئوڭ يېنىدا سايىل ئايالنىڭ،
قامەتلىك بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى.

ئەنە، سول يېنىدا كوزلىرى يۇلاق،
چاچلىرى چۇۋۇلغان قىز ئولتۇراتتى.

«خۇدايىم مۇراتقا ئوزى يەتكۈزسۇن...»
دىدى ئۇ مەزلۇمە ئىلتىجا بىلەن.
«خۇدايىم قايغۇنى سىزدىن كەتكۈرسەن...»
دىدى ياش ئوغۇلمۇ ـ سوزلىدى چېچەن.

«خۇدايىم سالامەت قىلسۇن جان ئاكا!...»
دەيتتى ھەم ياش قىزمۇ مۇلدۇرلەپ قاراپ.
يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى زىر ئېتىپ كەتتى...
قىلار كىمن ئەمدى ئۇ نىمە دەپ جاۋاپ؟

توختىغان پېتىچە مۇنار تۇۋىدە،
ئۇ يىگىت ئايالغا قالدى تىكىلىپ.
ئەجىبا ياش تولدى ئۇنىڭ كوزىگە،
كەتكەندۇ سايىلغا ئەلھال ئېچىنىپ؟

ــ سىز نەدىن كەلدىڭىز؟ ــ سورىدى يىگىت،
ــ تازغۇندىن ... ـدەپ ئايال تىكىرقاپ قالدى.
ــ ئىسمىڭىز گۈلبۈۋى ئەمەسمۇ سىزنىڭ؟
دەپ يىگىت ئىگىلىپ يەنە سەپ سالدى.

ــ ھەئە، مەن گۈلبۈۋى! سىز... سىز ئېيتىڭا ...
بۇ ئايال توگەتمەي تۇرۇپ سوزىنى؛
ــ مەن رېھىم، مەن رېھىم! ـ دەپ يىغان بىلەن
ئۇ يىگىت سايىلنىڭ تۇتتى قولىنى.

ــ ئەزىزىم مەن كەلدىم، دىگەندە، ئايال:
ــ رېھىمجان، بۇ سەنمۇ؟! ـ دىدى ئىنتىزار.
كۆتمىگەن بىر چاغدا ھېيتكا دا ھېيىتتا،
ئەر ـ خوتۇن تويۇقسىز كورۇشتى دىدار.

نە ناغرا ئاۋازى، سۇناي ساداسى،
كىرمەيتتى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا.
سەكرىشىپ قىز ـ ئوغۇل: «دادا!... ئانا ...» دەپ
چومۇلدى تاشقان قوش بۇلاقلىرىغا.

ئوپ - ئوچۇق كوزلەرى تۇرسا مولدۇرلەپ،
سەزمەستىن يارىنىڭ ئەمالىغىنى:
«قاي تەقدىر سالغاندۇ ئۇنى بۇ كويغا ...؟»
دەپ يىگىت سورايتتى ئايال ھالىنى.

شۇ تاپ قارچۇلالاپ تۇرغان مۇنارنىڭ —
تۇۋىدە ئەجەپ بىر كەچۇرمىش ئوتەر.
ئەر - خوتۇن، باللار گىرە سىلىپ،
قايغۇرۇپ، سۇيۇنۇپ، يىغلىشار، كۇلەر...

# 2- باپ

## رىھىم ۋە گۇلبۇۋى

ئۇلارنىڭ بىشىغا كەلگەن دەرت - ئەلەم —
نىمىدۇر؟ مەن قىلاي ئەمدى ھىكايە.
ئۇلارنى جىن ئەدەس، خۇرلۇق ئايرىغان،
يوق زىنھار بۇنىڭغا باشقا باھانە.

ئۇ يىگىت، شۇ ئايال تازغۇنلۇق ئىدى،
ئىككىسى چوڭ بولغان بىر مەھەللىدە.
ئىككىسى مەكتەپتە بىرگە ئوقىدى،
يىلسىرى بوي تارتىپ تولۇپ ھوسنىگە.

توغۇتتا ئانىسى بولغانتى ۋاپات،
كوز ئاچقان رىھىمگە دىدار كورسەتمەي.
بىلىپ بۇ ئوغلىنى ئاتىسى قانات،
كەلگەن شۇ كەمگىچە تەنھا، ئويلەنمەي...

ئۇنىڭدىن ئامەتلىك ئىدى گۇلبۇۋى،
ئوستى شوخ قىينىپ ئۇ، ئوغۇز سۇتىگە.
«ھور قىزىم»- دەپ سىلاپ ئاتىسى ئۇنى،
ئاررۇلاپ باقاتتى قاراپ كوزىگە.

ئوچۇپ ئوت ئويلەرنىڭ ئوچاقلىرىدا،
يىگەندە دىخانلار داش قازاندىن ئاش؛
كەتكەنتى ئىلىغا قىزنىڭ ئاكىسى،
ئاچلىقتىن ئەمگەككە بىرەلمەي چىداش.

«پات كەلگىن ئاكا!» - دەپ قىچقىراتتى قىز،
ھەر ئاخشام بىشىنى تىقىپ مورىغا...

مەكتەپكە ماڭغاندا كوز تەگمىسۇن دەپ،
ئانىسى سالاتتى ئىسرىق بويىغا.

يانغاندا ئوقۇشتىن رىھىم ئىككىسى،
كىملەتتى ئىپتىزدىن بىللە ئوت ئوتاپ.
بىللە قوي باقاتتى، بىللە ئوينايتتى.
چۇشۇپ بىر-بىرىگە كوڭلى يالقۇنجاپ.

× ×

سىرىقتال ئوتەتتى دىخاننىڭ كۇنى،
سۇبھىدىن شامغىچە ئىشلەپ ھىرىقىپ.
گۇلبۇۋى دادىسى ياندى قاپقىدىن،
سوغ تىگىپ ئوپكىسى ئاغرىپ، چىڭقىلىپ.

دۇنيادا ئەجەلگە بارمۇ بىر داۋا؟
ئوچ ئاي قان تۇكۇرۇپ ئوتتى ئالەمدىن.
تارتىپ ئىچ ئاغرىقى سارغايدى ئانا،
گۇلبۇۋى نائىلاج قالدى مەكتەپتىن.

بازاردىن نەرسىنىڭ چىرايلىقىنى،
ئەمدى ئۇ دادىسى كەلمەيدۇ ئىلىپ.
ئانىنى قولتۇغلاپ يولەپ گۇلبۇۋى،
يوقلايدۇ قەۋرىنى ئاق رومال سىلىپ.

پەرزەنتىنىڭ يەختىنى ئىزدەپ تۇغۇلار،
ئاتىنىڭ ئاررۇسى، ئانا تىلىكى.
ۋاقتىدا گۇل ئىچىپ شۇ ئاررۇ-تىلەك،
گۇلبۇۋى، رىھىمنىڭ قوشۇلدى بىشى.

كەلتۈرۈپ چوڭ ئاپەت، بولۇپ زور بالا،
"ئۇر، يىقىت! . . ."باشلانغان چاغدا ئۇ زامان؛
بىر كەچكۈز ئاخشىمى بولدى نىكاھى،
ۋە لېكىن توسۇلۇپ تويى بولمىغان.

تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئوغلى مىرادىل،
ئۇلارغا يېنىشلاپ كەلدى مۇسىبەت.
گۈلبۇۋى ئانىسى ئۇتتى دۇنيادىن،
كۈيۈغۈل، قىزىغا قىلىپ نەسىھەت:

"تاپىدۇ ۋاپادىن ئايال سائادەت،
ئەر كوكلەر يۈرتىغا قويسا مۇھەببەت.
گۈللەيدۇ ئائىلە بولسا ساداقەت،
باسمىسۇن باللىرىم سىلەرنى غەپلەت . . ."

باسمىدى بۇلارنىڭ ئۈستىدە غەپلەت،
ۋە لېكىن تۇشمۇ-تۇش قايغۇ-غەم باستى.
سوز-چوچەك كوپۈيۈپ، تىنجىماي غەۋغا،
بۇلارنى قاتمۇ-قات دەرت-ئەلەم باستى.

× ×

بىر كۈنى مەجلىستە چىداپ تۇرالماي،
رېھىمنىڭ ئاتىسى سوزلىدى قايناپ:
— مانىھ، بىز ئادەمغۇ!؟
نىمە تاپىمىز
ئىتتەك ئوزىمىزنى ئوزىمىز تالاپ؟

بىزگە يەر، بىزگە ئەرك بەرگەن پارتىيە
ھامانىم يول قويماس زورلۇق-زۇلۇمغا.
خالايمەن ئېتىزدا ئەمگەك قىلىشنى!
ماڭىمەن يەنە شۇ ماڭغان يولۇمدا.

"ئىسيانچى» ئوكتەملەر باشلىغى سايىم،
بۇ ئاقىل دېخاننىڭ بوغدى گېلىنى.
باغلاپ پۇت-قولىنى، ئاستى تېرەككە،
ۋەھىمە تارقىتىپ،قىيناپ جېنىنى.

× ×

تاڭ سەھەر جاڭگالغا ئوتۇنغا كەتكەن،
رېھىمجان ئويىگە كەلدي كەچقۇرۇن.

گۈلبۇۋى ئالدىغا چىقتى ئاق بىلەكلاپ،
"ئاھ، دادام!» دەپ يىگىت يىغلىدى ئۇزۇن.

ياتاتتى كارۋاتتا كوزلىرى ئوچۇق،
ئېڭىكى چېتىلغان ئېزىز ئاتىسى.
كوكتىكى بۇلۇتتەك چىرايى تۇتۇق،
بويىندا ئارقاننىڭ قانلىق يارىسى . . .

"كورمىسگەن ئىدىم مەن ئانا يۈزىنى،
سەندىنمۇ ئايرىلدىم ئاتىجان، نىتەي؟
ئويايمۇ شۇ قانخور مەلئۇن كوزىنى؟
ئىنتىقام ئېلىشقا جېنىمنى تىكەي. . ."

دەپ شۇ ئان ئالدى ئاي پالتىنى رېھىم،
ئىشككە ئېتىلدى بولۇپ دەر غەزەپ.
بوشۇكتە ئېلىقىپ قالدى جان بىۋۋاق،
چىقتى گۈلبۇۋىمۇ كەينىدىن يۈگۈرەپ.

رېھىمجان ئۇچرىدى سادىق ئاكىغا،
كېلەتتى دېخانلار بىلەن ئالدىراپ.
— بۇ كەچتە قەيەرگە بارىسەن ئوغلۇم؟
توختىغىن!- دېدى ئۇ ئەپتىگە قاراپ.

× ×

رېھىمگە ھەر دائىم كورۇنۇپ تۇرار،
شۇ قانلىق پاجىئە، ئېغىر مۇسىبەت.
ھەم سادىق ئاكىنىڭ سوزى ئاڭلىنار،
"ئوزۇڭنى چىڭ تۇتقىن، يېڭەر ھەقىقەت . . ."

رېھىمجان غەۋغادىن تارتىپ ئوزىنى،
يۇتۇپ كۈن كوچۇرەر دەرتنى ئىچىگە.
كويۇنۇپ ئۇنىڭغا يارى گۈلبۇۋى،
تەسەللى بىرەتتى كۈندۈز-كېچىدە.

نىھايەت قوش قىردىن، ئىش چىقتى ئىزدىن،
مۇنبەت يەر ئايلاندى تاكراڭ ئېگىزغا.
قاچۇرۇپ ئوزىنى رېھىم "ئىسيان» دىن،
ئىشلىدى تەر توكۇپ شورلۇق ئېتىزدا.

بىر ئاخشام ئەترەتنىڭ باشلىقى سايىم،
چاقىردى ئۆيىدىن رىھىمنى تۇۋلاپ.
— ئىنقىلاپ كەلتۈردى سەن ئۈچۈن ۋاھىم،
دىدى ئۇ يەر تېپىپ، ئالىيىپ قاراپ.—

سىنىپىي كۆرەشتىن ۋاز كېچىپ، ئىشلەپ،
ئوزۇڭنى دۈشمەننىڭ قوينىغا ئاتتىڭ.
دەۋرىمىز ئەمگەكتىن ياشنىماس گۈللەپ،
قاتناشماي كۆرەشكە، پاتقاقا پاتتىڭ.

چىقمايسەن ئېتىزغا، نىمە دىسەم مەن،
شۇ ئىشنى قىلىسەن، كۆرەشتىن بەزمە.
بارمايسەن قۇرۇلۇشقا، ئالدامچى، خۇپسەن،
كىم ساڭا تامچىلىق قىل دىدى ئەزمە!

—سوئالىم بار سىزگە ھورمەتلىك غوجام،
ئەيتىڭا "ئىسيان» دىن نىمە پايدا بار؟
ئىككى يىل ئۇر ـ يىقىت بىلەن مەن ھاردىم،
ئېتىزلار شور باغلاپ، قالدىم ئاچ ـ زار.

يەر قاتتىق! يۇمشىماس تەگمىسە كەتمەن،
جان تاتلىق! باقماق تەس بولمىسا ئاشلىق.
كۆرەش دەپ يىلسىرى بولدى خەلق دەرتمەن،
پايدىسى بار، دىسە سىزگە بار باشلىق.

مەن دىخان، ئىشلىسەم ـ چىشلىسەم دەيمەن،
مەنسەپتىن، دولەتتىن ھىچ تامايىم يوق.

مەن بالا ـ چاقامنىڭ غېمىنى يەيمەن،
سىز كەبى سەمرىشكە خۇش ئارامىم يوق.

رىھىمنىڭ سوزىدىن كەتتى چىچاڭشىپ،
ۋىژ قىلىپ كوكۇيۇن چاقىان ئېشەكتەك.
سايىمنىڭ بوزاردى كوپۇپ، تاتىرىپ ـ
چىرايى يامغۇردا قالغان كېسەكتەك.

— نىيىتىڭ بۇزۇلغان، بىلمەيدۇ دىمە،
ئىسياننىڭ كۈچىنى كورىسەن ئەمدى.
بىز ئىگە ھەممىگە، بىز ئەلگە ئىگە،
بىز ياقىان گۈلخاندا كويىسەن ئەمدى.

سايىمنىڭ كوزلىرى چەقتى پۇلتۇيۇپ،
ھومۇيۇپ، كەينىگە ياندى ئالدىراپ.
ئۇ، " كۆرەش " قىلىشقا " ئاما " نى يىغدى،
باغلانغان رىھىمنىڭ قەلبى ئىدى ساپ.

كەيگۈزدى قالپاقنى " بۇزۇق ئۇنسۇر " دەپ،
رىھىمنى سازايى قىلدى يېزىدا.
" بۇ مۇدھىش كۈنلەرمۇ ئوتۇپ كېتەر، دەپ!—
دەر ئىدى كوڭلىدە رىھىم،.. دەرىخا ... "

بىردىن ـ بىر خوشالىقى ئىدى گۈلبۈۋى،
پاك ئىدى ئۇلارنىڭ گۈزەل سويگۈسى.

## 3 ـ باپ

## كوز قىيىمىغان ئايرىلىش

لۈكچەك، دەپ ئاتالغان قىماۋاز سايىم،
لاي سۇغا بىر شۇڭغۇپ كوتەردى ئىسيان.
لىن بىياۋ رەسىمگە ئۇ قىلىپ تازىم،
ياشلارنى ئالدىدى، بولدى " ئاتامان ".

" قەھرىمان " ئاتالدى، چېقىش ـ بۇلاشتا،
رەڭگا ـ رەڭ مال بىلەن تولدى ساندۇقى.

قەستلەپ گۈلبۈۋىنى ـ لىۋەن ئايالنى،
رىھىمگە قادالغان ئىدى قارچۇغى.
پەيت يېتىپ كەلگەندە بوش تۇرامتى ئۇ ـ
ئىشلەتتى رىھىمگە شۇ كەبى زورلۇق.

ھەر دىخان ئويىنى باستى غەم ـ قايغۇ،
ھىچ كىشى قالمىدى تارتمىغان خورلۇق.

نازارەت ئاستىغا ئېلىندى رىھىم،
كەلدى ئۇ قاپقىغا نەچچە رەت بېرىپ.
ئويلايتتى: "بولسىلا ئامان بۇ جىنىم،
كورىمەن كۈن چىقار بۇلۇتنى يېرىپ. "

ياشايتتى شۇ ئۈمىت، شۇ ئىشەنچ بىلەن،
بوي بەرمەي ئىشلەيتتى ئازاپ، ھەسرەتكە.
ھاردۇغى چىقاتتى گۈلبۈۋى بىلەن،
مۇڭدۇشۇپ، سىردىشىپ ئويدە ـ خىلۋەتتە.

ئۇ قەرزدار بولمىدى، ئىشلەپ ھارمىدى،
قىينىلىپ كەتتى بەكجانلىرى ئۈپىراپ.
تاپاتتى ھەر كېچە دەرمان ۋىسالدىن،
بۇ ئىشچان ئەر ـ خوتۇن مېھرى يالقۇنجاپ.

× ×

تۇغۇلۇپ گۈلئەنبەر قوش بولدى بالا،
ئۆۋمىگە ئېسىلدى كورپە بولەنچۈك.
مىرادىل تەۋرىتەر …
بۇ سېغىل ـ ئاكا،
گۈلبۈۋى، رىھىمگە قانات ـ يولەنچۈك.

مىرادىل ئالتىگە كىردى، چوڭ بولدى،
ئۈچ ياشار گۈلئەنبەر يۈرەر كەينىدە.
دىنىپ تال چىۋىقنى " چۈھ! " دەپ سەكرىشىپ،
ئوستەڭنى ياقىلاپ كېتەر سەيلىگە.

ئاھ قانداق ياخشى ـ ھە، باللىق چاغلار!
بېغەم ھەر نەرسىدىن، ئويۇن بولسا، بەس.
ئىلانىۇ، قۇچقاچمۇ ئۇلارغا ئوخشاش،
تىزراق چوڭ بولۇشقا قىلىدۇ ھەۋەس.

ئاھانەت، ئازاردىن باغرى لەختە قان،
ئىشلەيتتى كالىدەك رىھىم كۈنۈ ـ تۈن.
گۈلبۈۋى ھالسوراپ: " ھاردىڭ، چارچىدىڭ.."
دىگەندە باش چايقاپ چىقارمايتتى ئۈن.

ئاشلىققا تىگىشىپ يەپ بولدى بۇيىل،
قالغان بىر قوينى قوزىسى بىلەن.
تۈيدۈرماي ئىرىگە ساتتى بىر كۈنى،
دۇخاۋا كوينەكنى ـ توي كۈنى كەيگەن.

ئۈزاتتى پۇلنى ئۇراستىنى ئېيتىپ،
ـ خىجالەت تارتماڭ! ـ دەپ ھوشيار گۈلبۈۋى.
تاملىرى ئوپۇرلۇپ چۈشكەن قاراڭغۇ ـ
تار ئوينى يورۇتتى ۋاپا شۇ كۈنى.

× ×

ئەتىسى رىھىمجان كەتتى قەشقەرگە،
" باللار ئۈچۈن رەخت ئېلىپ كېلەي " دەپ
تۈن يېرىم بولغاندا كەلدى يالاڭياق،
ئوزى ئاچ بولسىمۇ مەردانە دەسسەپ.

خوجىنىڭ بىر كوزى ئۇنىغا لىق تولغان،
بىر كوزى بوش ئىدى، قويدى سۇپىغا.
بىر ئەتلەس كوينەكنى ئالدى قويندىن،
ئالدى ھەم سامسۇنى ئىككى قولىدا.

مىرادىل، گۈلئەنبەر كوزلىرى چاقناپ،
" ماڭا! " دەپ ئېسىلدى، سۈيۈندى شۇنچە.
ماراپ ئاي تۈڭلۈكتىن قىلدى تاماشە،
چولپانغا دەپ بېرىپ ئالدى سۈيۈنچە …

ـ بىلەمسەن دىلبىرىم، ئۈننى، كوينەكنى،
مىڭ تەستە ئالدىم مەن، ئاشقان پۇلمۇ بار.
تون بىلەن ئوتۇكنى ساتتىم، رەنجىمە،
ئاچ، يىلىڭ قالمىساق بولدى، نەدەركار؟

يولدا مەن ئۇچراتتىم سادىق ئاكامنى،
ئۇ دەيدۇ: " بىر جايغا كەت كەلگىچە قىش.
سايىملار كوزىنى تىكىپتۇ ساڭا،
ئىنغۋاچى، دەپ سېنى قولغا ئالارمىش. "

بۇ گەپنى مەن ئۈچ ـ توت بۇرادىرىمدىن ـ
ئاڭلىدىم، سەن رازى بولساڭ، كېتەي مەن.
ئازاپتۇر مەن ئۈچۈن ئايرىلىش يۇرتتىن،
كېلىمەن، قانداقمۇ سەندىن كېچەيمەن؟!

تاپەلاپ قويدۇممەن سادىق ئاكىمغا.
بىلمىسەن، ئۇ كونا سىكرىتارىمىز.
هەر نە كۈن بىشىڭغا كەلسە، تارتىماي
ئىيىت ئاڭا، ئۇ بىزنىڭ هامان ئاتىمىز ···

دەپ رىهىم گۈلبۈۋى مەڭزىگە سۆيدى،
قىنىشماي ئەر - خوتۇن قانداق ئايرىلار؟
غۇر - غۇر كۈز شامىلى غازاڭنى توكتى،
مۇڭلۇنۇپ دەرەخلەر لىڭشىپ شىۋىرلار.

ئىشەندى گۈلبۈۋى سادىق ئىرىگە،
كۈتمىگەن سەپەرگە بولدى ئۇ رىزا.
ئاهۇدەك كوزىدىن ئىقىپ ياشلىرى،
دىدى ئۇ: «سەن ئۈچۈن جىنىم سادىغا!···»

باغرىغا باستى چىڭ ئوغۇل - قىزىنى،
ئەيتىپ گۈلبۈۋىنىڭ يىشمىنى رىهىم.
توتەيلەن يىپىشىپ هويلىغا چىقتى،
ئۆتمەكتە ئىدى بۇ ئەنسىز كىچە جىم.

شۇ چاغدا مىياۋلاپ كەلدى مۈشۈكى،
سۈركىدى ئوزىنى رىهىم پۇتىغا.
ياتقان ئىشىك تۈۋىدە ئىتمۇ خورىلداپ،
تۈردى - دە، ياماشتى رىهىم قولىغا.

بۇ تىلسىز جانلارنىڭ سىلاپ بىشىنى،
خوش ئىيتتى ئىچىدە يىگىت تارتىشىپ.
ئۇ سويۇپ بالىلىرى پىشانىسىدىن،
چىقتى ئىشىك ئالدىغا قىيماي ياندىشىپ.

خوشلاشتى گۈلبۈۋى سادىق ئەر بىلەن،
ئۇزىدى بۇ كىچە رىهىم سەپەرگە.
نىگارى ئاه چىكىپ قالدى خۇدا دەپ،
يولۇنۇپ تىرەككە، يىغلاپ شۇ يەردە.

قالدى ئۇ قۇچاغلاپ ئوغۇل - قىزىنى،
قالدى ئۇ ئوتىدا كويۇپ پىراقىنىڭ.
قالدى ئۇ چوڭ يولغا تىكىپ كوزىنى،
غىل- پاللا شولىسى چۈشكەن چىراقىنىڭ···

## 4 - باپ

## هالال تەردىن كورگەن نەپ.

ئۆتكەندە ئاتۇشتىن رىهىم پىيادە،
كەينىدىن ماشىنا كەلدى دۈ- دۈتلەپ.
ئالغاندا بۇ دىخان ئوزىنى چەتكە،
توختۇتۇپ ئۇنىڭغا شوپۇر سالدى سەپ.

چىقاردى كەپىنكە ئىچىگە ئۇنى،
رەهمەت دەپ ياش ئالدى رىهىم كوزىگە.
بۇ ئۇيغۇر شوپۇردىن بولدى مىننەتدار،
ياخشىلىق ئۇنتۇلماس دىدى ئوزىگە.

توقسۇغـا كەلگەندە چۈشۈپ قالدى ئۇ،
بەردى بىر چاپاننى شوپۇر خوشلۇشۇپ.
هۈنىرى ئەسقىتىپ تۇرۇپ قالدى ئۇ،
قىشچە بۇ يۇرتتا ئىشلەپ، تام سوقۇپ.

نوپۇسىڭ يوق ئىكەن، دەپ ئۇنى ئاخىر،
زورلىدى كىتىشكە چاقىرىپ ساقچى.
يول ئالدى شايارغا يىگىت باهاردا،
تەلەيمۇ ئۇنىڭغا بىر كۈلۈپ باقتى.

× ×

شايار مول هوسۇللۇق، خىلۋەت ئۇزدىيار،
ئەلۋەكتۇر بازارى، هەممە نەرسە بار.
چىمەنزار دالاسى سالقىن، بىغۇبار،
ئىقىپ يان باغرىدا ئارىم دولقۇنلار···

ئارىلاپ بوستانلىق يىزا - قىشلاقنى،
ئەپ كەلسە تامچىلىق قىلدى رىهىمجان.
ئاققۇزۇپ هالال تەر باقتى قوساقنى،
يەر كورپە، يوتقىنى بولدى كەڭ ئاسمان.

× ×

نۇر ئاكا شايارلىق ئاتانغان ئىشۇپ،
ئۇچراتتى رىھىمنى يازنىڭ بىر كۈنى.
ئۇي سىپاپ بىرىشكە قىلدى ئۇ تەكلىپ،
ئالدىغا قويۇپ نان، كىشمىش،ئۈرۈكنى.

كۈن ئوتتى، ئاي ئوتتى، ئوي كوتەردى قەد،
ئىشلىدى شايارلىق نەچچە ياش بىلەن.
گاھ كىسەل داۋالاپ، گاھىلاي توشۇپ،
نۇر ئاكا رىھىمدىن بولدى كوپ خۇرسەن.

كوڭلىدە رىھىمنى لايىق كوردى ئۇ،
ئانىسىز چوڭ بولغان يىتىم قىزىغا.
ئاق كوڭۇل، ئىشلەمچان يىگىت ئىكەن بۇ،
دەپ ئۇنى بىر ئاخشام تارتتى يېنىغا.

باراڭلىق سۇپىدا ئولتۇرۇپ دىدى:
رىھىمجان سىزدىن هال سورىيالمىدىم.
بىلمەن، سىز بىزنىڭ يۇرتتا مۇساپىر،
هاردىڭىز، مەن ئوبدان قارىيالمىدىم…

يىگىت نۇر ئاكىدىن بولۇپ مىڭ رازى
رەھمەت دەپ قىلدى ئۇ هالىنى بايان.
رەھىمدىل،خەلقپەرۋەر دانا ئىشۇپكە،
بولدى بۇ يىگىتنىڭ ئەهۋالى ئايان.

شۇندا نۇر ئاكىنىڭ باغرى سىرىلىپ،
قارىدى رىھىمگە هورمەت كوزىدە.
تارتىنماڭ بالام دەپ، كىتىشكە قويماي،
رىھىمنى تۇرغۇزۇپ قالدى ئويىدە.

× ×

باشلىنار تومۇزدا شايار ئومىسى،
كۈيدۈرەر يۈزلەرنى پەژقىرىم ئاپتاپ.
گىژىلدار هاۋادا غۇژمەك تومۇزغا،
قىزارغان يۇلغۇنلۇق ئۈستىنى قاپلاپ.

رىھىمۇيەڭ تۇرۇپ ئومىغا چۈشتى،
سول ئالار نۇر ئاكا ئۇنىڭ يېنىدا.

باغ باغلاپ كەينىدىن ئۇلگۈرمەي كىلەر،
ئىگىپ بەللىرىنى قىزى گۈلنىسا.

ئورۇلغان بۇغدايغا ئىگىشكەندە ئۇ،
تاشلىنار ئالدىغا قۇندۇز چاچلىرى.
پىشانە-چىكىدىن ئاققان تەر بىلەن،
ماي-مىدەك سۇغۇرلار يۇمران قاشلىرى.

دوغ ئىتىپ ئۇستەڭنىڭ مۇزدەك سۇيىدە،
تۇتىدۇ دادىسى بىلەن رىھىمگە.
ياڭرايدۇ ئىتىزدا ئوما ناخشىسى،
كۈچ- دەرمان، هوزۇر بەخش ئىتىپ هەركىمگە.

× ×

تىنجىق ياز كىچىسى ۋىڭىلدار پاشا،
قاۋار هەر هويلىدا ئىشىككە قاراپ ئىت.
چۇقىراپ سازلىقتا كۇرۇلدار پاقا،
خىيالچان ئولتۇرار مۇساپىر يىگىت.

ئىغىلدا هاڭرىسا كىرىلىپ ئىشەك،
مورەيدۇ كالىلار جۇۋازخانىدا.
كىشنەيدۇ تىپچەكلەپ سوۋۇتۇلغان ئات،
يۇرتىنى كەلتۇرۇپ رىھىم يادىغا.

قوتاندا قوي-پاخلان مەرەيدۇ سەكرەپ،
كاككۇك ئاق تىرەكتە سايرايدۇ مۇڭلۇق.
زىلال سۇ شىۋىرلاپ ئاقار ئىرىقتا،
رىھىمنىڭ يۇرىگى سوقىدۇ كۈچلۈك.

شۇ چاغدا دەستۇرخان سالار گۈلنىسا،
يۈزلىرى قىزىرىپ يەر تۇۋەن قاراپ.
كورىنەر رىھىمنىڭ كوزىگە شۇنداق،
ۋاپادار گۈلبۇۋى سارغىيىپ،ياداپ.

نۇر ئاكا بۇ دەرتمەن غەمكىن تامچىغا،
ئىچىنى ئاغرىتىپ ئاستا سوزلەيدۇ:
ــ شۇنداقكەن بىۋاپا جاهاننىڭ كارى،
جاپاغا چىدىغان ئاخىر كوكلەيدۇ.

ئوغلۇم، مەن بىر تىۋىپ، ئاتا مىراس بۇ -
كەسىپ بىلەن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزمەكتىمەن.
ئىنسانىنى داۋالاش ھەق راست ئۇلۇغ ئىش،
بۇ ئىشتىن قول ئۈزمەي جان بەرمەكتىمەن.

بۈيۈك بىر دانىشمەن قىلىپ نەسىھەت،
"تىۋىپ يوق شەھەردە تۇرما" دەپتىكەن.
بۇ ئاددى بىر ساۋات ، بۇ بىر ھەقىقەت،
دوختۇرنىڭ قەدرىگە كىممۇ يەتمىگەن؟!

دېمەنكى بىزنىڭ خەلق تىۋىپكە مۇھتاج،
پارتىيە ماڭىمۇ بەرگەن ھورمەت، نام.
ئىشلىدىم ئون بەش يىل دوختۇرخانىدا،
داۋالاش ئىشىغا بولۇپ دىلىم رام.

توپىلاڭ باشلىنىپ ئاخىر شەھەردىن -
ھەيدىلىپ سەرگەردان بولدۇم‌لا ماكان.
قورقمىغان كىشىلەر توسقۇن، خەتەردىن،
تاپىدۇ بىر ئامال، ئاشىدۇ داۋان.

ماڭ قېتىم ئەرىزە يازدىم، ھارمىدىم،
بارمىغان ئىدارەم قالمىدى شۇندا.
ئاقىۋەت ئۇي سېلىش ئۈچۈن دالىدىن،
ماڭا بىر تۇشلۇق يەر بېرىشنى بۇندا.

ئىش قانداق تۈگىسۈن ئۇي پۈتكەن بىلەن؟
سىز تىۋىپ بولۇشنى خالامسىز يىگىت؟
بالام، بۇ ئىلىمنى ئۈگىنىڭ جەزمەن،
يار بولسۇن سىزگە چىن ئىجتىھات، ئۈمىت.

ساۋاتلىق، غەيرەتلىك ئىكەنسىز بالام،
يالغىماس دورىغان سىيىت نوچىنى.
سىزدەك ئار - نومۇسلۇق ، ۋىژدانلىق ئوغۇل،
خار قىلماس ئۆزىنى، تېپىپ يولىنى.

يىگەن خەلق غېمىنى سادده بەندىنىڭ ،
ھەمىشە غېمىنى قىلىدۇ خۇدا...
رېھىم قول قوشتۇرۇپ بەردى رازىلىق،
سوزىدىن توختاپ چال بەرگەندە دۇئا.

## 5 - باپ

## ئەبرەتلىك چوچەك

راۋايەت سوزلەيتتى نۇر ئاكا تۈنــدە،
ئەپلا تۈن، لوقماندىن، ئىبنى سىنادىن.
تىبابەت ئىلىمىدىن دەرس ئوتۇپ كۈندە،
تىزغىنىنا ئىككى يىل ئوتتى ئارادىن.

جاھاننى سارغايتىپ كەلدى يەنە كۈز،
توكۈلگەن غازاڭلار قويغا يەم بولدى.
سوز، ھىكمەت ئاڭلاشقا كەچكى گوگۇمدا،
رېھىمنىڭ دوستلىرى ئويگە جەم بولدى.

زەڭ سېلىپ نۇر ئاكا ئاچچىق چاي ئوتلاپ،
ئاقارغان ساقالنى تاراپ قولىدا؛
دېدى ئۇ: بىر **چوچەك** ئېيتىپ بېرەي مەن،
ماڭماڭلار نىشانىسىز نادان يولىغا.

ئوتكەنىمىش بۇرۇندا توختىۋاي دىگەن،
كەمبەغەل بىر ئادەم تاپالماي روناق.
چەقىپتۇ سەپەرگە شىرىن ئۇي بىلەن،
ئىزدەپ ئۇ بەختنى بىر كۈن يالاڭياق.

ئاچماپتۇ ئۈنىڭغا تاغلار قوينىنى،
ئارزۇ قىلغاندەك ئۇچرىماپتۇ باغ.
سوزماپتۇ يەدەپ غاز ئاڭا بوينىنى
كەلمەپتۇ يايلاقتىن ئالدىغا گوش، ياغ.

ھاسىراپ - ھومىدەپ ئۇ ماڭارىكەن،
پۇتلىرى قاناپتۇ ئۇرۇلۇپ تاشقا.
تونۇشى ئۇچرىماي، دوستى يولۇقماي،
مېڭىپتۇ ئۇ شۇنداق چېكى يوق يولدا.

مېڭىپتۇ ئۇزۇراپ تۈگمەپتۇ ساي،
قولىغا كەلمەپتۇ ئۇ كۈتكەن ئولجا.
مېڭىپتۇ جان قىيناپ قىردىن ئاشالماي،
قۇرۇپ لەۋ، ئېغىزى تەگمەپتۇ ئاشقا.

«ئۇچرىسا كاشكى، ـ دەپ،..ماڭا بىر رەنا»
بىر غارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ئاچ قوساق.
قارىسا بىر ساندۇق تۇرارمىش هاي ـ هاي،
قىياتاش كەينىدە يالتىراپ شۇنداق.

ئۈستىگە ئويۇلغان نەقىشلەر گۈلمىش،
قونغان گۈل شېخىغا كاككۇك بۇلبۇلمىش.
كوهەرمىش قويۇلغان بۇجەكلىرىگە،
ئالتۇنمىش ئىشلەتكەن چەسۋەكلىرىگە.

قۇلۇپى ئالماسمىش پارىلداپ تۇرغان،
ئاجايىپ ساندۇقمىش ۋالىلداپ تۇرغان،
بىرياندا ئۈچ باشلىق دېۋە ئۇخلارمىش،
ئۇ گۈلدۈرماممەدەك خورەك تارتارمىش...

قورقۇپ ئۇ بىچارە هوشتىن كېتىپتۇ،
بىلمەيدۇ نى قىلىشنى زارلاپ يېتىپتۇ.
قوپقاندا ئاغزىدىن بۇ سوز چىقىپتۇ:
«خۇدا بۇ ئولجىنى ماڭا بېرىپتۇ.»

ساندۇقنى كۈچ بىلەن ئاچالماي شۇندا،
زورۇقۇپ كېتىپتۇ يەنە هوشىدىن.
بۇ نادان بىر ئامال تاپالماي شۇندا،
ئاغزىغا باشقا سوز كەلمەي «شۈكرە» دىن

مىڭنى دەپ، ئاخىرى بىر يوغان تاشنى
بار كۈچى بىلەن ئۇ كوتىرىپ ئىگىز ـ
ئۇرۇپتۇ، قارىسا ساندۇق چېقىلغان.
ياتارمىش ئىچىدە بىر نازىنىن قىز...

يەنچىلىپ قارا چاچ بېشى يېرىلغان،
زەخمەتتىن ئالمىدەك كوكسى تىتىلغان.
بويۇلۇپ هىلىلە رومىلى قانغا،
ئاي يۈزگە بۇلۇتتەك توساپ يېپىلغان...

«ئاه گۈزەل، جامالىڭ، خۇما كوزلىرىڭ!» ..
دەپ پەريات چېكىپتۇ توختىماي يىغلاپ.
«ئېسىت! بار بولغىدى ئەيتار سوزلۇرۇڭ» ..
دىگەندە ئۇ پەرى كوز ئېچىپ قاراپ:

ـ ئىراتقا يېتەتتىڭ مېنى ئەپقاچقان ـ
ئۇ ياۋۇز دېۋىنى تاش بىلەن ئۇرساڭ.
بولاتتىم مەن ساڭا نىگار، ئەي نادان،
سەن بۇنى بىلمىدىڭ، ئالجىدىڭ سارالڭ.

ساندۇقنى چاقتىم دەپ ياردىڭ بېشىمنى،
ئولجىنى ئالدىم دەپ ئالدىڭ جېنىمنى.
يۈزلەنگەن بەختىڭنى قىلدىڭ سەن نابۇت،
ئوتەرسەن جاهاندىن سەن بولۇپ تاۋۇت.

مەن هايات قالمامتىم بولسا بىر ئاچقۇچ...
دەپ ئاستا قاخشاپ جان ئۈزۈپتۇ دەرهال.
گۈلدۈرلەپ كوك ئاسمان، چېقىپتۇ چاقماق،
قويۇنتاز پىقىراپ سوقۇپتۇ شامال.

تېشىپتۇ دولقۇنلاپ دەريادىكى سۇ،
تاش ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ چاچراپتۇ ئۇچقۇن.
يىراقتا ئىت قاۋاپ، بورە هولاپتۇ،
پەسلەپتۇ گوش هىدى ئېلىپ سا، قۇزغۇن.

توختىماي يا ئولمەي ۋە ياتىرىلمەي،
تۇرغاندا ئۇ دېۋە ئويغىنىپ قاپتۇ.
كەمبەغەل، بىچارە، نادانكەن دىمەي،
هوكىرەپ باغرىنى يېرىدىپ، چايناپتۇ.

سىڭمەپتۇ زېمىنگە توختىماي قېنى،
قۇشلارمۇ يىمەپتۇ ئۇنىڭ تېنىنى.
«نادانسەن قويىنىمغا ئالمايمەن سېنى» ـ
دەپتۇ يەر سىلكىنىپ چىققاندا جېنى.

تۈگىدى بۇ چوچەك، ئەمما تۈگىمەس
دۇنيانىڭ ئىشلىرى، ئىنسان خىزمىتى.
ئاچقۇچنى ياساشمۇ بىلىشتىن بولار،
بىلگەنىنىڭ ئىشى ئوڭ، بىلمەسنىڭ پېتى.

بىلىمگەن نادانلىق ئالكىدە شىرزىداق ،
بولالماس يىزلەنگەن بەختىگە ئىگە .
پەن ـ ھۈنەر.. ئاچقۇچتۇر، ئالسا كىم قولغا.
قوشىدۇ ھاياتقا بىباھا توھپە .
زامانىنىڭ قىزلىرى چىقىپ ئالدىغا ،
تۇتار ناز ـ كەرەشمە قىلىپ گۈلدەستە ...

ئۈگىنىپ، بىلىمگىلار ئىزىز بالىلىرىم ،
تۇرار سۇ چىلەكتە ، چويلىمدا تۇرماس .
ئۈگىنىپ تىپىڭلار مۇرات بالىلىرىم ،
ئوتىدۇ بۇ كۈنلەر ، ئورنىدا تۇرماس .

× ×

رىھىمنىڭ يادىدىن چىقماس بۇ چوچەك ،
چىقمايدۇ دانىشمەن تىۋىپنىڭ سۆزى .
قوشۇلدى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىگە ،
يورىدى باشقىچە ئۇنىڭ قەلب كۆزى .

زەڭ قويۇپ ئۆگەندى كۆز داۋالاشنى ،
چىن ئىخلاس بىلەن ئۇ يەنە ئىككى يىل .
كەتكىلى قويمايتتى ، دەيتتى ئۇستازى :
«سائىتى كەلگەندە ئاندىن سەپەر قىل.»

داۋالاش ئىشىنى ، تومۇر تۇتۇشنى ،
كۆزدىن ئاق ئېلىشنى ئۆگەندى ئاخىر .
ئۆگەندى ئادەمگە كوگۇل بولۇشنى ،
دىئاگنوز قويۇشقا بولدى ئۇ ماھىر .

بۇنچىلىك تۇرمۇشقا يەتكەندە رىھىم ،
ئېسىدىن چىققاندۇ يۇرتى،گۈلبۇۋى ؟
ئېھتىمال يادىغا كەلمەيدۇ بەلكىم ،
تېنىمسىز شوخ ئوغلى ، شۇ ئوماق قىزى؟

رىھىم تاڭ سەھەردە تۇرۇپ ئورنىدىن ،
كۆز تىكەر يىراققا ئىشقى ـ پىراقتا .

«ئاھ، ئىتەي».. دەيدۇ ئۇ، سۇنار قولىنى،
ئايلىنار كۆزلىرى مارجان بۇلاققا .

كەلسۇن نە ئۇيقىسى قاراڭغۇ تۈندە ،
ئەسلەيدۇ يارىنى ، تۇۋلاپ ئېتىنى .
«قانىتىم بالام !» دەپ ئوغلىنى يادلار،
ئەسلەيدۇ «ئانام!» دەپ ئوماق قىزىنى.

ئۇلار كۆز ئالدىدىن كەتمەس ھەمىشە ،
چۈشكەندۇ قايسى كۈن ئۇلار بېشىغا ؟
ياش تىۋىپ رىھىمنىڭ بولسا قانىتى ،
باراتتى ھايالسىز ئۇچۇپ قېشىغا .

پوچتىدىن ئۈچ مەتەم پۇل سالدى ، بىراق ـ
بولمىدى ھىچ ئۇچۇر ، بۇنىڭدا سىر بار ...
خەت ـ خالتا ئەۋەتتى، جاۋاپ يوق ـ تىمتاس،
بارمىدۇ قىز ، ئوغلى ، مەھبۇبى دىلدار؟

يۇرتىنى سېغىنار ، باغرى ئېچىشار ،
ئۇ كۈتەر ، خەيرىلىك كۈنلەرنى كۈتەر.
گۈلبۇۋى ، رىھىم شات كۆرۈشۈپ دىدار ،
ياشارمۇ دۇنياغا سېلىپ خوش نەزەر ؟

بېسىققان بولسىمۇ ئالا ـ توپىلاڭ،
بوشاشماي كۈچەيدى ئوكتەملەر زۇلمى.
يازسام كوپ قايغۇلۇق ئىشلار ، كىتاپخان!
بولدى بەس ، يۈرەكلەر زەرداپقا تولدى .

رىھىمغا توسقۇنلۇق تېخى خېلى بار ،
ئۇ شۇڭا كېتەلمەس ، كەتكۈسى كېلەر .
ئائىلە ، يۇرت مېھرى ئۇنىڭ قەلبىدە ـ
كۈنسېرى ئۇلغىيىپ دەرمان، كۈچ بېرەر.

## 6 - باپ

## ئىجاتلىق

كارۋاتتا ياتقان بىر ئوسمۇر كۆزىنى ،
تەكشۈرۈپ رىھىمجان قاراپ تۇرغاندا؛
تۇيۇقسىز غىچ قىلىپ ئېچىلدى ئىشىك
باشلاپ بىر مېھماننى كىردى ھوكۇما.

ھاياجان ئىچىدە ئېلىپ تىڭىقىنى
"كوردۇڭمۇ ئوغلۇم؟"دەپ سورىدى رىھىم.
"كوردۇم مەن ئاكا!"دەپ كۈلدى ياش گۈدەك ،
سۆيۈنۈپ، قىلىپ قوي كوزىنى چىم ـ چىم .

"مانا سىز مەندىنمۇ ئوتۇپ كېتىپسىز،
بەللى !" دەپ شاتلاندى ئۇستازى دوختۇر.
"بۇ سىزنىڭ ئەجرىڭىز ، ياخشىلىغىڭىز"ـ
دەپ دىخان شاگىرتى ئەيتتى تەشەككۇر.

× ×

شۇ ئاندا نەزىرى چۈشتى مېھمانغا ،
"سادىقجان!"دەپ ئۈنلۈك، كورۈشۈپ كەتتى.
تونىدى رېھىمنى تاڭ قالدى شوپۇر ،
"قانداقچە سىز دوختۇر بولدىڭىز؟" دەيتتى.

× ×

دەستۇرخان سېلىندى ، قويۇلدى مەزە ،
شوپۇر چاي سۇمۇرۇپ دىدى: "رېھىمجان !
رەھمەت كوزىگە ئاق چۈشۈپ ، كورمەي،
ئىزدەپ نۇر ئاكىنى كەلگەنتىم بۇ ئان.

يۇرتداشىمىز، بۇ يەردە ئىككەنسىز ئەجەپ؟
يەنە بىز كورۇشتۇق ، تەقدىر ئاجايىپ ..."
ياش ئالدى كوزىگە رېھىم مۇشۇتاپ ،
"شۈكرى دەڭ، بەس!..."دىدى نۇر ئاكا كايىپ.

رېھىمگە چاي سۇنۇپ كۈلدى ھوكۇما ؛
"قۇتقۇزار پەن ـ بىلىم بىزنى بالادىن .
ئوڭلۇنۇپ كېتىدۇ كوزى ، غەم قىلماڭ ،ـ
دىدى ئۇ شوپۇرغا، ـ قىلغان داۋادىن."

ئاجايىپ مىجەزلىك ئادەم ئىدى ئۇ ،
پەزىلەت ـ خىسلىتى ، خۇلقى بەك ئىسسىل.
بىتاقەتلىگىدىن بولدى مۇشۇ دەم ،
ئۇستازى ئالدىدا رېھىمجان خىجىل ...

× ×

دىگەندەك تونىنچى نوۋەت رېھىمجان ،
ئالدى شۇ ئايالنىڭ ئىككى كوزىدىن ـ
ئاق ـ كوكۇش پەردىنى ئۇستىلىق بىلەن ،
سادىقجان "رەخمەت!"دەپ تۇتتى قولىدىن.

بىلگىن بۇ شوپۇردەك ، ئىزىڭ كىتاپخان،
ياخشىلىق تاپىدۇ ياخشىلىق قىلغان .
كىم قىلسا يامانلىق قايتار ئوزىگە ،
تۇتىدۇ قانخورنى قىساس ھەر زامان ...

ئۇزاتتى بىر ھەپتە توختۇتۇپ رېھىم ،
دوستىنى مەھبۇبى بىلەن سەھەردە.
قىزىرىپ ئۇپۇقنىڭ يۈزى شەلپەردەك ،
كۈن چىقتى. . يەتتىكىن شوپۇر قەيەرگە؟

× ×

كۈز كەلدى، قاغجىراپ قالدى باغ-ۋاران ،
غۇقۇراپ ئۇرۇلار شامال بەدەنگە .
ئۈيقىسى كەلمەستىن ئويلۇنار رېھىم،
شۇ خىيال يەلكىنى ئۆزەر تومەندە.

"قايدىسەن گۈلبۈۋى، بارمۇسەن جېنىم؟
بۇ ئېغىر كۈنلەردە ھالىڭ نىچۇكتۇر؟
بارمىدۇ تازغۇندا ئوغلۇم، جان قىزىم؟
پىراقى دەردىدە باغرىم كويۇكتۇر.

زۇلمەتتىن نىجاتلىق تاپالارمۇ ئەل،
بىزگىمۇ سائادەت كۈلۈپ باقارمۇ ؟
ئىستىقبال كوكىدە تۇغۇپ كۈنىمىز ،
ئېچىلىپ باغدا گۈل، شۇ تاڭ ئاتارمۇ ؟..."

بۇ كېچە زادىلا ئۇيقىسى كەلمەي،
ئورۇلۇپ ، تولغۇنۇپ چىقتى رېھىمجان.
بىر چاغدا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ئۇ،
يۈگەردى كوچىغا، ھاياجان باسقان...

"تاڭ ئاتتى!..."رادىيودىن بەردى خوشخەۋەر؛
ـــ ھوقۇشلار تۇتۇلدى، ئۇنى بوغۇلدى!
پارتىيە نىجاتكار خەلققە ـ ۋەتەنگە،
ئۇپرىغان جانلارنىڭ كۈنى تۇغۇلدى!

ھاۋامۇ ئوزگىچە زۇمۇرەت ئاسمان،
قارا سۇر بۇلۇتتىن ئەسەر قالمىغان.
سۇ ئىچتى تەشنا يەر، چاڭقىغان كوڭۇل.
ھەممىگە كەڭ قىزچاق ئاچتى ھور زامان.

... رىھىمگە رازىلىق بەردى ئۇستازى،
تەلمۈرۈپ بەستىگە بېشىنى سىلاپ.
نازۇك كوز داۋالاش ئەسۋاپلىرىنى،
ھەدىيە قىلدى ئۇ قەلبى يالقۇنجاپ.

گۈل ـ كەشتە تىكىلگەن ياغلىقنى سۇندى،
ياش ئېلىپ گۈلنىسا ئىككى كوزىگە.
"ئۇنۇتماڭ ئاكا!" دەپ قايرىلىپ باقتى-
يىگىتكە تىكىلىپ قالغان ئوزىگە.

خوشاللىق ئىلكىدە "رەخمەت!" تىن بولەك
باشقا سوز قىلالماي"خوش!" دىدى رىھىم.

ئۇر ئاكا يېشىنى سۇرتتى كوزىگە،
قىلدى بۇ جۇدالىق كوڭلىنى يېرىم.

داشىنا ئۇستىگە چىقتى ئۇ ئاخىر،
ئۈزۈلۈپ قالغاندەك سالدى يۈرىگى.
ئانارغا ئايلىنىپ ئوزى ياسىغان ـ
ئويدىكى ئۈيۇقتا قالدى يۈرىگى ...

قالدى ئۇ ئۇستازى- ئېزىز ھوكۇما،
دۇئاغا قول ئېچىپ ھەم تىلەپ ئاقىۋل .
ئۈرۈكلۈك باغلىرى قالدى شايارنىڭ...
داراركىن قەيەرگە ئەمدى بۇ ئوغۇل؟

## 7 - باپ

## جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا

كەتتى ئۇ توقسۇدىن ئاپتۇۋۇز بىلەن،
ئۇرۇمچى شەھرىگە، قەشقەرگە ئەمەس.
گۇلبۇۋى ئىسىدىن كوتۈرۈلدىمۇ؟
ماڭغۇزدى شىمالغا قانداق بىر ھەۋەس؟

ئۇ يەنە نەچچە خىل ئەسۋاپقا مۇھتاج،
شۇڭلاشقا چىداپ ئۇ، يول غەلەت قىلغان
يارىنى، ئوغلىنى،ھەسەل قىزىنى،
ئۇ قانداق ئۇنۇتسۇن؟ ئەسلەيدۇھامان.

.. ياندىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ،
قىز دىسە قىز ئەمەس،جۇۋان دىسە ياش؛
ئازادە كىيىنگەن بىر چوكان بىلەن،
ئۇلار بىر ـ بىرىگە مۇشۇئان يولداش.

ھەم سۇنۇپ ئاق،يۇمران بىلەكلىرىنى،
" سىز تۇتۇپ كورۇڭا تومۇرۇم قانداق؟ ـ
" ۋاي ئاغرىپ كەتتى" دەپ يۈرەكلىرىنى-
چاڭگاللاپ بەزىدە قاخشايتتى شۇنداق.

رىھىمجان سەپ سېلىپ" نىرۋا ئىكەن"دەپ ،
زەينەپكە بېرەتتى،ھەببى جەدۋاردىن.
بەزىدە ئۇ ماڭلاي تومۇرلىرىنى ـ
ئۇلاپمۇ قوياتتى بۇ ئېتىۋاردىن .

ئوزىنى زەينەپ دەپ ئاتىغان خۇشخۇي،
خۇما كوز بۇ ئايال قىلار تەبەسسۇم.
بىلىپ ھەم رىھىمنىڭ دوختۇرلىغىنى،
ئۇ نالە قىلدي دەپ :"ئاغرىيدۇ پۈتۈم.. "

زەينەپنىڭ ئاپتاپتەك چېھرى ئېچىلىپ،
" ئاكا!" دەپ رىھىمگە قادىلىپ كۈلدى.
بۇ دىخان، بۇ تامچى، بۇ دوختۇر يىگىت،
ھېچ غەرەز سەزمەستىن خىيالغاچوكتى...

" مۇشۇ ئان گۇلبۇۋى قەيەردە ئىكەن،
ئويدىمۇ ، ئېتىزدا سېغىنغانمىدۇ؟
تاقىتى تاق بولۇپ كۈتۈپ ئىنتىزار،
يۈرىگى تارتىشىپ سىقىلغانمىدۇ ؟.."

ئۇشتۇمتۇت نوقۇشتىن كېلىپ ئۇزىگە،
يېنىدا ھىلىقى زەينەپنى كوردى.
كورۇندى گۇلبۇۋى يەنە كوزىگە،
ئۇ گويا قۇچاغلاپ مەگزىگە سۇيدى...

زەينەپخان بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ،
" سىز ساقلاپ بېرىڭ " دەپ ئەگدى بويىنى.
رېھىمجان ئىچىگە كىرىپ چىقمىسا ،
قاندا قچە بىلسۇن ئۇ چوكان ئويىنى.

ھېچنىمە دىمەستىن ئېلىپ يانچۇققا ـ
سالغانتى،زەينەپخان ئويلۇنۇپ قالدى،
رېھىم چىڭ قۇچاغلاپ ئالغان سومكىنى،
ئىچۇندۇر تەلمۇرۇپ ئۇزاق كوز سالدى.

ئاخىرى "سومكىنى سېلىڭ! ـدىدى ئۇ،
يانچۇقتا ئىشەنچ يوق، يانچۇقچى يامان..."
"ئۇزىڭىز چىڭ تۇتۇپ ساقلاڭ" دەپ رېھىم،
پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى شۇ ھامان.

× ×

قىش يېتىپ كەلمەستىن كۇچىيار سوغۇق،
دەرەخلەر شېخىدا قالمىغان ياپراق.
ئولانباي يېنىغا كەلدى ماشىنا ،
ئۇرۇمچى شەھرىگە كىرىسىدى پاتراق.

ئىشىنى تۇگىتىپ دوختۇر رېھىمجان،
كەتىسىدى قەشقەرگە سالامەت ـ ئامان.
قىز-ئوغۇل،يارىنى كورىسىدى كاشكى!؟
قۇچاغلاپ مەگزىدىن سۇيىسىدى كاشكى!؟

ئالدىراپ چۇشكەندە ماشىنىدىن ئۇ،
زەينەپخان قىلدى شات ئويىگە تەكلىپ .
قويماستىن بۇ ئايال ئۇنىمىغانىغا،
يۇردى يول كورسىتىپ،شاپاشلاپ،غىپ ـ غىپ.

تونۇش بولمىغاچ ئەزىم شەھەردە،
"بىرەر كۇن تۇرۇپ جاي تاپاي"ـدىدى ئۇ .

لازىملىق نەرسىنى ئېلىپ چاپسانىراق،
جانىجان قەشقەرگە ياناي" ـ دىدى ئۇ.

قايرىلىپ بۇزۇلغان ئاسفالىت يولدىن،
بەدبۇي تار كۇچىغا كىرىپ كېتىشتى.
توختىدى زەينەپخان ، سالدى قولۇپقا ـ
ئاچقۇچنى ، بىر قانات ئىشىكتىن كىرىشتى.

رېھىمنى باشلىدى مېھمانخانىغا،
شىرەنىڭ ئۇستىگە قويدى ھەم مەزە.
شۇئان تاغ كەينىگە پاتقان ئىدى كۇن،
قار چۇشۇپ پاياندار سالغانىتى يەرگە.

"يېشىنىپ بەھۇزۇر ئارام ئېلىڭ " دەپ،
زەينەپخان ئوت يېقىپ قورىدى سەيىنى.
" نىمىشقا مەن كىرىپ قالدىم بۇ ئويگە ؟ـ
دەر رېھىم ، ـ ئايالنىڭ بۇزۇقتۇر پەيلى."

ئۇ چىقىپ كېتىشنى ئويلىدى ، بىراق،
يەشمەكچى بولدى ئۇ بۇ سىرنى تۇنىدە.
ئەمدى ئۇ زەينەپنىڭ رايىغا بارار،
ئەيتىڭلار، بۇ خوتۇن ئاھۇمۇ ـ تۇلكە؟

× ×

ئېچىلىپ ، يېيىلىپ ئولتۇردى رېھىم،
زەينەپنىڭ خوشلىغى ئاندىن زىيادە.
كەلتۇردى داسقانىغا خۇشپۇراق سەينى،
توشتى مەي رۇمكىغا ، چايىغا پىيالە.

"كەچۇرۇڭ ، مەن ھاراق ئىچىپ كورمىگەن،
چاي ئىچىتىم،مەن ئۇخلاي،ھار ئالماڭ بۇنى"ـ
دەپ رېھىم سومكىنى قويىدى بېشىغا،
زەينەپخان تىگىرقاپ كۇزەتتى ئۇنى.

بۇ مۇدھىش ئەنسىز تۇن نىمانىچە ئۇزاق ؟
كوز يۇمۇپ ياتىدۇ ، رېھىم گۇماندا.
بېشىدا چوگىلەر ئۇنى تاشلىق تۇگمەن،
نىمىلەر بولمايدۇ بۇ كەڭ جاھاندا؟

توختىماي قار ياغار، تۈن يېرىم بولدى،
زەينەپخان ئورنىدىن تۇردى شەپ ئىسىز.
«ئەقامدىن ئازدۇردۇم نى .. نى يىگىتنى،
سەن نېمە ئالدىمدا ... » ئويلايتتى ئۈنسىز.

رىھىمنىڭ يېنىدا باش قويۇپ ياتتى...
كوز ئېچىپ غەزەپتىن يېرىلدى يىگىت:
«سىز نېمە، مايمۇنمۇ، قىلمامسىز ئۇيات!؟
كوڭلىڭىز ئەجەبمۇ پەس ئىكەن، ئىسىت!»

«سىزگە ئاھ، رىھىمجان مەن كويۇپ قالدىم!
ئىشقىمنىڭ كۈچىدىن يوقالدى ھوشۇم.»

زەينەپخان پىچىرلاپ چۈشتى كارۋاتتىن،
دېدى ئۇ: «سىز ئاكام، سىز مېنىڭ دوستۇم...»

ئارتۇقچە گەپ قىلماي كوز يۇمدى يىگىت،
زەينەپخان ئويلىدى: «تېتىيمەن ساڭا.
ھەمىشە قوچاغلاپ كەلگەن ئۇ سوسكالىڭ-
قالدۇ بۇ كېچە - باياغىنىڭ ماڭا...»

قىچقىردى بىر خوراز خوشنا ھويلىدا،
زەينەپخان قوپتى - دە، ئالدى پىچاقنى.
قاراڭلار، بۇ جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا!
تىترەپ ئۇ رىھىمگە سالدى پىچاقنى...

## 8 - باپ

## گۈلبۈۋىنىڭ قايغۇسى

ئۆگزىگە ياماشقان قاپاق بارىڭى،
سۇ سەپكەن سۇپىغا سالغانتى سايە.
گۈلئەنبەر ئالدىدا تۇرغان قوچاقتا،
«يېرىلىڭ تاشىم» نى قىلار ھىكايە.

يەلپۈپ كۈز شامىلى بۇ ئوماق قىزنىڭ،
تاشلار ئاي يۈزىگە كوكولىسىنى.
ئاكىسى مىرادىل كىردى «ئانا!» دەپ،
چاپتۇرغان پېتىچە ياغاچ ئېتىنى...

كەتمىنى يەلكىدە، تاغار قولىدا،
گۈلبۈۋى ئەمگەكتىن كەلدى ھېرىقىپ.
«ئاتىسى كورسە - ھە، قانداق خوش بولار؟»
ئويلىدى ئۇلارغا قاراپ، باش قېتىمىپ.

قىز ئوغۇل «ئانا!» دەپ كەلدى چۇۋۇلداپ،
يېپىشتى «نان بەر!» دەپ ئېتەكلىرىگە.
ئويدىن بىر زاغرىنى ئېلىپ چىقتى ئۇ،
پېرىمىدىن بەردى گۈل - چېچەكلىرىگە.

«مەن دادام كەلگەندە توقاچ نان يەيمەن»-
دەپ ئوغلى يۈگۈرۈپ قاردى يولغا.
«مەن سامسۇ يەيمەن!» دەپ سەكرىدى ئويناپ،
دادىسى كەلگەندەك قىزنىمۇ شۇندا.

ياش ئەگىپ مۆڭلانغان ئانا كوزىدىن،
چىددىماي يېرىگى، تۇرۇپ قالدى جىم.
كوينەكىنىڭ يامالغان ئېتەكلىرىگە،
ياغدى دەرت-ھەسرەتنىڭ يامغۇرى سىم-سىم.

«ئويدىمۇ، دوڭدىمۇ، نەدىسەن رىھىم؟
نىمىشقا سەندىنلا كەلمەيدۇ خەۋەر؟ ...»
ئويلاپ جان ئېرىنى قايغۇسى ئارتىپ،
ئەندىشە ئىلكىدە قەلبى ئۆرتىلەر.

گۈلچېھرى سارغىيار، پۈچۈلۈنۈپ تەن،
دوزاقتىن يامان دۇر پىراقنىڭ ئوتى.
ھالبۇكى غەم - غۇسسە دەرياسىغا غەرق-
خۇش پىچىم بولۇۋەن چوكاننىڭ بويى.

چاڭ قونغان چاچلىرى تېقىملىرىغا،
تاشلىنىپ تۇراتتى يېيىپ بېلىنى.
ھەي، ئۇتتى قانچىلاپ باھار، ئاچالماي،
بەرگى چىلك تۇتاشقان غۇنچە لىۋىنى.

ھەر قانداق كىيىمدە، ئېتىز قىرىدا،
كورىنەر ئىدى ئۇ، پەرىدەك زىبا.
ئوت، گىيا ئىچىدە ئوسكەن يىسگانە،
گۇل ئىدى ھەممىنى قىلغان مەھلىيا.

قاراپ قىز - ئوغلىغا تۇرار شۇ ئانا،
سۇ قۇيغان چىمەندەك كىرپىكلىرى نەم.
كىتاپخان !
بولدى بۇ رەنانىڭ ماگا،
كوزلىرى سىيادان، قاشلىرى قەلەم.

× ×

ئالدىغا كەلگەن ئۇچ ئاسلىنى بىلەن،
مۇشۇككە گۇلبۇۋى چايناپ بەردى نان.
ئاداپقا باغلاغلىق ئىتىنى تويغازدى،
ھەمرادۇر ئۇنىڭغا ئۇ ئىككى ھايۋان.

ھىچنىمە ئۇتمەي ئاچ مىكىپ ئۇ ئىشقا،
« ھويلىدىن چىقماڭلار » دىدى يېنىشلاپ.
پەلىگى سارغايغان باراڭ ئاستىدا،
قالدى ئۇ بالىلار كۇچۇكنى ئويناپ.

... يۇدۇپ لىق تاغارنى كەلدى ئېتىزغا،
كومتۇرۇپ ئوغۇتنى، چاچتى كەتمەندە.
ئولتۇرۇپ گۇلبۇۋى، سېغىنىپ يارنى،
ئۇھ تارتىپ قوياتتى ھېرىپ كەتكەندە.

قايتاتتى كۇن كىرىپ، باسقاندا زۇلمەت،
تاگاتتى باغرىغا ئوغۇل - قىزىنى.
ئۇ چولپان تۇققاندا « دولقۇن » غا يۇگرەپ،
توكەتتى جاپاغا چىداپ تېرىنى.

قىشتا توڭ قومۇرۇپ، چاپسا ئۇ زەيكەش،
قوش ھەيدەر دەرمانى قۇرۇپ باھاردا.

ئومىدا يەمىگى تۇگەپ قەرز ئالار،
توشمىغاچ دارامەت كۇزدە تاغارغا.

ئوتكۇزۇپ كۇنلەرنى، ئايلارنى شۇنداق،
كەتكەنتى گۇلبۇۋى يادەك تارتىلىپ.
ئۇنىڭغا تىكىلگەن ئىدى يامان كوز،
سىقىلغان باغرىغا مىختەك قادىلىپ.

"ئاتىسى بولاي مەن ئوغۇل-قىزىڭنىڭ،
راھەتكە چىقىسەن" دەر ئىدى سايىم.
ھىچ ئارام بەرمەيتتى كىرىپ كەينىگە،
گۇلبۇۋى ئۇنىڭدىن قىلاتتى ۋاھىم.

ئارىسىز نامەھرەمگە سوز ياندۇرۇشنى،
نومۇس دەپ بىلەتتى، چىدارمايتتى ئۇن.
غەزەپلىك چىھرىدىن باندۇرۇپ نەپرەت،
سايىمنى ئەلەمدە قوياتتى ھەر كۇن.

گۇلبۇۋى ئەيۋەشكە كەلمىگەچ، قىيناپ-
سالاتتى دەم بەرمەي ئەمگەككە زورلاپ.
چاقاتتى چاياندەك كورگەنلا يەردە،
"بۇزۇۋقىنىڭ خوتۇنى بۇزۇق" دەپ خورلاپ.

"رىھىمنى سەن نەگە قاچۇردۇڭ، ئېيت! دەپ،
بۇ ساپ دىل ئايالنى تارتتى كۇرەشكە.
"بىلمەيمەن!"- جاۋابى شۇ بولدى ئۇنىڭ،
ئايلاندى مېھرىلىك كوزى ئاتەشكە.

ئالمىدەك مەگزىگە تەگدى ياۋۇز قول،
يۇلۇنۇپ تاشلاندى سۇمبۇل چاچلىرى.
مەلئۇنلار ئۇنىڭدىن ئالالماي جاۋاپ،
كۇلپەتنىڭ ئىچىگە ئۇنى تاشلىدى.

× ×

ھەر قېتىم ھويلىدىن ئىشتىلسە ئاستا،
ئاۋازى كېچىدە سادىق ئاكىنىڭ،
گۇلبۇۋى چىقاتتى ئۇنىڭ ئالدىغا،
سۇيۇنۇپ يۇرىگى، بۇ ياش ئانىنىڭ

تەسەللى تاپاتتى ئۇنىڭ سوزىدىن،
ئۈزۈلگەن ئۈمىدى ئۇلىنىپ شۇندا.
كوپ قېتىم ئۇن بىلەن ياغ ئېلىپ كەلدى،
هال سوراپ ئۇلاردىن، بولۇپ باش پانا.

غېمى ئاز ئەمەستى بۇ چىن ئادەمنىڭ،
باساتتى تاغ بولۇپ بېشىدىن قالپاق.
"هوقۇقدار» دەپ قاغاپ سايىملار ئۇنى،
مەجبۇرى ئىشلىتىپ، خورلايتتى شۇنداق.

بۇ پاك قەلب ئىگىسى تۇتۇپ ئۇزىنى،
بۇي بەرمەي، ئىگىلمەي كەلدى داۋامەت.
دەپ: بىزنىڭ هەقىقى سېكرىتارىمىز،
قىلدى هورمىتىنى دىخانلارغا بەت.

دەرتمەنگە ئۇ سۇنۇپ ياردەم قولىنى،
بىرەتتى خوشخەۋەر ياخشى كۆنلەردىن.
"چۇشىدۇ ئورىغا قارا نىيەتلەر،
بىز يەنە ياشايمىز باياشات، ئەركىن.»

گۈلبۈۋى مىننەتدار سادىق ئاكىدىن،
رېهمىدىن خەت كەلمەي، قىلار ئەندىشە.
ياخشى ئەرخوتۇنغا تاغدەك يولەنچۈك،
ئەر ئۈچۈن سائادەت سادىق رەپىقە.

× ×

ئەمگەكتىن كەچ قايتتى گۈلبۈۋى بۈگۈن،
كوردى قىز-ئوغلىنى قازان بېشىدا.
زالىم ئېتىپ، پىشۇرۇپ قويۇپتۇ ئۇلار،
ئەسقاتتى دېگەن شۇ ئويىنىڭ ئىشىغا.

سۇپىغا گۈلئەنبەر سالدى دەستۇرخان،
قازاننى كوتىرىپ كەلدى مىرادىل.
گۈلبۈۋى تاۋاققا ئۇسسىدى ئاشنى،
جان ياپراقلىرىغا بولدى ئۇ قايىل.

زالىم ئىچىپ ئولتۇرۇپ كەلدى ئۇ ئوتمۇش،
چەككەن غەم كوڭلىگە-كوزى ئالدىغا.

كوتىرىپ سەهەردە بوشۇكنى رېهىم،
چىقاتتى گۈلبۈۋى بىلەن ئېتىزغا.

"ئىڭگە!...» دەپ تېلىقىپ كەتكەندە بوۋاق،
ياش ئانا كېلەتتى كوكسىنى ئېچىپ.
يىغىسى ئەۋج ئالار، ئاۋۇماي سۇتى،
تارتىلىپ كەتكەن قوش ئەمچەكنى ئىمىپ.

يىگۇزۇپ قوياتتى زاغرىنى چايناپ،
ئاغزىدا ئىچكۇزۇپ ئېرىق سۇيىنى.
كەتمەننى قولىغا ئالاتتى يەنە،
يۇرەك پارىسىدىن ئالماي كوزىنى.

مىرادىل، گۈلئەنبەر بوۋاق ۋاقتىدىن،
چىقاتتى هەر كۇنى ئەمگەككە بىللە.
ئوستى بۇ قىز - ئوغۇل ئاپتاپتا پىشىپ
سوغۇققا چېنىقىپ كەلگەندە چىللە...

رېهىمجان سەپەرگە كەتكەندىن بېرى،
گۈلبۈۋى سەهەر - كەچ تارتتى يالغۇزلۇق.
هېلىمۇ ئىت، مۇشۇك بېقىپ قويغانكەن،
بولدى شوخ باللار ئۈچۈن ئويۇنچۇق.

بېشىدىن ئوتكەننى ئويلاپ بولالماي،
ئۇه تارتتى گۈلبۈۋى باغرى ئورتىنىپ.
مىياڭلاپ، بوينىدىن قايرىلىپ باقتى،
ئوماق قىز گۈلئەنبەر ئۇنى كۆلدۈرۈپ.

مىرادىل مورىغا باش تىقىپ شۇئان،
"دادا!» دەپ توۋلىدى، ئىت قاۋاپ كەتتى.
ئانىنىڭ ئۇلارغا كەلدى مەسلىگى،
يېقىملىق قىلىغى بەك ياراپ كەتتى.

كۈندۈزى ئىشتىكەن تىل-دەشنام، هاقارەت
قاراپ قىز - ئوغلىغا ئۇنتۇلار تۇندە.
ئاقىرىپ قىش ئوتەر، كوكىرىپ باهار،
ئويلايتتى رېهىمنى گۈلبۈۋى كۇندە.

مىرادىل توققۇزغا كىردى سۇمباتلىق.
تېخى ئۇ غۇنچىدەك قىزى ئالتە ياش.
دۇنيا ـ مال پەرزەنتتىن ئارتۇق ئەمەستۇر،
ئەمەستۇر ھەم ئىسسىق ئانىدىن قۇياش.

گۈلبۈۋى قايغۇسى ـ ھىجران قايغۇسى،
دېرەكسىز رېھىمنىڭ قايغۇسى-ياشلىق.
گۈلبۈۋى قايغۇسى ـ زامان قايغۇسى،
ئۇ شۇنداق غەيرەتلىك، شۇنداق چىداشلىق.

## 9 - باپ

## كېچىدىكى پاجىئە

تومۇزنىڭ ئاپتىۋى چاچاتتى يالقۇن،
قالغانتى كوك باراڭ چاڭقاپ سولۇشۇپ.
ھويلىغا سايىسى چۈشكەن قۇم ئامۇت،
تۇراتتى مەي باغلاپ شاختا تولۇشۇپ.

ئۆمىدىن ھالسىراپ كەلدى گۈلبۈۋى،
كەينىدە مىرادىل، ئوغاق كوتەرگەن .
گۈلئەنبەر قولىدا بىر سىقىم باشاق،
تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئۈيۈلمىدىن تەرگەن.

ئىت تۇرار باغلاقتا تىلىنى يالاپ،
گاھ ئىڭىشىپ قوياتتى پۇشۇلداپ تىنىپ.
«ئۇسساپتۇ جانىۋار» دەپ، گۈلبۈۋى قاراپ،
سۇ بەردى يالاقتا، ئىت ئىچتى قېنىپ.

ئىچىپ ئۇزلىرىمۇ قاپاقتىن سوغ سۇ،
سەگىتتى چاڭقىغان يۈرەكلىرىنى.
يېيىپ قوللىرىنى قىستى كوكسىگە-
گۈلبۈۋى ياش غۇنچە ـ پورەكلىرىنى.

بىر قايغۇ كوزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ،
ئاھ ئۇرار مۇشۇ دەم قەلبى مۇجۇلۇپ.
نىمە ئىش بولغاندۇ، نىمىشقا شۇدەم،
چىرايى بۇلۇتتەك كەتكەن تۇتۇلۇپ؟

قاراپ گۈلبۈۋىگە دېدى مىرادىل:
« ئانا چاي ئىچىۋال، خاپا بولمىغىن.»
« قانداقمۇ نان ئوتسۇن گېلىمدىن بالام،
ۋاي ئەمدى كىم خەۋەر ئالىدۇ بىزدىن ؟»

نىمىشقا قان يىغلاپ قايغۇرمىسۇن ئۇ،
يىقىن غەمخارىدىن ئايرىلىپ قالسا؟
« ئىغۋاگەر، ئاسى «دەپ سادىق ئاكىنى -
باغلاپ قول ـ پۇتىنى، ئۇشكەلنى سالسا؟

شۇڭا گۈلبۈۋىنىڭ كوڭلى بۇزۇلار،
ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ جاندىن، جاھاندىن.
بۇ مۇدھىش ئازاپتىن قاچان قۇتۇلار،
پارىلداپ ھوركۇنى تۇغار قاياندىن؟

× ×

سورۇلۇپ ئوتمەكتە كەينى ـ كەينىدىن،
يوقسۇلغا ھورپىيۇپ ئەلەملىك يىللار.
ئوتمەكتە باشلارغا ئېتىپ قارا تاش،
سوزلەشكە ئامالسىز دەرت توكۈپ تىللار.

كۈز كەلدى، ۋە يەنە توكۈلدى ياپراق،
رېھىمدىن ئۇچۇر يوق، گۈلبۈۋى يىغلار.
چىداشقا تاقىتى قالمىدى ئۇنىڭ،
ھەر كۈنى ئازار يەپ، كوڭلى بىر سۇنار.

ئاخشام، يۇرت ئىچىنى قاراڭغۇ باسقان،
نەيۇلتۇز، ۋە نە ئاي كوكتە كورۇنمەس .
ئىت قاۋار، ئېچىقاپ مورەيدۇ كالا،
نىمىشقا نۇرلۇنۇپ ئاسمان سۈزۈلمەس؟

شۇ تاپ قىز ـ ئوغلىنى ئىككى يېنىدا ـ
ياتقۇزۇپ گۈلبۈۋى ئۇيقىغا كەتتى.
ئېسىلىپ چۈشىدە ئېلان ئۇنىڭغا،
گوياكى ئادەمدەك زۇۋان سۇرەتتى .

"رىھىمجان !" دەپ توۋلاپ ئويغاندى چۆچۈپ،
شۇ چاغ بىر قول كېلىپ باستى ئاغزىنى.
"جىم يېتىمىز، مەن سايىم..." .. كەلدى بىر ئاۋاز
سالىغان شۇئەندى ئۇنىڭ باغرىنى؟

گۈلبۈۋى تۇردى دەس چاچراپ ئورنىدىن،
سايىمنى ئېرغىتىپ تاشلىدى يەرگە.
" چىق، يوقال!!. دەپ ئىشىكنى ئۇ بېرىپ ئاچتى،—
ماڭ، كەتكىن نومۇسسىز ئىككىنچى كەلمە!"

يېقىپ قول چىراقنى تاتارغان سايىم،
ئوچاقتىن بىر كۆرەك كۆل ئېلىپ ئاتتى.
ئاتتى گۈلبۈۋىنىڭ ياشلىق كوزىگە،
ئاتتى ئۇ كەكىنى، تىل سېلىپ ئاتتى.

بۇ نامەرت ھومىدەپ چىقىپ كەتتى تېز،
مىرادىل كەتمەننى ئېلىپ قوغلىدى.
"بولدى يان، جان بالام!" دىدى گۈلبۈۋى،
شۇ ھامان چاقىرىپ قەيسەر ئوغلىنى.

قاردى چىراقنى يېقىپ گۈلئەنبەر،
ئىشىكنىڭ توم زەنجىرى يوق ئىدى ئەجەپ
ئەلەمدە كەينىگە يانغان مىرادىل،
بىر كوزى ئارقىدا، دىدى: "توختا، خەپ!..."

مۇشۇ دەم نېمىشقا قاۋۇمايدۇ ئىت؟
ياتاتتى سوزۇلۇپ، ئۇ ئولگەن پېتى.
قاق يېرىپ باغرىنى كېتىپتۇ سايىم،
ھويلىنى بىر ئېلىپ يامراپتۇ قېنى.

كىزىل كىرىپ ئېچىلماي قالغان كوزىنى،
يۇيدى سوغ سۇ بىلەن گۈلبۈۋى قاخشاپ.
تامچىلاپ قان ئېقىپ تۇرغان بېشىنى،
تاڭدى ھەم مىرادىل ئەلەمدە يىغلاپ.

شۇئان كەڭ دالادا سوقاتتى بوران،
تېرەكنىڭ شاخلىرى قاراسلاپ سۇنار.
كومتۇرۇلۇپ تۇراتتى قازاندەك ئاسمان،
يوللاردىن چاڭ ئورلەپ، ھەريانغا توزار.

× ×

نومۇستىن ئويۇلۇپ ھىچكىمگە ئېيتماي،
ساقلىدى گۈلبۈۋى دەرتنى يۈرەكتە.
ئەتىسى كوزلىرى پۇلتىيىپ ئىشىپ ،
كورەلمەي ھىچكىمنى پاتتى ھەسرەتكە .

قاپاقنىڭ لېشىنى تېڭىپ نەچچە كۈن ،
كوزلىرى ئېچىلدى يېنىپ ئىششىغى .
ساقايدى، ۋە لېكىن ئۇ ئەما بولۇپ ،
"تەقدىر بۇ" دەپ ھىچكىم سىرنى بىلمىدى .

ئېچىنىپ ، ھال سوراپ ھەقەمسايىلار،
ھەر كۈنى نەچچە ۋاخ ئاش ئېلىپ كىرەر .
بۇ خورلۇق ھەسرەتلىك ، بەختسىزلىكتىن ،
مىڭ يېنىپ، مىڭ ئوچۇپ ئانا ئورتىنەر .

دەرياغا ئوزىنى ئاتسۇنمۇ ئەمدى ؟
ئېسىلىپ ئولسۇنمۇ ، تاپالماي ئامال ؟
ئەي پەلەك ، شۇدەمدە ئۇ نىمە قىلسۇن ؟
بولدى گۈلبۈۋىگە بولدى بەك ئۇۋال .

.....................................

ئېلىپ قىز ـ ئوغلىنى بىر كۈن تاڭ سەھەر،
"قايدا سەن رىھىم!" دەپ قىلدى ئۇ سەپەر .
ۋىچىرلاپ جۇپ قالغاچ چاك تام ئۇستىدە ـ
ئۇزاتتى ...

قان يىغلاپ، قاياققا كېتەر ؟

ئۆزاتتى شىلدىرلاپ ئېقىپ ئالدىدا ،
شاخلىرى قورىغان ئۈژمە دەرىخى .
ئۆزاتتى ئۇلارنى ياش توكۇپ چولپان،
مۆگلۈنۈپ قالدى، ئاھ، غېرىپ كەپىسى...

× ×

گۈلبۇۋى ئۈچ كۈندە كەلدى قەشقەرگە،
باقتى قىز ـ ئوغلىنى نان تىلەپ ئۇ گاھ.
چارىسىز-نائىلاج بولدى دىۋانە،
غېرىپقا ماكاندۇر ئەزەلدىن ھېيتگاھ.

بەختىگە ۋىسالنىڭ تېگى يۈز ئېچىپ،
كوردۇققۇ، شاتلىققا چومدى ئۇ يەنە.
ھە، بۈگۈن مۇبارەك قۇربان ھېيت كۈنى،
رېھىمنى باغرىغا تاڭدى ئۇ يەنە.

مۇنارنىڭ تۆۋىدە ئۇلارمۇ شۇئان-
قانماس بىر ـ بىرىگە، قانداقمۇ قانار؟
دەيتتى گۈلبۇۋىگە قاراپ رېھىمجان:
" غەم قىلما ئەزىزىم، كۆزۈڭ ئېچىلار...."

گۆمبۈرلەپ چېلىنار پەشتاقتا ناغرا،
ئوينايدۇ سۈيۈنۈپ ياش ـ قېرى ساما.
رېھىمنىڭ كوزلىرى چۈشتى شۇ چاغدا،
گىردىدەك قىزارغان تونۇش چىرايغا.

" بۇ سادىق ئاكىغۇ، سىكرىتارىمىز...."
ئۇ تونۇپ ئالدىغا باردى يۈگۈرۈپ.
ھاياجان ئىچىدە ئاتا ـ بالىدەك،
باغرىنى يېقىشىپ كەتتى كورۇشۇپ.

ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىققان بۇ ئادەم،
بۇ ۋىژدان ئىگىسى، بۇ باتۇر دىغان؛
بۈگۈن ئۆزيۇرتىغا كەتمەكچى ئىدى،
قويىنىنى كەڭ ئېچىپ كوز تىكىپ تۇرغان.

ئومۇرلۇك ۋىسالنىڭ شاتلىقى بىلەن،
نىمىشقا يايرىماس گۈلبۇۋى كوڭلى؟
دىدى ئۇ: " پارتىيە بەردى نىجاتلىق،
قىلىپ شات ـ بەختىيار، كىچىكۇ-چوڭنى...."

رېھىمجان بېشىدىن كەچكەننى سوزلەپ،
ئەيتتىكى: " ئەلدىن راست كەتتى زور بالا.
ئەگەر مەن شۇ كېچە غەپلەتتە قالسام،
بۇ يالغۇز بېشىمغا كىلەتتى قازا.

...ئوخلىماي كۆزۈتۈپ ياتقان ئىدىم مەن،
زەينەپخان پىچاقنى ياستۇققا سالدى.
بىر تەپسەم "ۋايجان!"دەپ جاق چۈشتى ئوڭدا
مەن ئادەم چاقىردىم، ئۇ داغدا قالدى.

بىردەمدە ئويگە لىق تولدى كىشىلەر،
چەمبەرچەس باغلاندى ئۇ مەرەز،خۇپسەن.
ئىسيانغا قاتنىشىپ ئايىنىپ كەتكەن ئۇ،
پۇل ـ مالغا بېرىلگەن قاتىل ئوغرىكەن.

بولغانتۇق بۈگۈنگە شۇنچىمۇ تەشنا،
كورۇشتۇق سالامەت، ۋىسالغا يەتتىم."
گۈلبۇۋى رېھىمنىڭ سىلاپ قولىنى،
دىدى: " سەن كەلمىسەڭ مەڭگۈ كۈتەتتىم."

سوزلىدى شاتلىنىپ سادىق ئاكىمۇ:
" مەن ياتقان تۈرمىگا سايىم قامالدى.
كوردۇم قول ـ پۇتىغا چۈشۈپتۇ كىشەن،
ئۇ مېنى كوردى ـ دە، بېشىنى سالدى.

ھوزۇردۇر ئىنسانغا شاتلىنىپ قاراش،
ئولۇكتەك تاتارغان ياۋۇز تەلەتكە.
كوزلىگەن ھەمىشە ئوز راھىتىنى،
بۇرۇلىراق بارىدۇ مۇدھىش لەھەتكە.

گۈلسىز كىشىنى چاقىقان، قارىلىغان،
چاپايدەك ئۇلىدۇ دەسسىلىپ ھامان.
كوزلەپ ئەل بەختىنى كىم جاپا چەكسە،
جاي بېرەر ئەل يۈكسەك ئورۇندىن زامان...»

. . . . . . . . . . . . . . . . . .

مېڭىشتى ياندىشىپ سادىق ئاكىغا،
ئەمدى كىم توسالار ئۇلار يولىنى؟
يۇيدى كوز يېشىدا ئوتكەننى ئەسلەپ،
گۈلبۈۋى رېھىمنىڭ تۇتۇپ قولىنى.

دېدى چىن قەلبىدىن قاراپ ئېرىگە:
« ئەمدى يۇرت ـ ئېلىمىز كېتىدۇ ياشناپ.
كوزلىرىم ئېچىلسا كاشكى، مەن كورسەم
نۇر چاچقان قوياشنى پەلەكتە پارلاپ...»

رېھىم گۈلبۈۋىنى ماڭدى يېتىلەپ،
كەتتى قىز ـ ئوغلىنى ئېلىپ يۇرتىغا.
باغ بىنا قىلىدۇ تەر توكۇپ ئۇلار،
شۇ خاراپ ۋەيرانە ئويى ئورنىدا...

## خاتىمە

ھېيتكادا ھېيت كۈنى ئوتىدۇ شۇنداق،
بەخش ئېتىپ كىشىگە خوشلۇق ۋە مۇرات.
مىڭلىغان يولۇچى كورۇشۇپ دىدار،
ھەر يانغا يول ئېلىپ قاقىدۇ قانات.

داستانىم تۈگىدى دېسەم كىتاپخان،
ئايىغى قالدىغۇ دەرسىز ئالدىراپ.
مەن سوراي، ئېيتىڭچۇ!
بۇ قۇتلۇق دەۋران
ئاچمىغان كوز بارمۇ يۈكسىلىپ، ياشناپ؟

1979 — 1983 ـ يىللار، قەشقەر.

(بېشى 21 ـ بەتتە)

يارىتىدۇ ـ ھە؟ قانچىلىغان ئوت يۈرەك يازغۇچى شائىرلار يالقۇنلۇق ئىلھاملار ئارا تەسىرلىك ئەسەرلەرنى يارىتىپ تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلايدۇ ـ ھە؟ قانچىلىغان مۇنەۋۋەر باغۋەنلەر سېنىڭ يورۇغىڭدا دەرس تەييارلاپ ياش ئەۋلاتلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم-پەن نۇرلىرىنى چاچىدۇ!

سېنىڭ ئېرىگەن مايىڭ ئىجاتچان ئالىم، ياقۇنلۇق شائىر، ئىشچان باغۋەنلەرنىڭ پېشانىسىدىن ئاققان خاسىيەتلىك تەرتامچىلىرىغا ئوخشايدۇ. سەن ئوز يورۇغۇڭ بىلەن تۈنلەر ئارا بىدار كەشپىياتچىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا نۇرلۇق شولا چېچىپ، ئاخىرى كويۇپ-كويۇپ بەختىيار تەبەسسۇمدە ئوز ۋەزىپەڭنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىپ، ئاستا-ئاستا كوزۇڭنى يۇمىسەن!

ئىھ، شام! مەنمۇ ئوز ھاياتىم شامىنى ۋەتەن خەلقىمنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن يانىدۇرۇپ، زامانداشلىرىم قەلبىنى ئىلىم-ھېكمەت نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، ساڭا ئوخشاش ئوز ۋەزىپەمنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىپ، بەختىيار تەبەسسۇم بىلەن ئالەمدىن ئارمانسىز كېتىشنى خالايمەن.



( ھېكايە )

هوشۇر ئابدۇللا

كوچا-كوي تىمتاس، ئاسفالت يولدا شالاڭ
بۇرتى ئۇسۇپ كەتكەن، ياداڭغۇ چىراي بىرىي-
گىت ئاستا كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ناتونۇش
شەھەردە قونالغۇ ئىزدەپ تىنەپ-تەنتىرەپيۈر-
گىنىگە ئىككى سائەتتىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئاچ-
لىق ۋە ھارغىنلىقتىن ماغدۇرسىزلانغان تېنى
دىكابىرنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدىن ئادوگدەرىگەن،
قەلبى ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئازاپ ۋە پۇ-
شايمانغا تولغان ئىدى.

ئۇزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ، ئائىلە-
سىدىن كېتىپ، ئەندى نىمە قىلارىنى بىلمەي
بېشى قېتىپ يۈرگەن بۇ يىگىت بۇ تۈن تەگدە
يەنە قەيەلەرگىچە ماگىدىكىنا، بۇ شەھەردە ئۇ-
نىڭ بىرەر تۇققىنى ۋە ياكى تونۇشى بولسىمۇ
كاشكى. ھەي قاراڭ بۇ بىچارىلىقنى، لېكىن ھا-
زىر بۇ بىچارىلىققا ئىچ ئاغرىتىدىغان كىم بار
دەيسىز، ئۇ خىيال دېڭىزىغا چوككەن ھالدا يە-
نە بىر ھازا بېشى سويۇتقان تەرەپكە ماگدى .
نىشانسىز مېگىش ئۇنىڭ ھارغىنلىغىنى ئاشۇر-
دى. ھارغانسېرى قوسىغى تېخىمۇ ئاچتى، قو-
سىغى ئاچقانسېرى سوغۇق يەنىمۇ بەك ئۆتتى.
ئۇ سوغۇق ۋە ئاچلىققا ئاغى بىرلامدىكى دەپ.

ئويلىدى بولغاي، تاماكۇ چەكمەكچى بولدى .
مەيدە يانچۇغىدىن كىسىگىلىك تاماكۇ قەغىزىنى
ئېلىپ، سول قولىنى يان يانچۇغىغا تىقتى. لې-
كىن قولىغا تاماكۇ تۇرماق، تاماكۇنىڭ ئاز-
غىنە ئۇۋۇغىمۇ ئۇررۇنمىدى . يانچۇغىنى تىشە-
لىپ كەتكىدەك كولاپ قېقىشتۇردى. بىراقمەي-
لى ھەر قانچە قىلسىمۇ ھىچ نىمە چىقمىدى .
ئۇ بۇ ھال ئۇچۇنمۇ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ،
بېشىنى ساگىلاتقىنىچە مېگىشنى داۋام ئەتتۇر-
دى. ماگا - ماگا ئاخىر شەھەرسىرتىدىكى دەر-
يا بويىغا كېلىپ قالدى. كوۋرۇكنىڭ سېمونت
توسانچىسىغا يولىنىپ ئەتراپقا زەڭ سالدى .
ئۇنىڭ نۇرسىز كوزى ئۇلۇڭ تەرەپتىكى ئۇزىدىن
30 قەدەمچە نىرىدىكى ئويمەتكە سېلىنغان كە-
چىككىنە ئوينىڭ ئالدىدا ئېلېكتىر چىرىغى يو-
رۇغىدا ھەركەت قىلىۋاتقان ئىككى كىشىگەچۈش-
كەندە قەلبىدە ئۇمىت چىرىغى لىپ قىلىپ يان-
غاندەك بولدى. ئۇ شۇ تەرەپكە ماگدى. يېقىن
بېرىپ ئۇلارنىڭ تونۇرغا ئوت سېلىشىقا تەي-
يارلىنىۋاتقانلىغىنى كوروپ ئىسسىنىۋېلىش تا-
ماسىدا تېنى يايرىدى. لېكىن دەل شۇ ئەسنادا
ئائىلىسىدە تۈن تەگگىچە ئوت ئوچمەيدىغان چو-

يۈن مەش ۋە ئۇنىڭ ئىسسىغىدا بەھوزور ئۇخلىغانلىرى ئېسىگە كېلىپ كۆڭلى غەلىتە بولدى.

ھېلىقى ئىككەيلەن ياندىكى ئوتتۇننى ئالغىلى قايرىلىپ ئۇنى كورۇپ قالدى. ئۇلار كوڭلى ئۆيگەن ھالدا بىر-بىرىگە قاراشتى ۋە ئاندىن ئۇنىڭدىن تەڭلا سوراشتى:

— نىمە ئادەمسەن؟

— مۇساپىرمەن.

— مۇساپىر؟ بۇ يەرگە نىمە دەپ كەلدىڭ؟

— مەن، مە...ن، ھە...

ئىككەيلەن ئۇنىڭ دۇدۇقلىغىنىغا قاراپ تېخىمۇ شۇبھىلەندى ۋە ئەتراپقا بىر قۇر كوزيۇگۇرتىپ چىققاندىن كېيىن:

— بۇيەر مۇساپىرخانا ئەمەس، قايتىپ كەت! — دېيىشتى.

— ئاكىلار، — دېدى ئۇ يالۋۇرگەن ھالدا، — ئىشىڭلارغا ياردەملىشەي، تونۇر بېشىدا ئىسسىنىپ تۈننى ئوتكۈزىۋالاي.

— بىز سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلمىسەك.

ئۇ، ئۇلارنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ يەنە يالۋۇردى:

— مەن راستىنلا مۇساپىر، ماڭا ئىشىڭلار، قانداق ئىش بولسا قىلىشىپ بېرەي، بەك توڭۇپ كەتتىم، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن.

ئۇ شەرمى-ھايانى ئۇنتۇپ دادىسىغا كورەڭلىگەن چېغىدا يات كىشىلەر ئالدىدا مۇشىنچىلىك ئىش ئۇچۇن شۇنچە يالۋۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كورگەن دەمسىز؟ تىنچ ۋە خاتىرجەم ئائىلىسىدە ئەتىۋالىنىپ، ياغىنىڭ ئىچىدىكى بورەكتەك ياشاپ كەلگەن بۇ يىگىت تۇرمۇش يولىنىڭ بۇنچە مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى مولچەرلىمىگەن — دە، ئۇ ئائىلىسىدىكى چېغىدا ئائىلىسىنىڭ ئېتىۋارىنى بىلمىدى. بىر نەچچە قېتىم دادىسىغا قىيداپ ئائىلىسىدىن كىتىمەن دىگىنىدە، ئائىلە سىرتىنى گويا شىرنە-شەربەتلەر ئېقىپ تۇرىدىغان خىيالى جەننەتتەك كوز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئىدى.

مانا ئەندى ئائىلىسىدىن ئايرىلغان بىر ئايدىن بۇيان تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تازا تېتىدى.

— بوپتۇ ئادەم بالىسىكەنسەن، بىز ساڭا ياخشىلىق قىلايلى، ياخشىلىققا يامانلىق قىلمىساڭلا بولغىنى، — دېدى ئىككەيلەندىن ياشراق بىرى.

— نەگىلا بارساڭ ياخشى بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن، يامان بولساڭ بېشىڭنى، ياخشىلىغىمىزنى بىلمەسەڭ ئۇۋالى ئوزەڭگە، — دېدى ياشانغان ناۋاي.

بىرمۇنچە ۋەز-نەسىھەتتىن كېيىن ئۇلار ئۇنى نېرىراقتىكى شاخ ئوتتۇننى تونۇر قېشىغا ئەكىلىشكە بۇيرىدى. ئۇ بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىشقا ماڭدى. ئۇنىڭ مۇنداق ئىشنى قىلىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئەگەر ئائىلىسىدىكى چېغىدا دادىسى ئۇنى مۇنداق ئىشقا بۇيرىيدىغان بولسا ئۇنىماس ئىدى. مانا ئەندى ئامالسىزلىقتىن ئۇنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ ئومرىگە كېلىپ تا شۇ كەمگىچە ئۆيىگە بىر ئۇرۇق سۇ ئەكىرمەي تەييارغا ھەييار بولۇپ ياشاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق بولۇپ قىلىشىغا دادىسى — ئىمىن ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۇنى «ئانا خۇۋلىغىنى كورمىگەن يالغۇز ئوغۇل، ئويناپ-كۈلۈپ چوڭ بولىۋالسۇن» دەپ ھەددىدىن زىيادە ئەتىۋالاپ پۇلەپ كوككە كوتەرگىنى سەۋەپ بولغان. دادا ئوزىنىڭ ئەشۇ ئاجىزلىقلىرىنى بارا-بارا سەزگەن، ئوغلىنى تالاي قېتىملاپ قىلىنغان نەسىھەتنى ئاڭلىمىغاندا، ئوغلىنى ئېيىپلاشتىن كورە ئوزىنى

ئېيىلىغان. ئىمىن ئاخۇن ئاكا ئوزىنىڭ كۈنـ
دىن ـ كۈنگە ياشىنىپ كىتىۋاتقانلىقىنى ئوير ـ
لاپ، ئازىلاپ ـ ئامانلاپ باققان شۇ يـالغـۇز
ئوغلىنىڭ ئوزىدىن كىيىن قالغاندىن كىيىنكى
كۈنى ۋە كەلىچىگىنى دەپ ئۈنى توغرا يولغا يىتەكـ
لەش كويىدا ئوزىنىڭ ئاتا كەسپى كوكتاتچە ـ
لىق ھۈنىرىنى ئۈگەتمەكچى بولدى. لېكىن ئوغـ
لى بۇنى ئۈگىنىشتىن باش تارتىپ، دۈككانغا
بارغىلى ئۈنىمىدى. كوكتاتچىلىق ئۇنىڭ نە ـ
زىرىدە ئەرزىمەس ئىش ئىدى. شۇڭا ئـۇ، ئوز
رىسقىنى بـۇ ھالال ئوقەت ئارقىلىق قولغا كەلـ
تۈرۈشتىن كورە، ئەتىدىن كەچكىچە بىكار لا ـ
غايلاپ يۈرۈشنى ئەۋزەل كوردى. ئۇنىڭ ئۈسـ
تىگە ھە دىسە كوچىدا چاتاق چىقىرىپ كىشە ـ
لەرنىڭ لەنىتىگە قالدى. بۇ ئىشلار مىھرىبان
دادىغا قاتتىق ھار كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەـ
نىلا ئوزىنى تۇتۇۋىلىپ، بەگۋاش ئوغلىنى ئەيـ
ۋاشقا كەلتۈرۈش ئـۈچۈن كـوپ تىرىشچانلىق
كورسەتتى. لېكىن بۇ تىرىشـچانلىـقلار كارغا
كەلمىدى. قىلىنىدىغان نەسىھەتلەر ئاۋۇغانـەـ
سېرى ئۇ تېخىمۇ كاژلىشىپ كەتتى.

بالا دادىسىنىڭ نەسىھەتىدىن زىرىكىپ، داـ
دا بالىنىڭ بىغەرەزلىكىدىن رەنجىپ يـۈرگەن
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۈچ ئۈلپىتى بىلەن كوـ
چا ئاشخانىسىدا بولىشىغا ھاراق ئىچىپ غـەرق
مەس ھالەتتە كوچىغا چىقىشتى. ئۇلاردا شۇ مېـ
نۇتتا شەرمى ـ ھايادىن ئەسەر قالمىغاچقا،
كورگەنلا ئەر كىشىگە نىمىلەرنىدۇر دىيىشىپ
پوپۇزا قىلىشسا، ئاياللارغا سەت ھىجىيىشىپ تەـ
تىقسىزلىق قىلىشاتتى. كىشىلەرنىڭ نەپرەت بىـ
لەن ھومۇيىشلىرى ئۇلارغا ھىچ تەسىر قىلمايتـ
تى. ئۇلار تېخى ھەددىدىن ئېشىپ غەزەپلىك ھوـ
مىيشلارنىڭ بەزىلىرىگە لاۋزا كۈلكىلىرى بىـ ـ
لەن جاۋاپ قايتۇرۇشسا، بەزىلىرىگە نومۇسسىز تىلـ
ھاقارەت بىلەن جاۋاپ قايتۇراتتى. مانا ئا ـ
خىر ئارىدىن ئانچە ئوتمەي بىرەيلەن بىـلەن
قەستـەن جـودا تـ.ـر.ـدى . تـوت " نـو ـ
چـى " بـ.ـ.ـر ي.ـىـگـ.ـتـ.ـكـ.ـە تـەڭ كـىلەلمەي
تىگىشلىك نىسىۋىسىنى يىگەندىن كىيىن، كو ـ
كەملىك قىلىشىپ پىچاق كوتىرىپ قوپۇشتى.
دەل شۇ ئەسنادا بازار پەيچۇسىنىڭ ئىككى نەـ
پەر ساقچىسى پەيدا بولدى .ـ دە، ئۇلارغا نە ـ
سىھەت قىلدى. لېكىن ئۇلار نەسىھەتنى قوبۇل
قىلماي جىدەلنى ئاۋۇتماقچى بولۇشتى، ھـەتتا
ھەددىدىن ئېشىپ ساقچىلارغىمۇ ئوشـۇقچىلـىق
قىلىشتى. ساقچىلار ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇلارغا
گەپ ئوتكۈزەلمىگەندىن كىيىن ئىلاجىسىز پەيـ
چوسىغا ئېلىپ باردى…

ئەتىسى ئىمىن ئاخۇن ئاكا ئوغلىنىڭ قىلـ ـ
مىشىدىن خەۋەر تېپىپ ئاتلىق بۈرچى بىلـەن
ئوغلىغا ئاغرىتىپ نەسىھەت قىلدى. لېكىن ئوغـ
لى نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن،
ھەتتا دادىسىغا يېنىـپ يولسىز تاكـاللاشتى.
قەھرى ـ غەزىۋى ئورلىگەن دادا پەيلىنى تا ـ
زا بىر بۇزدى ـ يۇ، ئەمما يەنە ئوزىنى تۇتۇۋـ
لىپ نەسىھەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئوغلى
نەسىھەتنى كېچىچە پەيچۇسودا سوغـۇق ۋە داق
يەردە ياتقانىنىڭ ئەلىمىنى ئاۋۇتقانـلىق، بۇ
" ئولمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك " بولـدى دەپ
تونۇپ، ئاخىر تولا ئېيتىپ ئادەتلىنىپ قالـغان
گېپىنى يەنە تەكرارلىدى:

ـــ كوزۈڭدىن يۈتسەم بولامدۇ؟ بولدى، ياقا
يۇرتقا چىقىپ كىتەي

ئۇنىڭغا گېپى ئوتمىگەن دادا جان ـ ئاچ ـ
چىقىدا ۋاقىرىدى:

ـــ چىقىپ كەتسەڭ، كەت!

شۇ كۈنى ئۇ دىگىنىنى قىلدى. شۇنىڭ بىـ .
لەن بىر ئايدىن بۇيان ھۆرككەن كەپتـەردەك
قاڭقىپ يۈرۈپ ئاخىر مانا مۇشۇ ناتونوش شەـ
ھەرگە كىلىپ قالغان ئىدى…

ئۇ ئىككى ناۋايغا ھەمرا بولۇپ تاڭغا ئۇ ـ
لاشتى . يۇزىگە كۇنچۇت سۇرتۇلگەن شىرمان
گىردە خېمىرى تونورغاكىرىشكە باشلىغان چاغ ـ
دىلا ئۇنىڭ نەپىسى تاقىلداشقا باشلىغان ئى ـ
دى. » ئاچنىڭ كوزى ئاشتا « دىگەن شۇ ـ دە،
گىردىلەر قومۇرۇلۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ لەۋلى ـ
رى تامشىپ، كوزلىرى مولدۇرلەپ كەتتى. بوغ ـ
دىيىگى بىر نەچچە قېتىم يۇقۇرى كوتىرىلىپ،
پەسلىدى. ناۋايلار بۇنىڭدىن بىخەۋەر. ئۇ ئا ـ
ئىلىدىكى چېغىدا تالاي قېتىملاپ خۇش پۇرىغى
ئىشتىھانى قوزغايدىغان مىزىلىك ئىسسىق ناند ـ
لارنىڭ باش بۇنىغا ئېغىز تەككەن. لېكىن ھا ـ
زىر ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشقا نىمە ھەددى بول .
سۇن. قومۇرۇلغان گىردىلەر تەۋەگدە كوپەيگەن ـ
سېرى ئۇنىڭ نەپسىنىڭ تاقىتى ـ تاق بولدى.
ئۇ تۇغۇلۇپ تا شۇ، كەمگىچە نانغا مۇنداق تەل ـ
مۇرمىگەن ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئويىدىكى ئۇچ ـ
توت يىلنىڭ مابەينىدىكى سۇت ۋە تاتاىق تۇ ـ
رۇملار بىلەن قوشۇپ يىيىلىدىغان ئەتىگەنلىك
تاماق، ۋاقتى ـ قارارلىق تويۇپ يىيىلىدىغان
مىزىلىك چۇشلۇك غىزا، يەڭگىل ۋە چۇچمەل
كەچلىك تائاملارنى ئەسكەئالدى.

ـ مە، ما ناننى يە، ـ ياش ناۋاينىڭ بو ـ
غۇق ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۇزدى. ئۇ دا ـ
ماندىن ئەندىلا ئېلىنغان، قوقاسقا بولانغان
ناننى پۇدەپ تۇرۇپ ئوشتىدى ۋە ئاغزىنى تول ـ
دۇرۇپ بىر چىشلىدى. لېكىن شۇ زامان ئولتۇ ـ
رۇشۇپ كەتكەن كوزلىرىدىن پۇچاقتەك ياش
تامچىلىرى تامچىلىدى. ئۇنىڭ تامىغى كويگەن
ئىدى، شۇنىڭغا قارىماي ئاغزىدىكى ناننى چالا
چايناپ، چىداپ يۇتىۋەتتى.

ئۇ، ئۇ يەردە ئىككى كۇن تۇرۇپ قالدى. ياشان ـ
غان ناۋاي ئۇستا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوزىدىن
سوراپ ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تاشنى ئېرىت ـ
كىدەك ئوبدان سوزلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى.
تۇنۇگۇن كەچقۇرۇن يانا نەسىھەت قىلدى. ئا ـ
خىرىدا: » شوپۇر ئوغلۇم ئەتە خوتەنگە يۇك

ئېلىپ ماڭماقچى. سېنى شۇ ماشىنىنىڭ كەيند ـ
كىسىگە سېلىپ قوياي، ئويۇڭگە كەتكىن. ئوزەڭ ـ
نى قىيناپ، داداڭنى ئەنسىرىتىپ يۇرسەڭ ياخ ـ
شى ئەمەس. يول ئۇستىدە ياتاق، تامىقىڭدىن
ئوغلۇم خەۋەر ئالىدۇ « دىدى.

ئۇ كېچىچە ئۇخلىمىدى. كاۋلىق قىلىپ دا ـ
دىسىنىڭ سوزىنى ئاڭلىماي، قىيداپ ئائىلىسە ـ
دىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى كەچۇرمىشلىرىنى
ئەسكە ئالدى:

ئۇ ئويىدىن چىقىپ كېتىپ تېخى بىر ـ ئىك ـ
كى كۇن ئوتە ـ ئوتمەي ئائىلىسىدىن ئايرد ـ
لىشنىڭ ئازاۋىنى چەككىلى تۇرغان ئىدى. شۇ
كۇنى ئۇ شەھەرگە كەچرەك كەلدى. بىر ئاش ـ
خانىغا كىرىپ قوسىغىنى توقلىدى. ئەندى قو ـ
نالغۇنىڭ غېمىنى قىلىش زورۇر ئىدى، لېكىن
ساماۋەرخانىغا كىرىپ ئۇن ئالغۇ ئاڭلاپ ئول ـ
تۇردى. ساماۋەرخانا تاقالغاندىن كىيىن ئاند ـ
دىن مېھمان كۇتۇشكە قاراپ ماڭدى. ئەمما
مېھمان كۇتۇش ئاللاقاچان تاقالغان ئىدى .
ئۇ ئىلاجسىز كوچا قاڭداپ تۇننى تاڭغا ئۇل ـ
دى. ھارغىنلىق ئۇيقۇسىزلىقتىن ئەتىسى ئەتى ـ
گەندە تاماق يىگۇسى كەلمىدى. چۇشتە چوڭ
كوچا دوقمۇشىدىكى مېھمان كۇتۇشكە كىرىپ بى ـ
لەت سېتىۋالدى ـ دە، ياتاققا كىرىپ كەشنى
سىلىشقىمۇ كۇيمەي كارۋاتقا ئوزىنى تاشلاپ
ئۇيقىغا كەتتى.

ئۇ ئۇيقۇسىغا قېنىپ قوپقاندا خېلىلا كەچ
بولۇپ قالغان ئىدى، ئەندى ئۇنى قوسىغى تا ـ
ماق ئىزلەشكە ئالدىراتتى. ئۇ ياتاقتىن چە ـ
قىپ ئانچە يىراق بارمايلا دۇككىنىنى يىغىش ـ
تۇرۇشقا تۇتۇنغان ناۋايدىن ئىككى نان سېتى ـ
ۋالدى، ئاندىن ياتاققا يىنىپ كىرىپ قوساق
تويغۇزماقچى بولدى. يۇ، ئەمما بۇنىڭغا كوڭلى
ئۇنىمىدى. بۇ ئازلىق يىگىت كۇنلىگى كەچتە
ياخشى غىزا يەپ ئادەتلىنىپ قالغان تۇرسا قۇ ـ
رۇق ناننى قايناقسۇغا توگۇرۇپ يىيىشكە كوڭ ـ
لى قويامدۇ؟ » تېخى ھېلىلا ئۇيقىدىن ئويغان ـ
دىم، ياتاققا كىرىپ قوساق تويغۇزغىنىم بە ـ

لەنمۇ يەنە دەمـال يېتىپ ئۇخلىيالمايـمەن »
ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ تاماق يېگەچ بىردەم ـ
يېرىمدەم ئىچ پۇشىغىنى چىقارماقچـى بـولۇپ
ئىراقتىكى كاۋاپخانىغا قەدەم باستى.

كاۋاپخانا ئىچىنى تاماكۇ ئىسى بىلەن كا ـ
ۋاپنىڭ ھورى قاپلىغان ئىدى. بارى ـ يـوقى
بەش جوزىنىڭ ھېچ بىرى بوش ئەمەس ئىدى.
ئۇ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى پۇتى سۇنۇپ، يېنـى
ئاجراپ كەتكەن جوزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇ
تۇردى. يىنىدىلا ياڭراۋاتقان «خوشە ـ خوش »ـ
لار ئۇنىڭ گېپىنى قىملدىتىشقا باشلىدى. شۇ ـ
نىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى غورتەك ئاتقۇ ـ
سى كەلدى. ئىچىپ ئادەتلەنگەن بۇ يىگىت بۇنـ
داق ئورۇندا ئىچمەي تاقەت قىلالامدۇ ؟ ئۇ بىر
ۋوتۇلكا ئاق ھاراق ئېلىپ كىردى ـ دە، بۇي ـ
رىغان كاۋاپ كىرگىچە ئىككى ـ ئۈچ رۇمكا ئى ـ
چىۋەتتى. ئۇ ئاچ قوساق بولغاچقا ھاراق تېز ـ
لا تەسىر قىلدى. ئەندى ئۇ نان يېيىشنىمۇ ئۇنـ
تۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچكىلى تۇردى…

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئازراق ھۇشىغا كى ـ
لىپ ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىنى سەز ـ
دى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى قاتلىشىپ، رەڭگىدە قان
دىدارى قالمىغان ئىدى. قوسىغى تۈز قويۇلغان
يارىدەك ئېچىشىپ، كويۇپ ئاغرىيتتى. ئۇ ئىخـ
تىيارسىز ھالدا « ۋاي قوساق، ۋايجان!» دەپ
ئىڭرىدى. دوختۇرلار تەكشۈرۈپ ئاشقازىنىنىڭ
ھاراق بىلەن زەھەرلەنگەنلىكىنى ئېنىقلىدى.

ئۇ بالنىتسىدا ئۈچ ھەپتىچە يېتىپ ساقىيىپ
چىققاندا، يانچۇغى پۇتۇنلەي قۇرۇغدالغان ئى ـ
دى. ئەندى ئۇنىڭ بېشىغا يىمەك ـ ئىچمەك ـ
نىڭ غېمى ئىسمى ئەزەم ياغدۇردى. دىمىـسىمۇ
ئۇ تىرىك جان بولغاندىن كېيىن ئوزۇقلىنىش
كېرەك ـ تە، ئەمما ئۇ ھازىر بۇ ئېھتىياجىـنى
قاندۇرۇشقا ئىلاجىسىز ئىدى. مەدىكار ئىشلەپ
پۇل تېپىپ، قوساق تويغۇزسا بولمامدۇ ؟ ياق،
ئۇ بۇ ئىشنى قىلمايدۇ. ئوزىنى خار قىلىشقارا ـ
زىكى، كۆچىنى خار قىلمايدۇ. « قولدەك ئىش ـ
لەپ بەگدەك يە » دىگەن تەمسىل ئۇنىڭ يا ـ
شاش مەنتىقىسىگە يات، ئۇنىڭ ئۈستىگە مە ـ
دىكارچىلىق قىلىش ئۇچۇنمۇ قوساق توق بو ـ
لۇش كېرەك، چۈنكى « بوش تاغار ئورە تۇر ـ
مايدۇ » ـ دە.

ئۇ شۇ كۈنى چۈشكە ئاران ئۇلاشتى. چۈشـ
تە كوچا ئېغىزىدىكى ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى يې ـ
نىدىكى سۇ تۈرۈبىسىنىڭ جۈمەكىدىن جىققىنە
سۇ ئىچتى، ئەمما سۇ ئاچلىققا دال بولالمىدى.
ئۇ گويا پۇتىغا يوغان تاش ئېسىپ قويۇلغان ـ
دەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن بىكەت تەرەپكە ماڭـ
دى. بىكەت ئالدىدا بويۇن قىسىپ ئىمىشقىدۇر
ئۇيان ـ بۇيان تەلمۈرۈپ يۈرگەندە ناھىيەبا ـ
زىرىنىڭ ئاشخانىلىرىدا بىر نەچچە قېتىم بىلـ
لە ھاراق ئىچىشكەن بىر شوفۇر بىلەن ئۇچرىـ
شىپ قالدى. ئۇ ئىلگىرى ئانچە نەزىرىگە ئىلـ
مىغان بۇ شوفۇر ھازىر ئۇنىڭغا ئەۋلىيا كورۇ ـ
نۇپ كەتتى. ئۇ شوفۇرغا تاما بىلەن تەلمۈردى.
شوفۇر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى بايقىدىمۇ ياكى ئۇ ـ
زىنىڭمۇ قوسىغى ئاچقانمۇ:

ــ تاماق يىمەيلىما؟ ـ دىـدى. بۇ گـەپ
ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى. ئىككىسى تويغىچە تا ـ
ماق يىدى…

ئۇئەنە شۇ شوفۇرنىڭ ماشىنىسىدا ئولتـۇ ـ
رۇپ مـانا بـۇ نا تونۇش شـەھەرگە كەلگەن
ئىدى.

ئەسكە ئېلىنغان بۇ ئەلەملىك كوچۇرمىشلەر
ئۇنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان پۇشايماننى ئۇلـ
غايتتى. ئۇ، شۇ پۇشايمان ئىلكىدە ئوزىگە سو ـ
ئال قويدى: « خاتىرجەم ئائىلىدىن، مېھرىبان
دادامدىن ئايـرىلىپ نىمە خـوۋلۇق كوردۇم ؟
ئائىلە سىرتىدا ئىرىشمەكچى بولغان ئازادلىق،
كوڭۇل خوشلۇغى قېنى؟…» ئۇنىڭ دىمىغى ئې ـ
چىشىپ، كوز جىيەكلىرى قىزاردى. شۇئان شەبـ
نەم تامچىسىدەك سۈزۈك ئىككى تامـچە يـاش
مەڭزىدىن تووەنگە سىرغىدى. قەلب قېـتىدىـن
مۇنداق قارار سىرتقا تەپچىپ چىقتى: «كىتەي!
دادامنىڭ يېنىغا، ئىللىق ئائىلە قوينىغا قاي ـ
تىپ كىتەي!»

# قايتۇرۇۋېلىنغان سوۋغا

( ھېكايە )

ئابلىز ھەلىمدىن

ناھىيىلىك دېخانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى قاسىم قارىنىڭ ئوغلى ئەخمەتجان 1973 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن بۇيان بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ياغاچچىلىق كارخانىسىدا شاگىرت ئىشچى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇ گەرچە ياغاچچىلىق كەسپىنى پۇختا ئىگەللەپ، ئۇستا بولۇپ يېتىشكەن بولسىمۇ، بىراق رەسمىيلەشمىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ كەسپتىن كۆڭلى سوۋۇشقا باشلىدى. ئۆز تەكتۇشلىرىنىڭ ھەر قايسى كەسپىي تارماقلاردا كادىر، ئىشچى بولۇپ ئورۇنلىشىپ كەتكەنلىكىنى، پەقەت ئۆزىنىڭلا مۇشۇنداق ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا ناھايىتى ئىچى پۇشاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە توي قىلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ھوجرا - ئۆينى سېلىپ، ئۆي بىساتلىرىنى تەلتۆكۈس ھازىرلاپ قويغىلىمۇ ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئاتىسى بولسا: «بالام، نەدىلا ئىشلىسەڭ ئوخشاش، بىر كۈنى سېنىمۇ رەسمىيلەشتۈرۈپ قويار» دەپ، ئۇنىڭ ئىشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئەخمەتجان تېخىمۇ تىت - تىت بولۇشقا ۋە كەلگۈسىنى بەكرەك ئويلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى.

ئەخمەتجان بۈگۈن ئىشنى بالدۇرراق تۈگىتىپ، ئىچ پۇشقىنىنى چىقىرىش ئۈچۈن مەقسەتسىزلا بازارنى ئايلىنىپ قالدى ۋە خىلمۇخىل رەختلەر يېيىلغان رەستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەمگەك بولۇمىنىڭ كادىرى ئابدۇقېيۇمنىڭ سەييارە دۇككان ئېچىپ مال سېتىۋاتقان يۇسۇپ چويۇننىڭ بوتكىسى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە يۇسۇپ چويۇننىڭ: «بۇنى گۇسۇنخانىغا ئالغاچ بارالا... پۇلىنىمۇ؟ ياق - ياق، بۇنچىلىك رەختكىمۇ پۇل دەيمىزمۇ؟ تارتىنماي ئېلىپ كېتىۋەرسىلە، كونىلاردا بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق دېگەن سۆز بار، بىز ئۆزلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا ھوشۇرجاننى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋالدۇق، سىلىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىغا تاغ يۆتكەپ بەرسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئەخمەتجان بۇ يەردىن يىراقلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىغلاشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئىشنىڭ يولى مۇنداق ئىكەن ئەمەسمۇ؟» ئالدى ئىشىكتىن يىڭنە پاتمايدۇ، ئارقا ئىشىكتىن

پويىز قاتنايدۇ » دىگەن سوزلەر بىكار تارقالـ
مىغان ـ دە ، ئەشۇ » سىقسا سۇ چىـقمايـدىغان ،
چاشقانغا كىپەك ئالدۇرمايـدىغان » چـويـۇنمۇ
ئوز ئوغلى هوشۇر توپىلاقنى ئەشـۇ يول بىلەن
ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەنـدە! ... ئۇ خىيال سۇر ـ
گىنىچە ئوز ئويىگە قانداق كىلىپ قالغانلىغى ـ
نى سەزمەي قالدى . كەچلىك تامىغىنى چالا ـ
پۇلا يەپلا هوجرا ئويىگە كىرىپ كەتتى ۋە كار ـ
ۋاتتا ئوگدىسىغا يېتىپ خىيال سۇرۇشكە باش ـ
لىدى . ئۇ كوز ئالدىغا هوشۇر توپىلاقنى كەلـ
تۇرگىنىدە ياتالماي قالدى . چۈنكى هوشۇر
توپىلاق ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دىمەتلىك بولۇپ ،
بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئىدى .
ئۇ "مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى"دا قىزىل بەلگۇ
تاقاپ ، كەينىگە ئادەم سېلىپ ئۇرۇش ـ چېـ
قىش ، بۇلاش بىلەن شۇغۇللۇنۇپ يۇرۇپ
» هوشۇر توپىلاڭ » دەپ نام ئالـدى . ئەلـەم
كۇرۇشى توختاپ ، ئوقۇش ئەسلىگە كەلگەندىن
كېيىن ، يەنىلا ئوزىنىڭ توپىلاقچىلىق قابىلە ـ
يىتىگە ئاساسەن ئىمتىهان مەيدانىدا ئاق قەغەز
تاپشۇرۇشنىڭ » قەهرىمانى » بولۇپ كەلـدى .
مەكتەپنى شۇ يوسۇندا پۇتتۇرگەن هوشۇر
توپىلاڭ ئۇششۇقلۇق قىلىپ ، يا چېنىقىشقا چىقـ
ماي ، يا خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي بىر مەزگىل
بېيجىڭ ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا قاتراپ ،
سودىگەرچىلىك قىلىپ يۇردى . بۇندىن 6 ئاي
بۇرۇن نىمە سەۋەپتىندۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا
ئىشچى بولۇپ قالغان ئىدى . بۇگۇن ئەخمەتـ
جان ئۇنىڭ شۇنداق ياخشى كەسپى ئورۇنىدا
رەسمى ئىشچى بولۇپ قالغانلىغىنىڭ سەۋەبىنى
ۋە يەنە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئۇستىدە
سوز ئېچىلغان سورۇنلاردا بىر قىسىم كىشىلەر ـ
نىڭ : » ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى هەل
قىلىشتا ، ئەمگەك بولۇمىدىكى ئابدۇقېيۇم
بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك ، چۈنكى ،
ئۇ ، بۇ بولۇمدىكى ئىشنى ئاساسلىق باشقۇ ـ
رۇپ ، كىسىپ ئىشلەيدىغان كادىر ، ئۇ ، شىتات
كورسەتكۇچىنى مۇزاكىرە قىلىغان يىغىندا سىنىڭ

ئىسمىڭنى ئوتتۇرىغا قويسىلا ، مەسىلەڭنىڭ
هەل بولغىنى شۇ ، كىشىلەر ئۇنى » ئابدۇقېيـ
يۇم كىسەر » دەپ بىكار ئاتاشمايدۇ ...» دىگەن
گەپ ـ سوزلىرىنىڭ مەنىسىنى رۇشەن چۈشۈنۈپ
يەتتى . ئەخمەتجان ئويـان ئويـلاپ ، بۇيـان
ئويلاپ ، ئاخىرى ئوزىنىڭمۇ ئازراق ئارقا ئىـ
شىكتىن ماڭمىسا بولمايدىغانلىغىنى هىس قىلـ
دى . لېكىن ، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش ئۇنداق
ئاسان ئەمەستە . بۇنىڭغا ئازراق بىر نەرسە
بولمىسا » قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقماپتۇ » دى ـ
گەندەك ، ئۇنىڭ ئورۇنۇشلىرى بىكارغا كەتمەمـ
دۇ . بىراق بىر نەرسە ئاپىرىش توغرا كەلسە
نىمە ئاپىرىش كېرەك ؟ ئۇ شۇنداق خىياللار
ئىچىدە شەرقى تامغا كوزى چۈشكىنىدە ، ئور ـ
نىدىن سەكرەپ تۇردى .

ـــ توغرا ، مۇشۇنى ئاپىرىش كېرەك . سوۋـ
غاڭ چوڭ بولسا ، يۇزۇڭمۇ چوڭ بولىدۇ . ئەخـ
مەتجان تامغا ئېسىغلىق كەلكۇن نۇسقىلىق گىـ
لەمنى چۈشەردى ـ دە ، ئۇنى چىرايلىق قاتـ
لاپ ئويىدىن چىقتى .

ئەخمەتجان گىلەمنى ئابدۇقېيىۇم "كىسەر"ـ
گە ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن ، دادىسىدىن
بەك ئېهتىيات قىلدى . چۈنكى دادىسى بەكمۇ
قاتتىق قول بولۇپ ، هەر قانداق بىر ئىشتا
ئەۋۋەل ئويلۇنۇپ ئاندىن هوكۇم چىقىراتتى .
شۇڭا ئوزىنىڭ بۇ ئىشىنى دادىسى ئۇقۇپ قالسا ،
قارشى چىقىش ئەمەس ، بەلكى ئاپارغان سوۋـ
غىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشتىن يانمايتتى .
ئۇنىڭ بىردىن ـ بىر كوز قارشى » تىز پۇكۇپ
ياشىغىچە ، تىك تۇرۇپ ئولگەن ياخشى » دى ـ
يىشتىن ئىبارەت ئىدى .

لېكىن بۇ سىر ئۇزاق ئوتمەيلا پاش بولۇپ
قالدى . مەلۇم ئىش بىلەن ئەخمەتجاننىڭ
هوجرا ئويىگە كىرگەن ئانىسى ئامىنىخان گىـ
لەمنىڭ يوقلىغىنى بىلىپ قالدى ۋە ئەخمەتجانـ
دىن ئىنچىكىلەپ سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق گىـ
لەمنىڭ سوۋغا سۇپىتىدە ئابدۇقېيىۇم كىسەرگە
بىرىلگەنلىگىنى بىلىۋالدى . ئانا ئوز ئوغلىـ

نىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنى ئويلاپ ، ئوغلىنىڭ
بۇ ئىشقا ئانچە ئاچچىغلاپ كەتمىگەن بولسا ـ
مۇ ، بىراق بۇ ئىشنى قاسىم قارىغا ئېيتماي
تۇرالمىدى . بۇنى ئاڭلىغان قاسىم قارى ئور ـ
نىدا تۇرالماي قالدى . ئۇ ئۆز ئوغلىنى تولىمۇ
ياخشى كورەتتى . ھەر قانداق جايدا ئوغلىنىڭ
ياخشى تەربىيىنى ئاڭلىسا چىن قەلبىدىن سۆيۈ ـ
نۈپ كىتەتتى . « قانداقلا بولمىسۇن ئوغلۇم
كىشىگە خوشامەت قىلىشنى بىلمەيدۇ ، ساختە ـ
لىق ، ياسالمىلىقتىن خالى » دەپ ماختىناتـ
تى. لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، ئاتىسى ـ
نىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا باشقىلارغا ياخ ـ
شىچاق بولۇش بىلەن خىزمەت مەسىلىسىنى
ھەل قىلماقچى ، ئۇنچىلىك مالىنىڭ ئىشى ھېچ
گەپ ئەمەس ، لېكىن بۇ ئىللەت ياخشى
ئەمەستە .

قاسىم قارى ئايالىنىڭ يالۋۇرۇشى ۋە نەسـ
ھەتلىرىگە پەرۋا قىلماي ئابدۇقېييۇم كىسەرنىڭ
ئۆيىگە كەتتى .

× × ×

بۈگۈن ئابدۇقېييۇم كىسەرنىڭ ئائىلىسىنى
قانداقتۇ بىر خىل يوشۇرۇن ئەنسىزلىك قاپلاپ
كەتتى . ئابدۇقېييۇم كىسەر خۇددى سوڭەك
يۇتۇۋالغاندەك ، ئۇ ھازىرلا قوسىغىنى تىشىپ
چىقىدىغاندەك ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە كارۋاتتا
ئولتۇرۇشقا ياتاتتى. ئايىلى گۈلسۈمخان بولسا:

ــ ۋاي ئىسىت ! ۋاي ئىسىت ! ــ دىگىنى ـ
چە ئۇنىڭ كوڭلىگە تېخىمۇ يېڭى غەشلىك سا ـ
لاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى پارتكوم يە ـ
غىنىدا پارتكوم شۇجىسى روزىيۇپنىڭ كادىرلار
مەسىلىسى ئۈستىدە توختۇلۇپ ، بەزى كادىرلار
تېخىچە ئۆز ھوقۇقىغا تايىنىپ كىشىلەرنىڭ
قان ـ تەرىنى شوراۋاتقانلىقىنى ، ھەل قىلىشقا
تېگىشلىك مەسىلىلەرنى يەنىمۇ كەينىگە سۆ ـ

رۈپ ، ئاز ـ تولا پارا يېيىش ئارقىلىق ئۇلار ـ
نى زار قاخشىتىۋاتقانلىقىنى توغرۇلۇق ئوزۇن
سوز قىلدى ھەمدە بۇ خىل يامان ئىللەتنى
چوقۇم تازىلاش كېرەكلىكى ئۈستىدە توختۇ ـ
لۇپ ، ئاخىرىدا نوۋەتتىكى سىياسەتنى ئەمەلـ
لەشتۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل يولداشلار ۋە ئەم ـ
گەك بولۇمىدىكى يولداشلار بۇ مەسىلىنى تېز ـ
دىن بىر تەرەپ قىلىشى لازىم ، بۇنىڭغا بىر
خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاجرىتىلىدۇ ، ئەگەردە پا ـ
را يىگەن ، ئارقا ئىشىككە يول ئاچقانلار كو ـ
رۈلسە ، ئىنتىزام جازاسى بېرىلگەندىن سىرىت،
پارتىيە ئىچىدە باشقىچە چارە كورۈلىدۇ ، دەپ
ئوتتۇرىغا قويدى . يىغىندا ئىسمى ئاتالمىغان
بولسىمۇ ، « ئىشتانىغا چىققان كوڭۈلگە تايىن»
دىگەندەك بارلىق سوزلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت
ئابدۇقېييۇمغا قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقاندەك ئۇ ـ
نىڭ سەمرىپ كەتكەن بەدىنى ئارانلا كوتۈرۈپ
تۇرغان سېمىز ـ گوشلۇق يۈزىنى خېلى قىزارتـ
تى . ئۇ بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كوتۈرەلمەي
گاھ قىزىرىپ ـ گاھ تاتىرىپ ئولتۇردى . ئۇ ـ
نىڭغا يېنىدىكى بارلىق كوزلەر ئۆزىگىلا تىكە ـ
لىپ تۇرغاندەك،ھەممە كىشى ئۇنى مەسخىرە
قىلىۋاتقاندەك،تۇيۇلۇپ يىغىننىڭ بالدۇرراق
تۈگىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى .

يىغىندىن ئەنە شۇنداق ئوسال ھالەتتە
قايتقان ئابدۇقېييۇم كىسەر ئۆيىگە كىرىش
بىلەن يېڭى بىر پاجىئەگە دۇچ كەلدى . بۇ
پاجىئە قاسىم قارىنىڭ ئاچچىق گەپلىرى بە ـ
لەن « كەلكۈن » نىڭ ئۆيدىن چىقىپ كىتىشى
ئىدى . بۇ ئابدۇقېييۇم كىسەر ئۈچۈن چوڭ
پاجىئە بولۇپ تۇيۇلاتتى . چۈنكى ئۇنىڭ ئار ـ
زۇ ـ ئۈمىتلىرى ئەمدى يوقۇلۇشقا باشلىغان
ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايىلىنىڭ تىنىماي
ۋايساشلىرى ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بۇيانقى ئاچ ـ

چىق كەپلەرگە چىدىيالماي تۇرغان ھەسرەتلىك
يۈرىكىگە يىگىندەك سانچىلىشقا باشلىدى . ئۇ-
نىڭ ئۇستىگە ئايىلىنىڭ :

— ھەي دادىسى ، بۇ قاسىم قارى راستىنلا
بىزنى پاش قىلىپ قويارمۇ ؟ ئۇنىڭ پەيلى
يامان تۇرىدۇ، -دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغىنىدا
ئۇشۇك تەككەن ھەرىدەك قورۇلۇپ كەتتى ۋە
چىداپ تۇرالماي :

— بولدى ، بەس ! دېدى - دە ، ئورنىدىن
سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ، - بىزنىڭ پاش قىلى-
غۇدەك نېمە ئىشىمىز بار ،-دېدى - يۇ،كېيىنىڭ
ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى ۋە ئاستاغىنا سىرتقا ماڭ-
دى . ئۇنىڭغا پەقەت سىرتنى ئايلىنىپ يۈرۈش
بىر ئاز تەسەللى بەرگەندەك قىلاتتى . چۈنكى
ئۆيدە ئولتۇرغاندا ئايالىنىڭ تاپا - تەنىلىرى
بىلەن قاسىم قارىنىڭ ئاچچىق كىنايە بىلەن :
» ئابدۇقېيىيۇم ئاخۇن ، ئالدىمغا كەلدى دەپ
كىسۋەرمەي ، ئەمدى بىر ئاز ھۇشلىرىنى
تاپسىلا بولارمىكىن ! ھىلىمۇ ياخشى بۇ گىلەم
بولغاچقا كىسەلمەي قاپلا ، ئەگەر سېمىز قوي
بولغاندا ئاللا قاچان سىلىنىڭ ئىتتىك پىچاق-
لىرىدا كاللىسى كېسىلىپ بولغان بولاتتى .

خەير ، شۇنداقتىمۇ بۇ گىلەمنى ئالغاچ كېتەي،
ئوغلۇمنىڭ خىزمەت مەسىلىسىگە پارتىيە ، ھۆ-
كۈمەت ئىگە ، ئۇلارغا سوۋغا تەقدىم قىلمىساق-
مۇ بىزنى ئاچ قالدۇرمايدۇ ...«دېگەن سۆزلە-
رى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ ، ئۇنى
تىنىم تاپقۇزمايتتى . يىنىك ئۇرۇلۇۋاتقان كەچ
كۈز شامىلى ئۇنىڭ گادىرماشلىشىپ كەتكەن
كاللىسىنى خېلى سەگىتتى ، بىراق ئەتىگەندىن
بۇيان ئۆزىگە كىلىۋاتقان قايغۇ - ھەسرەت
ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ ، مېڭىش ئىقتىدا-
رىنىمۇ يوقۇتۇپ قويۇشقا ئاز قالدى . ھازىر
ئۇنىڭ كاللىسىدا نەچچە يىلدىن بۇيانقى كەي-
پى - ساپا بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشلىرى گەۋ-
دىلىنىشكە باشلىدى . شۇ تۇرقى ئەشۇ ۋاقىت-
لاردا سوۋغا- سالام ھىساۋىغا كەلگەن قويلار
ھازىر ئۇنىڭدىن بىھۇدە توكۇلگەن قېنىنى تە-
لەپ قىلىپ قاتارلىشىپ كىلىۋاتقاندەك ، ھەر
خىل رەخت ۋە مايلار ئۇنىڭ بويىنىنى سىقىدى-
غان سىرتماقىقا ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ گېلىنى
راسا چىڭ سىقىۋاتقاندەك ، ئاللا قانىداق بىر
ياقىلارغا ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك
تۇيۇلاتتى .



# خەلق داستانلىرى ۋە ئۇنىڭ پوئېتىك قۇرۇلۇشى

ئابدىكېرىم راخمان

بىز ئومۇمى نۇقتىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيەتلىرى ئىنتايىن مول، خىلمۇ - خىللىقتا ئىكەن دەپ يەكۈنلىگەندە، ئەلۋەتتە خەلقىمىز ياراتقان ئاغزاكى ئەدەبىياتنىڭ كونكرېت نەمۇنىلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان پارلاق ئۈلگىلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز، لېكىن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىزكى،بىر مىللەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھەممە ژانىر ۋە تۈرلەرنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ئەندىزىلىك ھالدا تەكشى بولمايدۇ. مەسىلەن: بەزى خەلقلەر ئارىسىدا ناخشا - قوشاق ئىجادىيىتى بىر قەدەر تەرەققى تاپقان بولسا، يەنە بەزى خەلقلەر ئارىسىدا مىفولوگىيە، ھېكايە - چۆچەكلەر ياكى قىسسە ۋە داستانچىلىق ئىجادىيىتى نىسبەتەن تەرەققى تاپقان بولىدۇ. بۇ ھال شۇ خەلقلەرنىڭ سەنئەت تىرادىتسىيىسى،ئىجتىمائى ياشاش شارائىتى ۋە ئىستېتىك قاراشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك،ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە، خۇددى ماركس كۆرسەتكەندەك: "... سەنئەتكە كەلسەك، شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئۇنىڭ مۇئەييەن دەۋرلەردە گۈللەپ - ياشنىشى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى راۋاجىغا، يەنى جەمئىيەت تۈزۈلىشىنىڭ ئىسكىلىتى بولغان ماددى ئاساسىنىڭ راۋاجىغا زادى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مەسىلەن: گىرېكلارنى ياكى شېكسپىرنى ھازىرقى خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، خۇددى شۇنى كۆرىمىز. سەنئەت ساھەسىدە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەزىبىر شەكىللەر پەقەت سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ قويۇق باسقۇچلىرىدا ۋۇجۇتقا كېلىشى مۇمكىنكى؛ پۈتۈن بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئېپوسقا ئوخشاش شەكىللەرنىڭ بەدىئى ئىجادىيەت پەيدا بولغاندىن بۇيان يەنە قايتا تەكرار يارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس."① بۇ بىر ئابزاس سۆز بىزگە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ( جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ) ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان خىلمۇ- خىل شەكىللەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىكنىڭ ئىجتىمائى سەۋەبلىرىنى نەزىرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى غەزىنىسىدە گىرېكلارنىڭ « ئىلىئادا » ، « ئودىسسېيا » سىدەك ، ھىندىلارنىڭ « ماخاپخاراتا » سىدەك ، قىرغىزلارنىڭ «ماناس»ىدەك ، زاڭزۇلارنىڭ گېسارۋاڭنىڭ تەرجىمە ھالى» دەك، موڭغۇللارنىڭ « جاڭغىر » ىدەك، ئۆزبېكلارنىڭ «ئالپامىش » ىدەك، قازاقلارنىڭ « بەختىيارنىڭ 40 پۇتىغى » دەك گېنىئال ئېپوسلار كۆزگە چېلىقمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى دەل خەلقارا فولكلورشۇناسلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئىككى ئامىلغا باغلىق. بىرى، تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن يېزىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن يىرىك ھەجىملىك ئەسەرلەرنى ياز-

① ك. ماركس، ف. ئېنگېلس: « سەنئەت توغرىسىدا » 1 - توم. تاشكەنت. ئۆزبېكچە نەشرى. 168 - بەت.

ما شەكىلدە ئىپادىلەشتەك قولاي ئىمكانىيەتكە ئىرىشكەنلىكى، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەر-
گە قارىغاندا ئۇرۇقچىلىق خاراكتىرىدىكى كوچمەنچىلىك هايات شارائىتىگە خاتىمە بىرىپ، ئولتۇ-
راق شەهەر مەدەنىيىتىگە كوچكەنلىگىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇ دىگەنلىك ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدا
ئاغزاكى داستان ۋە ئېپوسلارنىڭ زادى يوقلىغىدىن دىرەك بەرمەيدۇ. شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى نوۋەت-
تە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ئۇگىنىش ۋە مۇهاكىمە قىلىشنىڭ يېتەرسىزلىگىدىن " ئۇيغۇرلارغا
خاس ساپ ئاغزاكى داستانلار يوق دىيەرلىك، شۇڭا دىققەت-ئېتىۋارنى ئۇلارنىڭ كىلاسسىك يازما
داستانلىرىغا قارىتىش كېرەك " دەيدىغان بىرخىل نىگىلىستىك چاكىنا قاراش نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا سو-
غۇق مۇئامىلە قىلىش خاهىشى ساقلانماقتا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش
خىزمىتىنىڭ قىسقىغىنا بىر - ئىككى يىللىق ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئېپتىدائى قەدەمدە 15 تىن ئارتۇق
خەلق داستانلىرىنىڭ خەلقىمىز بىلەن قايتا يۈز كورۈشىشى بۇقاراشلارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىگىنى
ئىسپاتلاپ بىرىدۇ . يورۇقلۇققا چىققان ئەنە شۇ داستانلاردىن ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدى-
كى داستانچىلىق شەكلىنىڭ ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان ئوزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ۋە مۇنىمىنتال
ئورگىناللىققا ئىگە ئىكەنلىگىنى كورۇۋپ ئالالايمىز. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە
ئۇنىڭ پوئىتىك شەكلى ئۇستىدە مۇپەسسەل پىكىر قىلىش ئۇيغۇرفولكلور شۇناسلىغىدا تولىمۇ ئەهمى-
يەتلىك خىزمەتلەرنىڭ بىرى هىساپلىنىدۇ.

× × ×

داستان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىچىدىكى كەڭ تارقالغان يىرىك هەجىملىك ئەسەر-
لەردىن بىرىدۇر.

خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سيۇژىت ۋە جانلىق پوئىتىك ئوبراز ئارقىلىق كەڭ ئىجتىمائى
تۇرمۇشنى ئەكىس ئەتتۇرىدۇ ۋە ئوز دەۋرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت بولغان
زور ئىجتىمائى مەسىلىلەرنى چۇشەندۇرۇپ بىرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ
ئەڭ يىرىك ژانىرى سۇپىتىدە هەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا[1] موهىم ئورۇننى
ئىگەللەيدۇ.

« داستان » سوزى — قىسسە، هىكايە، شانۇ - شوهرەت ، سەرگۇزەشت، تەرىپلەش ۋە ماختاش
مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئەدەبىي‌تىرمىن سۇپىتىدە بۇ نام خەلق ئاغزاكى ئىجادى ۋە يازما ئە-
دەبىياتتىكى يىرىك هەجىملىك ئېپىك ئەسەرلەرنى كورسىتىدۇ. بىراق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى
داستانلار بىلەن يازما ئەدەبىياتتىكى داستانلار بىر - بىرىدىن روشەن پەرق قى-
لىدۇ. خەلق ئاغزاكى ئىجادىدا داستان ئۇتمۇش زامانلار توغرىسىدا قەهرىمانلىق غايىسى كولىمىدى-
كى هىكايىلار ۋە رىۋايەتلەردۇر. " ئېپوس - بۇ خەلقنىڭ قەهرىمانلىق غايىسى دائىرىسىدىكى جانلىق
ئۇتمۇشىدۇر. ئۇنىڭ ئىلمىي-تارىخىي قىممىتى، شۇنداقلا ئىنتايىن زور ئىجتىمائى، مەدەنى،تەربىيىۋى
ئەهمىيىتىمۇ ئەنە شۇ يەردە "①

داستان مۇشۇ مەنىدە مۇرەككەپ سەنئەت ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ داستان بولىشى ئۇچۇن مۇكەم-
مەل ۋەقەلەر قۇرۇلمىسىدىكى ئەدەبىي تېكىست، مۇزىكا بولىشى، داستان كۇيلىگۇچى غەزەلخانلىق سەنئى-
تىنى پۇختا ئىگەللىگەن ۋە مۇزىكا چالالايدىغان بولىشى زورۇر. بۇنىڭدىن خەلق داستانلىرىنىڭ قويۇق
مۇزىكىلىق خاراكتىرگە ئىگە بولىدىغانلىغىنى كورگىلى بولىدۇ.

داستانلارنىڭ يارىتىلىشى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئىجتىمائى - سىياسى كۆرەشلىرى، ئەخلاقى، ئىستېتىك قاراشلىرى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت، ئازاتلىق ۋە باراۋەرلىك، قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەر - ۋەرلىك ھەققىدىكى ئىدىئاللىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىقتۇر.

خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى كۆرەشلىرى ۋە غايىلىرى داستانلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئوبرازلارسېستېمىسى، سيۇژىت ۋە كومپازىتسىيەنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى ئۇلۇغۋار پوئېتىك ئومۇملاشتۇرۇشلار ۋە يۈكسەك بەدىئى ئوبراز- لار ئۇلارنى دۇنيا فولكلورىنىڭ تەڭداشسىز نەمۇنىلىرى بولغان شەرق ۋە غەرپنىڭ بۈيۈك ئېپوسلىرى قاتارىغا قويىدۇ. ھەمدە ئەنە شۇ داستانلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى بولغان ئازات جۇڭخۇا كىشى- لىرى قەلبىدە چەكسىز مىللى ئىپتىخارلىق ۋە يۈكسەك ئىنتېرناتسىئونالىزم تۇيغۇلىرىنى يەنىمۇ كۈچلۈك جۇش ئۇرغۇزىدۇ.

خەلق داستانلىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى تارىخىي ۋەقەلىك خەلق فانتازىيىسى ئاساسىدىكى ئومۇملاشقان بەدىئى ئوبرازلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەدىئى ئومۇم- لاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى — ئېپىك ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇش خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت ھەققىدىكى ئىدىئاللىرى ۋە ئارزۇ - ئۈمىتلىرى بىلەن مەھكەم يۇغۇرۇلغان، دىمەك خەلق داستانلىرى ئېپىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، كومپازىتسىيە ۋە سيۇژىت قۇرۇلىشى جەھەتتىن مۇرەككەپ ۋەقە-ھادىسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداق ۋەقە - ھادىسلار مەز- مۇن تەرەپتىن قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك شەخسكە، يەنە خەلقنىڭ غا- يىسىدىكى باھادىرلار ئەتراپىغا بىرلەشتۇرۇلىدۇ. پەۋقۇلئاددە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغان بۇنداق ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئوبرازىغا پۈتۈن بىر خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىتلىرى، ئىمكانىيەت ۋە ئىنتىلىشلى- رى مۇجەسسەملەشكەن.

تېماتىك مەزمۇن ۋە ژانىر جەھەتتە يۇقارقىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى، لېكىن ھەرخىل ئىچكى ۋە تاشقى ئىجتىمائى سەۋەبلەر نەتىجىسىدە ئۇنىڭ قەدىمقى نەمۇنىلىرى ئاغزاكى ھالدا ساقلانمىغان. لې- كىن خەلق ئارىسىدىكى مەددالار ( داستانچىلار )نىڭ ئىجراسىدا ئاغزاكى رەۋىشتە مۇئەييەن ئۆزگۈ- رۇشلەر بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن داستانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى مەلۇم بول- غان بۇ داستانلارنى خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلاردىن ئاجرىتىپ ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ھەممىگە مەلۇمكى، داستان ۋە داستانچىلىقنىڭ پەيدا بولىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى خەلق ئا- رىسىدىكى داستانچىلارنىڭ نامى بىلەن باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ مەدىنى، سىيا- سى ھاياتىدا چوڭ ئورۇن تۇتقان داستانچىلار مېھنەتكەش خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ ھۆرمەت ۋە ئېتىۋارغا سازاۋەر، ئۇيغۇر خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ داستانچىلىرىنى " مەدداھ " دىگەن ئومۇمى نام بىلەنمۇ ئاتايدۇ. " مەددا " سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى " مەدھىلىگۈچى " دىگەن بولۇپ، ئىستىمال مەنىسىدە ھېكايە ۋە داستان كۈيلەشنى كەسپ قىلغان ماھارەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق خەلق سەنئەتكارلىرىغا قارىتىلغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەددالار ئەدەبىياتى داستانچىلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ھەم ئېپىك باياننى، ھەم ناخشا-مۇزىكىنى، ھەم دى-

① « ئۆز ئېپك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىي» تاشكەنت، 1980 - يىل ئۆز بېكچە نەشرى 187 - بەت،

راماتىك ھەركەتنى ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرگەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بول-
غاچقا، ئۆزىنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە.

دىمەك مەددالار ( داستانچىلار ) بىر تەرەپتىن خەلق داستانلىرىنى كۈيلىگۈچى، يادا بىلگۈچى،
ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقا، نەسىلدىن- نەسىلگە تارقاتقۇچى ئۇستاز، خەلق سەنئەتكارلىرىدۇر. يەنە بىر-
تەرەپتىن، ھىكايە - رىۋايەتلەر ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىجادىي ھالدا ئۆزگەرتىپ داستان تۈزگۈچى
تالانتلىق ئىجاتكارلاردۇر، ئۇنىۋېرسال سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىستېتىك سىزى-
مىنى ئويغاتقۇچى مەرىپەتپەرۋەرلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈش فېئودالىزىم جەمئىيىتىدە مەددالارنىڭ
ئىجتىمائىي - سىياسىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ھەممە تەرەپتىن كەمسىتىلىشكە ۋە ھاقارەتلىنىشى-
كە ئۇچرىغان ئىدى. نەتىجىدە چىقىش يولى تاپالمىغان مەددالار ئاخىرى سەرسانلىق - سەرگەردان-
لىق ۋە تەركى دۇنياچىلىق يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۆتمۈشتە ھوكۇمران ئورۇندا تۇر-
غان فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە تەسىرى نەتىجىسىدە «مەددا» لار ھەققىدە شەكىللەنگەن
ئاڭسىز غەيرى چۈشەنچىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى ئەنە شۇنىڭدا.

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر خەلقنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا زور ئابروي ۋە ئىناۋەتكە ئىـ
گە بولغان مەددالارنىڭ داستان كۈيلىشىدە بەلگىلىك ئەنئەنىۋى قانۇنىيەت بار. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
داستان ئېيتىش شەكلى ئادەتتە بىر نەچچە خىل بولىدۇ. بىرخىلى كەچكۈزدىن تارتىپ باش ئباھار-
غىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا يۇرت - مەھەللىلەر ياكى ئۇرۇۋقلار بويىچە
ئۇتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ خاراكتېرلىك بەزمىلەرگە مەخسۇس داستانچىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ
شەرىپىگە تەييارلانغان كىچىك زىياپەتتىن كېيىن داستان كۈيلەش باشلىنىدۇ. بەزمە سورۇنىنىڭ تۆ-
رىدىن ئورۇن ئالغان داستانچى ئەتراپىدىكى تىڭشىغۇچىلارغا قاراپ، مۇقەددىمە سۈپىتىدە قىزىقارلىق
مۇزىكىلىق پارچىلارنى كۈيلەيدۇ . بۇ ئارقىلىق داستانچى ئۆزىدە ۋە ئاڭلىغۇچىلاردا جىددىي تېمى-
لاردىكى پو ئېتىك ئەسەرلەرنى كۈيلەش ۋە تىڭشاش ئۈچۈن كەيپىيات ھاسىل قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن
ئۆزىگە تونۇش بولغان داستانلارنى رەسمىي داستانچىلىق قائىدىسى بويىچە ھىكايە قىلىشقا باشلاي-
دۇ . بۇنداق كۈيلەش ھەتتا تاڭ سەھەرگىچە داۋاملىشىدۇ، تىڭشىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ
بەزىدە داستاننىڭ مەلۇم قىسمى ئاخىرلاشقاندا بىر قېتىم تەنەپپۇس قىلىنىدۇ. تەكلىپ ئاساسىدىكى
بۇ خىل داستانچىلىق بەزى جايلاردا ھەتتا بىرقانچە كۈن داۋاملىشىدۇ بۇنداق داستانچىلىق سورۇن-
لىرىدا يۇرت - مەھەللە ئاقساقاللىرى داستان ئاڭلىغۇچى مېھمانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بەر-
گەن سوۋغا - سالاملىرىنى يىغىپ داستانچىغا بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا داستانچىغا قايتىش ۋاقتىدا
ئۇنى تەكلىپ قىلغۇچى ساھىپخان يەنە قوشۇمچە سوۋغىلار( تون - چاپان، قوي، ھەتتا كالا، ئات قا-
تارلىق )نى ھەدىيە قىلىشى مۇمكىن. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، داستانچىغا بېرىلىدىغان بۇنداق
سوۋغىلار ھېچقاچان مەجبۇرى ھالدا شەرتلىك بولمايدۇ. بەلكى ئىختىيارى ھالدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ
داستانچىغا بولغان كوڭۇل ئىزھارى سۈپىتىدە بولىدۇ. تەكلىپ ئاساسىدىكى بۇنداق داستانچىلىق يە-
نە توي - توكۈن مۇراسىملىرىدا، ئەنئەنىۋى ھېيت - بايراملاردا، ھەرخىل سەيلە پائالىيەتلىرىدە
ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. يەنە بىرخىلى داستانچىلار ( مەددا )نىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن جامائەت توپلان-
غان مەيدانلاردا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان داستان ئېيتىش. يەنى مەلۇم بىر داستانچى ئاۋات بازار كۇنلى-
رى ئۆزىگە مۇۋاپىق بىر جاينى تاللاپ، ئالدى بىلەن دۇمباق چالدۇياكى راۋاپنى ئۇنلۇك سايرىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەل مۇشۇ داستانچىنىڭ ئەتراپىغا يۈزلەپ كىشى توپلىنىپ، داستانچىنى دەۋر
قىلغان ھالدا چەمبەر شەكلىدە مەيدان ( سەھنە ) ھاسىل قىلىدۇ . توپلانغان خەلق داستانچىنىڭ
مولچەرىگە يەتكەندىن كېيىن، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ھەركەتلەر ۋە يۇمۇرىستىك سۆزلەر
بىلەن جانلىق كەيپىيات ھاسىل قىلىپ، ئاندىن داستان كۈيلەشنى باشلايدۇ. بۇنداق داستان كۈيلەش-
نىڭ ۋاقتى ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئۇنىڭدا كۆپرەك ۋەقەلىكى جىددى بولغان جەڭنامىلىق داس-
تانلار، رىيال تۇرمۇشتىن تاللاپ تۈزگەن تارىخىي شەخسلەر ياكى خەلق قەھرىمانلىرى شەنىگە بې-
غىشلانغان مۇزىكىلىق تارىخىي داستانلار كۈيلىنىدۇ. ئۇيغۇر داستانچىلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە
ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبى، بەدىئى ماھارىتى قاتارلىقلار ئايرىم مۇھاكىمە تېمىسى
بولغاچقا، بۇ ماقالىمىزدا ئۇ ھەقتە تەپسىلى توختالمايمىز. ئەمە شۇ داستانچىلارنىڭ كۈيلىشى
ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مۇنداق بىرقانچە خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇنى
داستانلارنىڭ كىلاسسىپكاتسىيەسى دەپ ئاتايمىز.

1 . قەھرىمانلىق داستانلىرى

قەھرىمانلىق داستانلىرى پاتىرىئارخاللىق - ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە كوچمەنچىلىك
ھايات بىلەن مەھكەم باغلىقتۇر. بۇنداق داستانلار خۇددى شۇ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئىپادىسى سۈپە-
تىدە پاتىرىئارخال - ئۇرۇقچىلىق جەمىيىتىدە ياكى فېئوداللىزىمنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تۈرلۈك ئۇرۇق-
قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزالار داۋام ئېتىۋاتقان ۋە ئۇلار مۇئەييەن تېررىتورىيىلەرگە مۇقىم جايلىش-
ۋاتقان ھەمدە ئۆز ئالدىغا مىللەت ۋە خەلق سۈپىتىدە ئۇيۇشۇشقا باشلىغان دەۋرلەردە يارىتىل-
غان، جەمىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئەشۇ ئوبيېكتىپ باسقۇچىدا بىرقاتار ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ
مۇئەييەن خەلق سۈپىتىدە تەشكىل تېپىشى، ئىپتىدائى دولەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولىشى ۋە
شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقلىرى ئۈچۈن چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا
قارشى مەردانىلىق كۆرسىتىشلىرى قەھرىمانلىق داستانلىرى ئۈچۈن باي ماتېرىيال بولدى. ئىنسانى-
يەت تارىخىدا « قەھرىمانلىق دەۋر » دەپ ئاتالغان ئەشۇ باسقۇچنىڭ  كى جەڭگى .. جىدەللەر ۋە كۆ-
رەشلەر جەريانىدا ، ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ بۈيۈك ئىپادىسى سۈپىتىدە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى
بارلىققا كەلدى. « خەلقنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىدە ئۇنىڭ ھاياتى كۆپرەك باتۇرلۇقتا، قەھرىمانلىقتا
ئىپادىلىنىدۇ» ① شۇنىڭ ئۈچۈن قەھرىمانلىق داستانلىرى «خەلقنىڭ پەقەت گۆدەكلىك دەۋرلىرىدە
ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە ساغلام پائالىيىتى پەقەت قەھرىمانلىق غەلىبىلىرىدە كۆرۈنگەن زامانلاردىلا
پەيدا بولىشى مۇمكىن. » ② دىمەك، قەھرىمانلىق داستانلىرى ئىنسانلار ھاياتىدىكى قەھرىمانلىق
خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئەنەشۇ « ئېپىك باسقۇچ » نىڭ پوئېتىك كۆرۈنىشىدۇر.

قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ ماھىيىتى رېئال ئىجتىمائى ۋەقەلىكنى
قەھرىمانلىق ئىدېئالى شەكلىدە تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلار ئوبرازى
ۋە ئۇلار ئەمەلگە ئاشۇرغان جاسارەتلەر ئەسلى رېئاللىقتىن بىر مۇنچە ئۈستۈن تۇرىدۇ. يەنى قەھرى-
مانلىق داستانلىرىدا كۈيلىگۈچىنىڭ بەدىئى توقۇلمىسى ۋە ئىجادى فانتازىيىسى رېئال ئىجتىمائى
ھايات ئامىللىرى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا، خەلقنىڭ ئىشەنچ-ئېتىقادىنىڭ رېئال ئىلمىنىتى سۈپىتىدە

① ② ۋ.ك. بېلىنىسكى: « تاللانغان ئەسەرلەر » تاشكەنت، 1955 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 167- 173-بەتلەر.

نامايەن بولىدۇ. قەدىمقى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن ساپ ھالدا بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «ئوغۇز نامە» ئېپوسى، «دىدى قورقوت» داستانى، «ئالپامىش» داستانى (تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە «ئالپامىش» داستانىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ۋارىيانتى خېلى كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ئىسپاتلانماقتا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئۇلاردا پاترىئارخال-ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا يەنە، ئۇلاردا ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىن ئىبارەت ئۇندۇرمە ھالەتتىكى فېوداللىق مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرى ھەم مەۋجۇت.

قەھرىمانلىق داستانلىرىدا قەھرىمانلىق، جەسۇرلۇقنى ئۇلۇغلاش، مەرتلىك تۇيغۇلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا، سۆيگەن يارىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەرت بولۇش ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش كېرەك، دېگەن غايە ئالغا سۈرۈلىدۇ.

2. جەڭنامە داستانلىرى

جەڭگى-جېدەللەر تارىخى ياكى ئەپسانىۋى ئۇرۇشلار ۋە بۇنداق جەڭ ئېپىزوتلىرىدا قوشۇن ياكى يەككە شەخسلەرنىڭ جاسارەتلىرىنى تەسۋىرلىگۈچى داستانلار جەڭنامە داستانلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جەڭنامىلار قەھرىمانلىق داستانلىرى تەسىرىدە فېودالىزم دەۋرىدە شەكىللەنگەن. قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن جەڭنامىلارنى سېلىشتۇرساق، قەھرىمانلىق داستانلىرىدا باش قەھرىماننىڭ پائالىيىتى يەككىمۇ-يەككە ئېلىشىشلاردا، باتۇرلۇق ۋە مەرتلىك شەرتلىرىنى بىجا-كەلتۈرۈشتە نامايەن بولسا، جەڭنامىلاردا تۈرلۈك-تۈمەن خاراكتېردىكى ئۇرۇش ئېپىزوتلىرىدا كۆرسىتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان جەڭنامىلارنىڭ بىر قىسمى دىنىي تۈس ئالغان ھالدا، ئىسلام دىنىنىڭ غازاتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەپلىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ؛ ھوكۇمران تەبىقە ئىسلام دىنىنى ھەربىي كۈچ بىلەن تارقاتقان شەخسلەرنى خەلق ئارىسىدا تەرغىپ قىلىش مەقسىدىدە، ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ جەڭنامە شەكلىدىن پايدىلىنىپ، «جەڭنامەئى ئابو موسلىم»، «جەڭنامەئى ئەمىر ھەمزە»، «جەڭنامەئى ئارسلانخان» ئوخشاش ئىسلام دىنىنى زورلۇق كۈچ بىلەن تەرغىپ قىلغان شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان جەڭنامىلەرنى ياراتقان. لېكىن بۇنداق جەڭنامىلار ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا ناھايىتى ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇرۇق، قەبىلە ياكى خەلقنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرنى تەسۋىرلىگۈچى قەدىمقى جەڭنامىلار زامانلار ئۆتىشى بىلەن تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن داستانلار ئارىسىدىن چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يوقۇرقىدەك دىنىي خاراكتېردىكى جەڭنامىلار ئىگەللىگەن بولىشى مۇمكىن. ئەسلىدە داستانچىلارنىڭ ئاغزىدىكى بەزى جەڭنامىلاردا دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە مەرتلىك ۋە جاسارەت كۆرسىتىش، ئانا تۇپراقنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن كۈرەش، ئەل-يۇرتلار بىرلىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دوستلۇق ئوخشاش ئالىيجاناپ غايىلار كۈيلىنىدۇ. «يۈسۈپ-ئەھمەت» ۋە ئۇنىڭ داۋامى بولغان «ئالى بەگ بىلەن بالى بەگ»، «جەڭنامەئى جەمشىت»، «قەھرىمانى قاتىل»، «تومارىس»، «شىراق» قاتارلىق جەڭنامىلار ئۇنىڭ يارقىن نەمۇنىسىدۇر.

3. تارىخىي داستانلار

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن رېئال ۋەقە ۋە ھادىسىلار، ئايرىم تارىخىي شەخسلەر پائالىيىتى ئاساسىدا يارىتىلغان داستانلاردۇر.

ئومۇملىقتىن ئالغاندا، قەھرىمانلىق داستانلىرىمۇ ئوخشاشلا تارىخى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن ئۇ، تارىخىي‌داستانلاردەك روشەن ھالدا تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. تارىخىي‌داستانلاردا بولسا ئەنە شۇ نۇقتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن تارىخىي داستانلاردىمۇ يەنە تارىخىي‌چىنلىق بىلەن ئەپسانە، پاكىت بىلەن نوقۇلما چېتىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى، بۇنداق ئەسەرلەردە كونكرېت تارىخىي ۋەقەلىككە فولكلورغا خاس رەۋىشتە يېڭى مەنا بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ تېمىسى ۋە ئوبرازلىرى، ئالغا سۈرگەن غايىلىرى كونكرېت تارىخىي‌شارائىتتىكى كۈرەشلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

تارىخىي‌داستانلار تارىختىكى كونكرېت ۋەقەلەر ۋە پاكىتلارنى تەسۋىرلەش خاراكتېرى، ھوججەت ئاساسىنىڭ دەرىجىسى جەھەتلەردىن يەنە بىر-بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنى شۇ خۇسۇسىيەتكە قاراپ: ① تارىخىي‌قەھرىمانلىق داستانلىرى (مەسىلەن: «نوزۇگۇم»، «سادىر پالۋان» داستانلىرى مىسال بولىدۇ) ② تارىخىي‌فانتاستىك داستانلار، مەسىلەن: «چىن تۆمۈر باتۇر»داستانى مىسال بولىدۇ)، ③ئاۋتوبىئوگرافىك‌داستانلار(مەسىلەن:«سۇلتان ساتۇق‌بۇغراخان»، «ئابدىراخمانخان پاشا»، «سېيىت نوچى» ، «تۆمۈر خەلپە» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ) دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

4. رومانتىك داستانلار

ئاغزاكى يارىتىلغان ۋە ئاغزاكى ئىجرا ئېتىلگەن ئىشقى- مۇھەببەت رومانتىكىسى ۋە فانتازىيىلىك سەرگۈزەشتىلەرخەلق قەھرىمانىنى ئىدىئاللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى مېتودى سۈپىتىدە نامايەن بولغان داستانلار رومانتىك داستان دەپ ئاتىلىدۇ.

رومانتىك داستانلار فېئوداللىزم دەۋرىنىڭ ئىجتىمائى-سىياسى مۇناسىۋەتلىرى بىلەن باغلىق بولۇپ، سۆيگۈ ماجرالىرى، قورقۇنۇشلۇق سەرگۈزەشتىلەر چۆچەكلەرگە خاس فانتازىيىلىك ۋەقەلەر، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش ھادىسىلىرى رومانتىك داستانلارنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار سۆيگۈ رومانتىكىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدىكى ئاجايىپ پانتاستىك قەھرىمانلىق بىر-بىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ.

رومانتىك داستانلارنىڭ سيوژېت سىخېمىلىرى بىر - بىرىگە ناھايىتى ئوخشاش بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭدىكى قەھرىمان ئوبراز ئۆزىنىڭ غايىۋانە ئاشىقىنى ئىزدەپ تىلسىماتلىق سەپەرگە ئاتلىنىدۇ، بۇ جەرياندا ئاجايىپ - غارايىپ ھادىسىلارنى، مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ، غەيرى تەبىئى كۈچلار بىلەن توقۇنۇشىدۇ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى ئۆز مەقسىدىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر ئورۇن جەھەتتىن ھەشەمەتلىك سارايلاردا، شاۋقۇنلۇق بازارلاردا، سېھىرلىك ئېرەم باغلاردا، تىلسىملىق قورغانلاردا، ۋەھىمىلىك غارلاردا، قورقۇنۇچلۇق يەر ۋە سۇ ئۈستى يوللىرىدا... يۈز بېرىدۇ، بىراق بۇ داستانلارنىڭ ھەر بىرى كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلمىسى، ئوبراز خاراكتېرى، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى جەھەتلەردىن مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورگىنال خۇسۇسىيىتى بار.

لىرىك يونىلۇشنىڭ ا- ئورۇندا تۇرىشى، تەسۋىرنىڭ ئېنىقلىق تۈس ئېلىشى، يازما ئەدەبىيات تەسىرىنىڭ سىزىلمەس دەرىجىدە ئۇلارنىڭ ئىچكى تەرەققىياتى بىلەن ئورگانىك بىرلىشىپ كەت-

كەنلىگى رومانتىك داستانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى بەلگىلەيدۇ. رومانتىك داستانلارنىڭ تەركىۋى ناھايىتى مۇرەككەپ؛ قەھرىمانلىق داستانلىرىدا رومانتىك ئېلېمېنتلار بولغىنىدەك، رومانتىك داستانلاردىمۇ قەھرىمانلىق ئېلېمېنتلىرى، جەڭنامە خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ، ھەتتا بىر داستاندا بىر قانچە خىل تېما باراۋەر ئىپادىلەنگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۇ تىپتىكى داستانلارنى، ① قەھرىمانلىق رومانتىك داستانلار ("گور ئوغلى" تۈركۈمىدىكى داستانلار مىسال بولالايدۇ)، ② ئىشقى رومانتىك داستانلار («ھورلىقا ـ ھەمراجان»، «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ)، ③ مەئىشەت ـ رومانتىك داستانلار («غېرىپ ـ سەنەم»، «بوز يىگىت» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ) دەپ ئۈچ تۈرگە بولۇش مۇمكىن. قەھرىمانلىق رومانتىك داستانلاردا قەھرىمانلىق خاھىشى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسا، ئىشقى رومانتىك داستانلاردا سۇيگۇ ماجرالىرى، سەرگۈزەشتىلىك ۋەقەلەر تەسۋىرىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىدۇ. مەئىشەت ـ رومانتىك ياكى ئىجتىمائى تۇرمۇش مەئىشىتى تەسۋىرلەنگەن داستانلاردا رېئالىستىك ئامىللار، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن نارازىلىق كەيپىياتلىرى، مەئىشەتلىك تۇرمۇش بىلەن باغلىق تۈرلۈكچە تەپسىلاتلارنى تەسۋىرلەش يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

### 5. كىتاۋى داستانلار

كلاسسىك پوئېزىيە نەمۇنىلىرىنىڭ داستانچىلار تەرىپىدىن فولكلورغا خاس رەۋىشتە ئىشلىنىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ياكى يارىتىلىشى جەھەتتىن يازما ئەدەبىي مەنبەگە ئىگە بولغان، شۇنىڭدەك، بىۋاستە يازما ئەدەبىيات تەسىرىدە يارىتىلغان ئەسەرلەر كىتاۋىي داستانلار دەپ ئاتىلىدۇ. كىتاۋى داستانلارنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلاردا ساپ فولكلور داستانلىرى ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغان قەھرىمانانە جاسارەت، جەڭگى ـ جىدەللەردىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ جەڭگىۋارلىق نىسبەتەن ئاجىزراق بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىجتىمائى ۋە ئائىلىۋى ھاياتنىڭ تاشقى شەرت شارائىتلىرى بىلەن توقۇنۇشقان كوتۇرەڭگۈ مۇھەببەت تېمىسىنىڭ خىلمۇ ـ خىل كورۇنۇشلىرى ئىگەللەيدۇ. ئومۇمەن كىتاۋىي داستانلارغا ئاساس بولغان مەنبەنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، رومانتىك ياكى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە كەم ياكى كوپ ساقلىغان بولىشى مۇمكىن.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، كىتاۋى داستانلارنىڭ بىر قىسمى كلاسسىك ئەدەبىيات نۇمۇنىلىرىنىڭ خەلق داستانچىلىرى تەرىپىدىن قايتا ئىشلىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: «فەرھادى ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «بەھرام ۋە گۆلەندەم»، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە»سى ئاساسىدا، «يۇسۇپ ۋە زىلەيخا» شۇ سيۇژېتتىكى فارسى ۋە تۈركى ئەسەرلەر ئاساسىدا، «رۇستەمى داستان»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا» پارسچىدىن ئەزەربەيجانچىغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمىلەر ئاساسىدا ئاغزاكى داستانلارغا ئۆزگەرتىلگەن. كىتاۋىي داستانلار ئارىسىدا يەنە شۇنداق نەمۇنىلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىدا ئاساس بولغان ئەدەبىي مەنبەنى تېپىش قىيىن، لېكىن ئۇ خىلدىكى، داستانلارنىڭ تېمىسى، ئۇسلۇبى، بايان قىلىش شەكلى، تەسۋىر ماھىيىتى كىتاۋى مەنبەگە ئاساسلانغانلىقىنى ۋە يازما ئەدەبىياتقا يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق كورسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «سەنۇبەر»، «قەمەرشاھ»، «مەلىكە دىلارام»، شۇنداق ئەسەرلەردىن ھېساپلىنىدۇ. «تاھىر ـ زوھرا»، "غېرىپ ـ سەنەم" ئوخشاش داستانلاردا بولسا ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ شەكىللى-

رىگە ئىگە بولۇپ، خىلمۇ - خىل ئەدەبىي تىرادىتسىيەنىڭ ئۆزىگە خاس رەۋىشتە مەھكەم چىڭىتىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەمما ئەدەبىي مەنبەگە ئاساسەن يارىتىلغان كىتاۋى داستانلار ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان داستانچىلارنىڭ ئاغزىدا كۈيلىنىش نەتىجىسىدە خەلق داستانلىرىغا خاس خۇسۇسىيەتكە ۋە ئورگىناللىققا ئىگە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى مۇقەررەر ھالدا خەلق داستانلىرى قاتارىغا كىرگۈزىمىز ۋە شۇ ئاساستا ئۆگىنىمىز.

بىز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئومۇمىي بەدىئىي يۈنىلىشىگە قارىساق، ئۇنىڭدا ئەسىرلەر بويى تاۋلانغان ۋە پىششىقلانغان خەلقنىڭ بەدىئىي تىرادىتسىيەسى ۋە داستانچىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى بىرلىكىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپ ئېلېمېنتلىرى ۋە مىللىي پوئېتىك شەكىللەرنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. داستانچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى، ئىجاتچانلىق ۋە ئىجراچىلىق پائالىيىتىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئەنە شۇ خەلقىمىزنىڭ مۇستەھكەم بەدىئىي تىرادىتسىيەسى دائىرىسىدىلا نامايەن بولىدۇ، خالاس.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئورتاق گەۋدىلەنگەن ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپ ئېلېمېنتلىرى ۋە بەدىئىي شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا كۆرسىتىش مۇمكىن:

### كومپازىتسىيە جەھەتتە:

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كومپازىتسىيىلىك تۈزۈلۈشىنى شەرق خەلقلىرىنىڭ داستانچىلىقىدا ئومۇمىي ئەنئەنىۋى ئەندىزە بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەزمىي ۋە نەسرىي تېكىستلەر تەشكىل قىلىدۇ. يەنى داستاندىكى پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى ۋەقە ئېپىزوتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرى نەسرىي يول بىلەن قىسقىچە بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى نەزىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. خەلق داستانلىرىدىكى نەزمىلەر (شېئىرلار) ئاساسەن 7، 8 ۋە 11 بوغۇملۇق ھىجادا تۈزۈلگەن بولۇپ، ۋەزىن ۋە تۇراقلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، مىسرا تۈزۈلىشى ۋە قاپىيىلىنىش سىستېمىسى جەھەتلەردىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە، 7 ـ 8 بوغۇملۇق ۋەزىن ئادەتتە داستان ۋەقەلىرىنىڭ جەڭ - ماجىرا تەسۋىرىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ مۇزىكىلىق كۈيى ئورۇش ۋە جەڭ پائالىيىتىگە ماسلاشقان بولۇپ، ئاساسەن تىزلىكنى بىلدۈرىدۇ، ۋەقە كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇشقا باپ كېلىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى شېئىرلارنىڭ بوغۇم، ۋەزىن ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، قەھرىمانلارنىڭ ئاتلىق سەپىرى، جەڭ مەنزىرىلىرى، قىزلارنىڭ سەيلىگاھلاردا يۈرۈشلىرى، خەۋەر ۋە چاقىرىقلار، بەزمە ۋە يىغىلىشلار تەسۋىرى قىسقا بەھرىلىك (7-8 بوغۇملۇق) شېئىرلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئۇزۇن بەھرىلىك (11 ھىجالىق) شېئىرلار بولسا ھەركەتنىڭ نورمال تەكشىلىكىنى، ئىنسان ھېس - تۇيغۇسىنىڭ قانۇنىيەتلىك رىتىمىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داستاندىكى پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگ ۋە مونولوگلىرى، تەرىپ - تەۋسىپلىرى، يۈرەك ھاياجانلىرى كۆپىنچە شۇ ۋەزىندە بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قىسقا بەھرىلىك شېئىرلارغا قارىغاندا ئۇزۇن بەھرىلىك شېئىرلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھال شېئىرلاردىكى ۋەزىن ئۆزگىرىشلىرى خەلق داستانلىرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىۋاستە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. (ئەلۋەتتە، ئېستېتىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە داستان نەزمىلىرىنىڭ ۋەزىن ئۆزگىرىشىدىكى مەزمۇنەن ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.)

داستانلارنىڭ نەسىر قىسمى ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ نەسىر قىسمىغا قارىساق، ئۇلارنىڭمۇ ۋەزىنلىك بايانىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز؛ مەسىلەن: "سېيىت نوچى پور بايۋەتچىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپلا شۇنداق بىر كوتىرىۋىدى، ئۇ يىلتىزى يوق سېسىق كوتەكتەك، پاشىنسى يوق ئەسكى ئوتەكتەك يولۇنۇپ چىقتى. سېيىت نوچى ئۇلى بىر قولى بىلەنشۇنداق ئايلاندۇرۇۋىدى، ئەيىۋ ھانناس! چاقپىلەكمۇ ئۇنداق ئايلانماس، پىر - پىر پىر!!!...... سېيىت نوچى ئۇنى قارا شەھەر دەرياسىغا شۇنداق ئېتىۋىدى، پور بايۋەتچە خۇددى داشقا چۈشكەن ماشتەك، تاغدىن چۈشكەن تاشتەك، كوزدىن ئاققان ياشتەك، تۇز قۇيمىغان ئاشتەك، قىلىچ ئۈزگەن باشتەك، دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشتى." («سېيىت نوچى» داستانىدىن) خەلق داستانلىرىدا نەسرى بايانىڭ ئەنە شۇنداق ۋەزىنلىك ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭ مۇزىكادارلىغىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

داستانلاردىكى نەزىم ۋە نەسىرنىڭ ئۆز ئورنى ۋە ئۆزىگە خاس ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇلار بەدىئى فونكتسىيە جەھەتتىن تەڭ ھوقۇقتا ئىگە، بىراق تەسۋىر ئالاھىدىلىگى ۋەھەجىم نۇقتىسىنەزىرىدىن نەزىم قىسمى نەسىردىن ئۈستۈنلۈك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېمىسى،سيۇژىتى، كوپچىلىك ۋەقەلىرى ئەنئەنىۋى ئورتاقلىققاۋەدائىمالىققائىگە بولۇش بىلەنبىللە،خېلى كوپلىگەنسيوژىتلېنىيەلىرى ۋە تېكىستتىكى بىر قانچە پارچىلار ئارىسىدىمۇ ئومۇملۇق مەۋجۇت، بولۇپمۇ ئىشقى - رومانتىك داستانلاردا بۇ خۇسۇسىيەت كورۇنەرلىك ھالدا كوزگە چېلىقىدۇ.

داستانلاردا مۇقەددىمە (شۇ ئەسەرنىڭ تۇگۇنى) ئۇچ ئامىلنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنى ئەسەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ، داستان ۋەقەلىگىنىڭ ئۇزاق ئوتمۇشكە ئائىت ئىكەنلىگىنى ("بۇرۇنقى ئوتكەن زاماندا"، "بۇرۇنىسىنىڭ بۇرۇنىسىدا"...)، ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇننى ("چىن ماچىن ئىلىدە"، "دىقيانۇسنىڭ يۇرتىدا"، "ئىسپىھاننىڭ يېنىدا"،"بەلخۋىلايىتىدە"، "كويىقاپشەھرىدە"،"مىسىر ئىلىدە"...)، قەھرىمان ئەۋلادىنىڭ شەجەرىسى ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نامۇ - نىشانىنى كورسىتىدۇ. شۇلار ئارقىلىق ۋەقەلىك راۋاجىغا يول ئاچىدۇ.

داستان مۇقەددىمىسىنىڭ مۇشۇنداق بايان شەكلىنى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىغى (جۇملىدىن شەرق داستانچىلىغى) نىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى دەپ چۈشەنگەندە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ۋەقەلىك ئورنىنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ، شۇ خىل داستانلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.بىزنىڭچە مۇنداق ھىكايە قىلىشنىڭ بىر نەچچە خىل سەۋەپلىرى بولىشى مۇمكىن؛

بىرىنچىدىن، بۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائى رىياللىغىغا قارىتا خەلقنىڭ قاراشلىرىنى، مەۋجۇت رىياللىقنى ئوزگەرتىش جەريانىدىكى كۇرەشلىرىنى، ئەركىن ۋە بەختىيار ھاياتقا بولغان تەلپۇنۇشلىرىنى، خىلمۇ - خىل مۇشەققەتلەرنى يېڭىشتىكى جاسارەت ۋە پاراسەتلىرىنى، ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى خەلق ئىدىئالى سۇپىتىدە ئەنە شۇنداق داستانلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. داستانچىلار بۇنداق ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىش ۋە كۈيلەش جەريانىدا ئەينى شارائىتتىكى فېودال ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ قارشىلىغى ۋە كاشىلىسى تۈپەيلىدىن ئوز يۇرتلىرىدىكى ھوكۇمرانلارغا بىۋاستە تىگىپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولغان ئورنىنى ئوز يېرىدىن يىراق بولغان باشقا ئەل-يۇرتلاردا ياكى غايىۋى شەھەرجايلاردا يۈز بەرگەن قىلىپ كورسىتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئىككىنچىدىن، داستانچىلار ئۆزلىرى ئىجات قىلغان داستانلارنى تېخىمۇ كەڭ دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھەممە كىشىگە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان يىرىك شەھەرلەرنىڭ نامىغا بېغىشلاش، شۇ تارىخىي شارائىتتىكى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ بىر خىل قانۇنىيەتلىك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا ئايلىنىپ قالغان.

ئۈچىنچىدىن، بەزى داستانلاردىكى بۇنداق بايان شەكلى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، داستان ئىجراچىلىرى ۋە خاتىرىلىگۈچىلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا روشەن ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىك بولغاچقا، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلار سىنىپ ۋە گۇرۇھنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلىرىنى كىرگۈزىدۇ ۋە زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پىكىرنى بىر داستاننىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىق شەكىللىرىنىڭ بولغانلىقى دەلىللەيدۇ. مەسىلەن: قولىمىزدا بار بولغان «غېرىپ - سەنەم» داستانىنىڭ 4 خىل چاپ نۇسخىسىدا ۋەقەلىك ئورنى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، «ھۆرلىقا - ھەمراجان» داستانىنىڭ نۇسخىلىرىمۇ شۇنداق؛ ئۇنىڭ قول يازمىلىرىنىڭ بەزىسىدە ۋەقەلىك ئورنىنى ھەلەپ شىرۋان دەپ كۆرسەتسە، بەزىسىدە، چىنى ماچىن يۇرتى، يەنە بىر نۇسخىسىدا تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ، خوتەندىكى قاراقىغۇ تاغ ئېتىكى دەپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئورنى ئەلۋەتتە، ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ سىماسى بولالايدۇكى، ئۇ تارىخىي رېئاللىقنىڭ توپ ماھىيىتى ئەمەس. مۇشۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئاساسەن، تەۋەلىك جەھەتتە خەلق داستانلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، نىگىلىزىملىق ياكى شوۋىنىزملىق خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

داستانلارنىڭ خاتىمىسىدە، قەھرىمانلار پائالىيىتىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە توي تەسۋىرى، ئەجەل غەلىبىسى، ئاداشقانلارنىڭ تېپىشىپ مۇرات - مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن تاماملىنىدۇ. خاتىمە (تۈگەللىنىش) داستاننىڭ مۇقەددىمىسىدىن پەرقلىق ھالدا، ھەم نەسىردە، ھەم نەزمىدە بېرىلىشى مۇمكىن، ئايرىم ھاللاردا داستانچىلار تۈگەللىمىدە قەھرىمانلارنىڭ مۇرات - مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئۆزلىرى ھەققىدىمۇ قىسقىچە ھېكايە قىلىدۇ، داستاننى تىڭشىغۇچىلارغا ياخشى تىلەكلەر بىلدۈرىدۇ.

ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتە:

خەلق داستانلىرىدا ئوبراز يارىتىش — ئۇنىڭ پۈتۈن شەكلىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېساپلىنىدۇ. خەلق داستانلىرىنىڭ ئوبرازلىرى ھەم خاسلىققا ھەم ئومۇملىققا ئىگە بولغان كونكرېت ئادەم بىلەن غايىۋى روھنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە ئۇ يازما ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى سيۇژېت راۋاجىنىڭ مەنتىق تەرتىۋى بويىچە قانات يېيىپ، تەدرىجى مۇكەممەللىشىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا ئادەتتىن تاشقىرى مۇرەككەپلىكتىن خالى بولۇپ، داستاندىكى پۈتۈن ۋەقەلىك باشتىن-ئاخىر ئەنە شۇ بىر ياكى ئىككى قەھرىمان ئوبرازغا خۇددى تۆمۈر قىرىندىلىرى ماگنىتقا يېپىشقاندەك زىچ باغلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا داستاندىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرىمۇ (سۇ، تۇپراق، ئاسمان، شامال، يامغۇر، ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار ... تەسۋىرى) يازما ئەدەبىياتتىكىدەك نوقۇل ھالدا ئايرىم سۈرەتلەنمەستىن، قەھرىمان ئوبرازىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان بىۋاستە مۇناسىۋىتى، ھايات سەرگۈزەشتىلى-

رىنىڭ كونكرېت خاراكتېرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. مەسىلەن: ھەمە-
راجان ياكى قەمەر شاھنىڭ سابا شاھزىمغا مۇناجىتى، ئاسماندىكى تورغايغا مۇناجىتى، قەۋم بارفان-
لىرىغا قىلغان ئىلتىجاسى ۋە خىتابى... قاتارلىقلار ئەنەشۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ
بېرىشنىڭ كونكرېت ئامىلى بولغان، داستانلاردىكى تىپىك ئوبرازنىڭ خاراكتېر تەسۋىرىدە، قەھرى-
ماننىڭ ئىچكى ھېس تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگۈچى لىرىكىلىق كۈي قوبۇق ئېيتىملىق تېزىس ئالغان بو-
لۇپ، ئۇ تەبىئىي ھالدا جانلىق ھەركەت بىلەن بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە ھاسىل قىلغان، يەنى
داستانلاردا ھېس - تۇيغۇ ئىچىدە ھەركەت، ھەركەت ئىچىدە لىرىكىلىق ئامىل چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ
ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۆز .. ئۆزىدىن ھېسسىيات تېپىپ تۇرىدىغان ھېسسىيات بولىقىغا
ئايلانغان.

خەلق داستانلىرىدىكى قەھرىمان ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىدا يەنە شۇ نەرسە كۆزگە چېلىقىدىكى،
كۆپلىگەن داستانلاردا خىزىر ياكى پەيغەمبەردىن ئىبارەت بىر غايىۋى ئوبراز مەۋجۇت. داستانلاردا
ئۇچرايدىغان بۇ ئورتاق ئوبراز ئەسەرقەھرىماننىڭ چۈشىدە ياكى چىقىش يولى تاپالماي ھاياتلىق
شامى ئۆچەي دېگەندە، قەھرىماننىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا نىجاتلىق يولى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئالدىغا دۇچ كېلىدىغان مۇشكۈلاتلاردىن ئالدىن بېشارەت بېرىپ، ئۇنى يېڭىشنىڭ
ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ ياكى ھېكمەتدۇردانىلىرىدىن نۇر چېچىپ، قەھرىماننىڭ ھاياتىغا ئىبرەتلىك
مەزمۇن بېغىشلايدۇ. بۇ يەردىكى خىزىر ئوبرازى قانداقتۇ دىنى - مىستىك ئەدەبىياتتىكى مەھكۇملۇق-
قا يېتەكلىگۈچى خوراپاتلىقنىڭ ۋەكىلى بولماستىن، بەلكى ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلگۈچى ئا-
ۋامخەلق ئىرادىسىنىڭ ۋە ھەققانىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە،
شەخسنىڭ كۈچى ۋە ئىرادىسى ھەر قانچە قۇدرەتلىك بولغىنى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مايىللىقى
ۋە ھىمايىسى بولمىسا، ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق بولىدۇ، ھەر قانداق قەھرىماننىڭ باھادىرلىقى پە-
قەت خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدىلا نامايەن بولىدۇ، خالاس. ئەنە شۇ ئىدىقەللى ئو-
قۇمخەلقسەنئىتىدە، خىزىر، ئەۋلىيا قاتارلىق غايىۋى ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ،
مۇقەررەر ھالدا، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قەھرىمان ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرۇشنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇس-
لۇبىغا ئايلانغان؛ «غېرىپ - سەنەم» داستانىدىكى جۇنەيدىل باغداتىنىڭ ئوبرازى،«پەرھات-شىرىن»،
«رۇستەمى داستان»، «ھورلىقا - ھەمراجان»، «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان»، «سەنۇبەر» دىن تار-
تىپ، يېقىنقى زاماندا يارىتىلغان «ئابدىراماخان پاشا» قاتارلىق داستانلاردىكى "يۈزىدىن نۇر تېمىپ
تۇرىدىغان، ئېگىز بويلۇق، ئاپپاق ساقاللىق» خىزىر ياكى ئەۋلىيالار ئوبرازى ئەنە شۇنىڭ جۈملى-
سىدىندۇر. بۇنداق ئوبرازلار كۆپىنچە ئۇيغۇرخەلق داستانلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مەيدانغا چىقىپ، ۋە-
قەلىكنىڭ راۋاجىغا يول ئاچىدۇ.

تەسۋىرى ۋاسىتىلار ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتە:

خەلق داستانلىرىدا ئۇيغۇرخەلقىنىڭ مىللى ئىستىتىك قاراشلىرىدا بارلىققا كەلگەن ماقال-تەم-
سىل خاراكتېرىدىكى ھېكمەتلىك ئافورىزىملىق سۆزلەردىن، ئېپىتېت خاراكتېرىدىكى ئوخشىتىش، سىمۋو-
ۋول، مۇبالىغە قاتارلىق خىلمۇ - خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلاردىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلانغان.
مەلۇمكى، ھەر بىر خەلقنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسىدە شەكىللەن-

گەن گۈزەللىك تۇيغۇسىدا بەلگىلىك مىللىي ئەنئەنە بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە قىزىلگۈل دايىم سۆيۈملۈك يارنىڭ، بەخت ئىستىكىنىڭ سىمۋولى، بۇلبۇل بولسا ئەشۇ سۆيۈملۈك يارنىڭ سادىق شەيداسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھۇقۇش ۋەيرانىلىقنىڭ، شۇملۇقنىڭ، قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. خەلق داستانلىرىدا يەنە كۆپ تىلغا ئېلىنىغان «كاككۇك بىلەن زەينەپ» نىڭ ئوبرازى ۋىسالىغا ئېرىشەلمىگەن، دەرتمەن ئاشىق - مەشۇقلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ، شۇنداقلا يۇلتۇز بەختنىڭ، قارا ياغاچ يەكلەنگەن، لېكىن چىدامىلىق دەرتمەننىڭ، قىزىل - خوشاللىقنىڭ، ئاق ساپلىقنىڭ، سېرىق پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىكنىڭ، قالىغاچ دوستلۇقنىڭ ۋە مېھرىبانلىقنىڭ، يىلان قارا كۈچلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ كېلىدۇ. مۇنداق مۇقىملاشقان سىمۋوللۇق ئىپادىلەش خەلق داستانلىرىدىن باشقا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ناھايىتى كەڭ جارى قىلىنىغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا گۈزەللىك بېغىشلىغۇچى بۇنداق سىمۋوللىشىشنىڭ ۋاستىلارنىڭ شۇ خەلقلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېتىقادى ۋە ئېستېتىك پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا بىر خىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ۋاستىلارنىڭ باشقا خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئوخشاش مەنادا، شۇ تەرىزدە ئىپادىلىنىشى ناتايىن.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا سىمۋول بىلەن بىر قاتاردا ئوخشۇتۇشمۇ كەڭ قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلارنىڭ بىرى. خەلق داستانلىرىدا ھەققەتەن ئوخشۇتۇشنىڭ ناھايىتى گۈزەل نەمۇنىلىرى يارىتىلغان «ئوغۇز نامە» داستانىدا ئىككى گۈزەل قىزنىڭ بىرىنى «بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق مېڭى بولۇپ خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى...» دەپ تەسۋىرلىسە، يەنە بىرسىنى «ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۈيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك» دەپ تەسۋىرلەيدۇ، «غېرىپ - سەنەم» داستانىدا، غېرىپنىڭ ناخشىسى ئارقىلىق سەنەمنى:

بويلىرىڭ مىسلى لالىدۇر،        ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالىدۇر،
قارىشىڭ جاننى ئالادۇر.        قۇيۇپ ئىچسەم چايلىرىڭنى.

- دەپ گۈزەل ئوخشۇتۇشلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىمۇ مەختۇمسۇلانى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

كۆزلىرى چۇشمە بۇلاقتەك،        لەۋلىرى مىسلى ياقۇت،
قاشلىرى زىرۇ - زەۋەر.        قوللىرى ئىشقا چىۋەر.
قامىتى شەمشات دەرەختەك        چىشلىرى دۇررى - سەدەپتەك،
سۆزلىرى شېرىن - شېكەر.        پىكرى كەڭ، ئالەم كېزەر.
چاچلىرى مەجنۇن گويا،        كىمكى كۆرسە ئاھ ئۇرۇپ،
يۈزلىرى شەمسى قەمەر.        ئىشقى ئوتىدا جان بېرەر.

بۇنداق ئوخشۇتۇشلارنى ھەممە داستانلاردا كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا مۇبالىغە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلارنىڭ بىرى، بۇ نۇقتىدا داستانلارنى مۇبالىغىلاشتۇرۇش سەنئىتى دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن. ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، قەھ-

رىمانلارنىڭ پائالىيىتى مۇبالىغە ئارقىلىق تېخىمۇ رومانتىك تۈس ئالغان، داستانلاردىكى مۇبالىغە ناھايىتى تەبىئىي ھالدا قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ خاراكتېر تەسۋىرىگە سىڭىپ كەتكەن، مەسىلەن: «ئالپامىش» داستانىدا ئالپامىشنىڭ تىلىدىن شۇنداق بىر چىرايلىق مۇبالىغە بېرىلىدۇ:

تىكىلسەم قۇرۇيدۇ دەريانىڭ سۈيى،
نەرە تارتسام غۇلار قورغاننىڭ تېمى.

«ھورلىقا ـ ھەمراجان» داستانىدا، جەڭ تەسۋىرىنى "... ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا مىخلىنىپ، تېنى يەرگە پاتتى"، "كويىقاپتەك كۆلپەت چۈشتى بېشىمغا" دېگەنگە ئوخشاش مۇبالىغىلاركوپ ئۇچرايدۇ.

خەلق داستانلىرىنىڭ پوئېتىك شەكلىدە يەنە شۇنداق خاراكتېرلىك بىر ئالاھىدىلىك مەۋجۇتكى، ئۇنىڭدا ماقال ـ تەمسىل تۈسىنى ئالغان ھېكمەتلىك نەزمىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ئالغا سۈرۈلگەن. بەزى داستانلاردا بولسا، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا قېلىپلاشقان ماقال ـ تەمسىللەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، قەھرىماننىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرغان بولسا، يەنە بەزى داستانلاردا، خۇددى خەلقنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىك سوزلىرىگە ئوخشاش ئىبرەتلىك مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خەلق سەنئىتىدە نامايەن بولغان بۇنداق تەپەككۇردۇردانىلىرى ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە خەلق داستانلىرىنىڭ پوئېتىك شەكلىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، تىڭشىغۇچىلاردا روشەن ئېستېتىك زوق ھاسىل قىلغان. داستانلاردىكى مۇنداق شېئىرى پارچىلار بەدىئىي جەھەتتىن شۇ دەرىجىدە مۇكەممەل ئىشلەنگەنكى، ئۇلارنىڭ كوپلىرى ئەسىرلەر مابەينىدىكى ھايات تەجرىبىلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئافورىزىملار دەرىجىسىگە كوتىرىلگەن، مەسىلەن:

① دولەت قونسا بىر چۈشىنىڭ باشىغا.
جىمى قۇشلار سالام بېرەر قاشىغا.
② ئات چاپسا گۈمبۈرلەر تاغنىڭ داراسى،
ئۇرۇشتا بىلىنەر مەرتنىڭ ساراسى.
③ سازەندىلەر سازىن چالار قول بىلەن،
يامان ئادەم كويدۇرىدۇ تىل بىلەن.
④ سەبرى ـ گوھەر، سىر ـ ئالتۇن،
سىرى ئەھىيان ئۆزگىدۇر.
سىرى ئايان ئەھلىگە،
ئومرى گەريان كوزگىدۇر.
⑤ ئامانەتكە خىيانەت
نامەرت ئىشىدۇر.
پالاكەتنىڭ ئامرىغى
قورۇققان كىشىدۇر.
⑥ خەتنى بىلمىگەن ئادەم
بېشىدا كېزەرماتەم.
خەت بىلمەس نادانلارغا
قاراڭغۇ ئىكەن ئالەم.
⑦ ئەر سوزىدىن قايتمايدۇ،
يولۋاس باسقان ئىزىدىن.
⑧ ئادىمزاتنىڭ كۆلىمگى باردۇر،
ھامانە بىر كۈن ئولىمگى باردۇر.
⑨ ياخشىلىققا يامانلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر،
يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.
⑩ يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس
ئۆزگە يۇرتقا كەتمىگۈنچە.
ياخشى يارنىڭ قەدرىن بىلمەس،
بىر يامانغا چۈشمىگۈنچە.
⑪ ئاقىل بولساڭ مەزور بولما پارىغا،
پارا بىلەن يۈزۈڭ بويىما قارىغا.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدىن مۇنداق ئولگىلەرنى كوپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

(ئاخىرى 84 ـ بەتتە)

# رۇبائى ۋە پارچىلار

ئابدۇرېھىم تۇختى

ئارسىزلىق شۇملۇقنىڭ تۇققان ئانىسى،
نەسلىكىنىڭ ماگىنىتى، دىلىنىڭ قارىسى.
قاتىللىق، خائىنلىق ئارسىزدىن كېلۇر،
نۇمۇستىن بىزەلگەن ئەخلاق قامۇسى.

× ×

دوست- دۈشمەندىن خالى ئەمەسسەن پەقەت،
ئەزەلدىن سىنالغان - بۇ بىر ھەقىقەت.
دوستىڭ كۆپلىكى ئەقىل ھەم قۇدرەت،
دۈشمەن كۆپ بولسا، ئەنسىزلىك - دەھشەت.

× ×

ھۆكەرگە قاراشنىڭ ماڭا بەك راھىتى بار،
نەزىرىمنى تارتىدۇ ئۇ، نە كارامىتى بار؟
يەتتە تال يۇلدۇزنىڭ ئەشۇ تۇرۇشىدا،
ئىتتىپاق - ئۇملۇكنىڭ ئالامىتى بار.

× ×

ياخشى دوست دوستى ئۈچۈن دوست ئىزدەيدۇ،
يامان ئادەم دوستلىرىدىن كوس ئىزدەيدۇ.
دەم بىرىگە يېقىن بولۇپ، بىردىن يىراق،
دوستلارنى پارچىلاشقا پەيت ئىزدەيدۇ.

× ×

غادايغانلارغا بۈيۈكنى غادايت،
ئالايغانلارغا سەنمۇ كۆز ئالايت.
ئىللىقراق بولسا، ئىسسىغراق بولغىن،
خوشامەتنى ھەم تۈگلۈقنى ئازايت.

× ×

ئۆزۈڭنى سۆزلىمە بىراۋ ئېيتسا ھال - دەرت،
قۇلاق سال سۆزىگە ھال - دادىغا يەت.
ھالىڭنى ئېيتمىغىل قەلبى گاسلارغا،
ئاۋال بىلگىنكى كىشىنى تېپىپ ئېيت.

× ×

دوستلارغا كۆڭلۈڭدە ساقلىما غەش - كىر،
ۋاقتىدا چىقارغىن سۇرتۇپ بىرمۇ - بىر.
داتقا ئايلانسا ۋاخ ئۆتۈپ ئۇ كىر،
ئىككىلەپ چىقىرىش تەس بولۇر ئاخىر.

× ×

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىنى ئالتۇندىن بىزەپ،
ئارقا تام بۇزۇلۇپ، غۇلىسا مەيلىمۇ؟
ئەيىبىڭنى ئالدىڭدا ئېيتالماي دوستلار،
ئارقاڭدىن ئەخمەق دەپ تىللىسا مەيلىمۇ؟

× ×

ئۆزىدىن باشقىنى قىلماس تەپەككۇر،
چۈنكى باشقىنى كۆرمەس تەكەببۇر.
ئۆز پەرەس توساق بوپ تۇرغاچ ئالدىدا،
ئۆزگىنى ئۇ، قىلار كەم دەپ تەسەۋۋۇر.

× ×

كىممۇ خالىسۇن تىللاشنى ئۆزىنى،
كۆڭۈل ياختۇرار ماختاشنى ئۆزىنى.
كىمكى ئۆزىنى ئۆزى ماختىسا،
پەم قىل ئۇنىڭدىن ئەيپلاشنى ئۆزىنى.

× ×

مەزمۇنى تولا كەم، سۆزلىرىنىڭ تولا،
باش - ئۇچى تېپىلماس چىگىلگەن كۆلا.
ھېلى دىدىڭغۇ، دەۋاتىسەن يەنە،
قۇلىقىم پاڭ بولدى توختاتقىن بولا.

× ×

كېلىچەك بەك يېقىن مىڭ يىل بولسىمۇ،
ئۆتمۈشۈڭ بەك يىراق تۈنۈگۈن بولسىمۇ.
تىرىشىپ-تىرماشقىن مىڭ يىلنى كوزلەپ،
گەر ئولۇم ھويلاڭدا ماراپ تۇرسىمۇ.

× ×

ئىلىم - پەن ئۆز مۈلكى ئىزدەنگۈچىنىڭ،
ئىزدىنىمەي ھەققى يوق، مېنىڭ دىگۈچىنىڭ.
ئىزدىگەن ئۆزى ھەقدالىغى بىلەن،
ئالىدۇ ئۇنى قەيەردە، ئىلكىدە كىمنىڭ.

× ×

ئۆزۈڭ ماڭغان يولۇڭدا ئىزىڭ قەپ قالسۇن،
قىلغان- ئەتكەن ئىشلىرىڭدىن ئېلىڭ نەپ ئالسۇن.
لەيلەپ يۈرگەن كوپۈك بولۇپ ئۇچۇپ قالما،
ھېچ بولمىسا ئۇنتۇلغۇسىز، گېپىڭ قەپ قالسۇن.

× ×

ماختانمىغىن، ياش چېغىمدا چېۋەر ئىدىم، دەپ،
چوڭقۇر ئويلان ياش ۋاختىنى سەرپ ئېتەشتەگەپ.

تاپالمىسەن پۇشمانى يوق بىرمۇ قېرىنى،
ھەسرەتچەكمەس ياش چېغىمدا ئۇگەنمىدىم، دەپ.

× ×

ئىچ ئاغرىتىپ كەتمەنگە دىدى دىخان:
ئىشلىتەلمەي داتتا چىرىپ كاردىن چىققان.
بىلدىم شۇندىن، كالۋالىشىپ قالۇر ئىنسان،
ئۆز ئەقلىنى ئىشلىتىشكە يوقسە ئىمكان.

× ×

كىم سىنى ئەسلىگەي ئىزىڭ قالمىسا،
قالدۇرغان ئوغلۇڭ ياقىزىڭ قالمىسا.
كوڭۇلدە ئەكس ئېتىپ نىمە ئەسلىتەر؟
ياتۇزۇك قاملاشقان سوزۇڭ قالمىسا.

× ×

ئالمىدىن رەڭ ئاپسەن، شەكەردىن لەززەت،
ئەتىردىن بوي ئاپسەن، گۇلدىن نازاكەت.
تەلمۈرۈش، تەلپۈنۈش ئىلتىجا مەندىن،
ناز بىلەن ئىستىغنا ساڭادۇر ئادەت.

× ×

ياشلىق غەيرىتى قىيان سۇ كەبى،
ئاقىدۇ پەرۋاسىز ئويغا ھەم دوڭگە.
بىلمىدىن ئۇنىڭغا توغان قۇرمىساڭ،
كېلگە ئاقماي غەيرىتىڭ ئاقىدۇ چولگە.

(بېشى 82- بەتتە)

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىگىگە كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇندارلىغى، مۇزىكىدارلىغى، ئاددى - ساددىلىغى، دەلمۇ - دەللىگى، ئىخچام ۋە ئاممىبابلىغى، كونكرېت ۋە ھەممىسىلىغى بىلەن خەلق تىلىنىڭ باي ۋە گۈزەللىگىنى نامايىش قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىككىسىلىق ۋە سىنتاكسىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن، بۇ جەھەتتە تەپسىلى مىسال كەلتۇرمىسەكمۇ، داستان كىتاپخانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان.

دىمەك، يۇقۇرقى مۇلاھىزىلەردىن كورۇشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى بىر خىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبىغا ۋە مىللى پوئېتىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئى تارىخىدۇر. خەلق داستانلىرى ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مىللى ئىپتىخارلىق، ئۆز ئۆزىگە ئىشىنىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزىم تۇيغۇلىرىنى تەربىيلەشتە مۇھىم فايدىۋى ئىستىتىك ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، جۇملىدىن پۈتكۈل سەنئەت تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئوينايدۇ.

# ئىككى شېئىر

نەسرۇللا ئابلەت

## تاغ بۇلاقلىرى

سەن زۇمرەت پارچىسى، كۆكنىڭ پارچىسى،
يۇرتۇمنىڭ كەۋسىرى تاغ بۇلاقلىرى.
تاشلاردىن تاشلارغا سەكرەپ ئېقىشىڭ
ئويغۇتار قەلبىمدە كۈي قوشاقلىرى.

سۈيۈڭدە يۇيۇنۇپ نازلىنار چىمەن،
ئېقىشىڭ شۇنچىلىك ئويناق ۋە راۋان.
سەن سۈزۈك سۇ تولغان ئەينەكتەك گويا
ھۆسنۈڭدە ئانا تاغ قىلىدۇ جەۋلان.

چېكىسەن تارىڭنى تاغ بۇلاقلىرى،
يىراقتىن يىراققا سوزۇلۇپ ئېقىپ.
ئوقۇيسەن توگىمەس سۆيگۈ ناخشىسى
ئانا يەر باغرىغا باغرىڭنى يېقىپ.

يولۇڭدا باغلارغا ھايات بېغىشلاپ،
كىلىسەن ئۇخلىماي، زارلىماي پەقەت.
چوڭ ئېقىن قوينىغا شۇڭغۇپ بېلىقتەك،
ئاقىسەن بەھوزۇر تالاشماي شوھرەت.

ۋىژدانلىق ئۆمۈرگە ئەندىزە ئۆزۈڭ،
تىنىك دىمەي، توز دىمەي ئاقىسەن ئەنە.
ئېقىشىڭ ھاياتنىڭ سۈرەتگاھىدۇر،
ھەر سۈرەت دىللاردا قوزغار تەنتەنە.

## چىدام توغرىلۇق ناخشا

چول ـ جەزىرە ئارا يۈرگەن توگىلەر،
چىدايدىكەن چاڭقاقلىققا قىرىق كۈن.
يېتىدىكەن مەنزىلىگە ـ نىشانغا،
بولغان ئۈچۈن چىدام ـ غەيرەت بىر پۈتۈن.

ئۈچار ئىكەن بورانلاردا بەھوزۇر،
بۈركۈت ھامان جەۋلان قىلىپ ئاسماندا.
چىدام ـ غەيرەت بەرمىسە كۈچ ئۇنىڭغا،
بوران ئىلھام بېغىشلامتى تالغاندا؟!

مېھرىڭىيا يىلتىز تارتىپ تاغ ئارا،
كۆكلەيدىكەن تاشلار يېرىپ ھەر قاچان.
ئۇنى ھېچكىم سۇغۇرمايدۇ پەپىلەپ،
تۇتمايدىكەن يۇمشاق يەردە ئۇ ماكان.

قار لەيلىسى مۇزلۇق تاغدا ـ چوققىدا،
كۈلىدىكەن ئانار يۈزلۈك قىز كەبى.
بىلەلمىدىم قار لەيلىسى مۇز ـ قارنىڭ
قىسمۇالغان گۈلىمۇ يا چېچەكى !؟

ئۈزەر ئىكەن قايناملاردا كېمىلەر،
سۇ دولقۇنى قەھرى بىلەن سۇقىسىمۇ.
قاراڭغۇمۇ كار قىلالماس ئۇنىڭغا،
نۇرلۇق قۇياش ئۇپۇقلارغا پاتسىمۇ.

ئوت ئىچىدە ياشايدىكەن سەمەندەر،
ئۇنىڭ جىسمى ئالتۇن ئىكەن چىداملىق.
ئامان قېلىش ئوت ئىچىدە مۇمكىنمۇ؟
سەمەندەرلا بېرىدىكەن بەرداشلىق.

دەل ـ دەرەخلەر پىرىمىدۇقارىغاي،
ئاياز كەلسە ياز ئەگلىنى سالمايدىكەن.
ئۇسكەچ قورقماي جۇت-بوراندا ئىگىلمەي،
مەزمۇت تۇرۇپ ھېچ نەزەردىن قالمايدىكەن.

مەن ئويلۇدۇم: چىدام كېرەك ھەر بىرىمىشقا،
چىدام ـ غەيرەت بولسۇن ھامان ئۇلپىتىم.
ئارتتى ماڭا غايەم دەۋر يۈكىنى
مەنزىلگاھقا يەتسەم ئاشار ھورمىتىم.

# كېلىڭ بۇلبۇللار

تۇراق ناسىر

كەلدىڭلار قەشقەرنىڭ پەيزىلىك چېغىدا!
ناۋا ئەيلەپ بۇلبۇللىرىم ۋەتەن بېغىدا.

شوخ تومەننىڭ زۇمرەت سۈيى ئاقتى ئوينا قلاپ،
ھېيتكا بېغى چاچتى ئىپار، قۇتلاپ، ئالقىشلاپ.

سۆيۈندى دىل، بۇلبۇللۇرۇم، كورۇپ سىزلەرنى،
ئەيلىدىڭلار شادۇ- خۇرام كېلىپ بىزلەرنى.

بولمىغاندا ئەلدە باھار، دىللاردا باھار،
بولالامتۇق مۇنچىلىك شات، مۇنچە بەختىيار؟

جەم بولغاندا كۆيچى بۇلبۇل ئېزىز دىيارغا،
تەم كىرگەندەك بولدى ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانارغا.

كورۇپ مەنمۇ قەلەم ئېلىپ قوشاققا قاتتىم،
كۆيلەر ئاققان ئەزىم دەرياغا ئۈزۈمنى ئاتتىم.

گۈزەل قەشقەر بۈگۈن تولدى خۇشبۇي پۇراققا،
پەشقەدەملەر بەردى ئىلھام ئەمدى تۇراققا.

چىن دىلىمدىن دەيمەن كوپرەك كېلىڭ بۇلبۇللار،
ئىشقىڭىزدا يايراپ شۇنچە ئېچىلسۇن گۈللار!

# ناخشا تېكستلىرى

ئابلەت ئىسمايىل

## قوغۇن ماكانىدا

### مۇقەددىمە

ئايا دوستلار بېھىش يەڭلىغ دىيارىمنى كورۇپ كەتكىن،
مىسالى باغدىكى بۇلبۇل كەبى خەندان ئۇرۇپ كەتكىن.

ساھىپخانە يۇرت خەلقى، سالۇر مېھمانغا كەڭ دوستقان،
تويۇپ نىمەتكە توي-مەشرەپ ئارا بەزمە قۇرۇپ كەتكىن.

ھاياتنىڭ لەززىتى نەدە، ھالال تەر تامچىغان يەردە،
قوغۇن كانىنى قىل سەيلى، خوشال پەيزى سۇرۇپ كەتكىن.

1

گۆزەل بىزنىڭ پەيزىۋات،
خەلقى ئىشچان، كوڭلى شات.
ئوتەر مۇندا بەختىيار،
قايناق ھايات .. ئوم ھايات.

يۇرتۇم ئىسىل ماكاندۇر،
قوينى جەننەت بوستاندۇر.
ئەمگەك سۆيگەن دېخاننىڭ،
نامى تىلدا داستاندۇر.

2

قوغۇن تېرىلدۇق بوزغا،
يىراقلاردىن سۇ باشلاپ.
رەتمۇ - رەت چونەك تارتتۇق،
قىرىنى بەلەن قاشلاپ.

ئۇنچە تەرىمىز ئاقتى،
ئاينىغان پىلەكلەرگە.
ئېتىز قوينى پۇركەندى،
ئالتۇنرەڭ چىچەكلەرگە.

3

ئوخشىغان قوغۇنلارنى،
قەن دەيمەن، ھەسەل دەيمەن.
ئەمگەكچىنى ياشناتقان،
دەۋرىمنى گۆزەل دەيمەن.

ئاق كوكچى ئەجەپ تاتلىق،
ئاق ناۋاتنىڭ تەمى بار.
قارا يەردىن قەن ئالغان،
دېخانلارنىڭ پەمى بار.

4

يۇرتۇمغا كېلمەڭ دوستلار،
سەيلە قىلىپ كېتمەڭ دوستلار.
قوغۇنلىرى بەك شېرىن،
تەمىنى تېتىمەڭ دوستلار.

"قوغۇن تېرىدىم قەندەك،
خەمۇ تېرىسۇن مەندەك»

ئەمگەكچىنىڭ ئەجرىنى،
قوشاقا قېتىمەڭ دوستلار.

ئەمگەك بىزگە راھەتتۇر،
ئەمگەك بەخت - ئامەتتۇر.
ئەمگەك شۇنچە قەدىرلىك،
قەدرىگە يېتىمەڭ دوستلار.

## تارىم ئوغلى

گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن،
گۈزەل تارىم بويلىرى.
جاراڭلايدۇ ھەر ياندا،
بەخت - شاتلىق كۈيلىرى.

گۈزەل تارىم بويلىرى،
ياڭرار بەخت كۈيلىرى.

تارىم ئوغلى مەردانە،
پەرھادسەن دەۋرىمىنىڭ.
ئەۋلادسەن، پەخرىسەن،
ئەمگەك سۆيەر خەلقىمىنىڭ.

تارىم ئوغلى مەردانە،
ئەل ئىشقىدا پەرۋانە

ئەجرىڭ بىلەن ئايلاندى،
تارىم بويى بوستانغا .
يۈرەك قەلبىم سويۈنەر،
قاتسام سېنى ناخشامغا.

ئەل ئاغزىدىن ئاڭلىدىم،
تارىم ئوغلى نامىڭنى.
زوقۇم بىلەن كۈيلەيمەن،
قىزچاقان شەرەپ - شانىڭنى.

تەرىپلەيمەن نامىڭنى،
تارىم ئوغلى شانىڭنى.

## سېستىرا قىز

ئاپپاق خالات زەپ ياراشقان زىبا بويۇڭغا،
كوردۇم قۇياش رۇخسارىڭنى نۇرلۇق چېھرىڭدىن.
كۈيۈنسەن سېستىرا قىز بىمارىلەرگە،
قانچە كېسەل تاپتى شىپا ئىللىق مېھرىڭدىن.

ۋۇجۇدۇڭدا جۇش ئۇرغاچقا غەيرەت.. جاسارەت،
قورقىتالماس سېنى ھېچۋاق جەبرۇ.. مۇشەققەت.

قەلبىڭ گۈزەل،سوز-ھەركىتىڭ،خىسلىتىڭ گۈزەل،
باغلىغانسەن ئۆز كەسپىڭگە چوڭقۇر مۇھەببەت.

كېچە-كۈندۈز جان كويدۇرۇپ پەرۋانە ئوخشاش،
گۈزەل ياشلىق باھارىڭنى ئاتىدىڭ ئەلگە.
سېستىرا قىز ياغدى ساڭا دىلدىن تەشەككۇر،
ناخشىكارلار سېنى مەڭگۈ قاتىمىز كۈيگە.

## سايرا قەشقەر بۇلبۇلى

كەلدى ئازات زامانىڭ،
سايرا قەشقەر بۇلبۇلى.

كۈلدى ئارزۇ.. ئارمانىڭ،
سايرا قەشقەر بۇلبۇلى.

گۈللەر رەڭدار ئېچىلدى،
خۇشپۇراقلار چېچىلدى.
بولدى گۈلباغ ماكانىڭ،
سايرا قەشقەر بۇلبۇلى.

ئەزىزانە دىيارىڭ،
سولماس كوكالەم ـ باھارىڭ،
كەڭرى سېنىڭ بوستانىڭ،
سايرا قەشقەر بۇلبۇلى.

## چاقنا، گۈزەل ياشلىغىم

تاڭدا كۈلگەن چولپاندەك،
چاقنا، گۈزەل ياشلىغىم.
سېنى دىسەم قەلبىمدىن،
ئۇرغۇپ تاشار شاتلىغىم.

ئاچتى ماڭا خۇشچىراي،
مۇھەببەتنىڭ رەناسى.

چېچەكلىدى سەن بىلەن،
ھاياتىمنىڭ مەناسى.

بېغىشلايمەن ئەل ئۈچۈن،
گۈزەل ياشلىق دەۋرىمنى.
ياشنىتىمەن ئەجرىمدىن،
ئارزۇ ـ مۇرات، بەختىمنى.

قايتارما : چاقنا گۈزەل ياشلىغىم،
دىلغا سىغماس شاتلىغىم.

## يالقۇنلۇق مېنىڭ ناخشام

ناخشا ئەيتىمەن تاڭدا،
ئېتىزلاردا، گۈلباغدا.
بۇلبۇللار قالار ھەيران،
ناخشام ياڭرىغان چاغدا.

ئويغىتار چىمەنلەرنى،
جاراڭلىق، لىۋەن ئاۋاز.

ناخشامنىڭ قاناتى بار،
كوكتە قىلىدۇ پەرۋاز.

مەن ناخشامنى ياڭراتسام،
دوستلار بولىدۇ تەڭكەش.
ئورمانلار شاتشاۋقۇنلاپ،
دەريالار ياسار ئوركەش.

قايتارما : يالقۇنلۇق مېنىڭ ناخشام،
ياڭرايدۇ سەھەر-ئاخشام.

## گۈل يېزام گۈزەل شۇنچە

گۈل يېزام گۈزەل شۇنچە،
مىسلى جەننەت باغلىرى.
ئىشچان يىگىت ـ قىزلارنىڭ،
خۇشال ئوتەر چاغلىرى.

مەن تۇغۇلغان شۇيۇرتنىڭ،
يەرلىرى ئېسىل، مۇنبەت.
بوستانلار ئارا ئويناپ ـ
دولقۇنلاپ ئاقار زۇمرەت.

كەڭرى كەتكەن ئېتىزدا،
شات ناخشىلار ياڭرايدۇ.
ئەمگەكسۆيەر ئەرلىرى،
ئىشلەپ زادى ھارمايدۇ.

بۇلبۇللار بولۇپشەيدا،
سايرايدۇ قونۇپگۈلگە.
بەختى كۈلگەن يېزامنى،
قاتىمەن ئەبەت كۈيگە.

# كەلدى

ھۈسەيىن ئابدىرېھىم

كوتەر باشىڭنى ئەي دىخان، زامانەڭ ساڭا يار كەلدى،
ئۇلۇق كومپارتىيەم قولداش ـ يېتەكچى، غەمگۈزار كەلدى.

زامانلار مۇكچۇيۇپ ھالسىز ، نادامەت ئىلكىدە سولدۇڭ،
ياشارغىن قايتىدىن گۈللەپ، ئارامى نەۋ باھار كەلدى.

چىرايىڭ سولدى، سارغايدى، تېنىڭدە قالمىغاچ دەرمان،
كوكەرگىن قايتىدىن گۈللەپ ساڭا دەرمان ئاتار كەلدى.

بېيىشقا باشلىغىن يولنى، بۇنىڭدا قىلىچەشەك يوقتۇر،
ئۇلۇق مەركەز ئاتا قىلغان ساڭا ھور تىل تۇمار كەلدى.

ۋەتەن باغرىنى گۈل قىلغىن، پەرىلەر شوخ ناۋا قىلسۇن،
گۈزەل باغىڭدا سايراشقا خوشال بۇلبۇل خۇمار كەلدى.

كوتەر باشىڭنى غەپلەتتىن، تۇرۇپ يەڭنى راسا ئىشلە،
ئىلىمدە گۈللىگەن دەۋران ئۇلۇق پەرمان شوئار كەلدى.

# دىخان ئاكامغا

مىجىت تاش

يېزىپ چىقتىم بۇ نەزمەمنى ئاتاپ ئەمگەكچى دىخانغا،
كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپماس قولى ھارماسقا-ئىشچانغا.

ئېزىز دىخان ئاكا ئاپسەن بۇ يىلمۇ شۇنچە كوپ ئاشلىق،
بېغىڭ زەپ ئايلىنىپتۇ بىر گۈزەل جەننەتكە. بوستانغا.

ئېتىزدا ياڭرىتىپ ناخشا جاھاننى لەرزىگە سالدىڭ،
ئەچىڭگە سىغمىدى شاتلىق،دىدىڭ: «ھەشقاللا» دەۋرانغا.

كوپەيدى ئات-ئۇلاغ، چارۋاڭ: قوناق، بۇغداي، گۈرۈچ ساڭدا،
پۇرار ھەر كۈن ئويۇڭدە ماي، نېمەتلەر تولدى داسقانغا.

«چاپا تارتماي ھالاۋەت يوق» شۇڭا ئىشلە تۇرۇپ يەڭنى،
ئۇلۇق كومپارتىيەم بولغاچ يېتەرسەن ئارزۇ-ئارمانغا.

# كۈلگەن بالام

قەمەرجان

كۈل بالام قەلبىڭ قېتىمدىن ، روھلىنىپ دەۋران بېقىپ ،
كۈل قاقاخلاپ توختىماي مېھرىڭنى ئەلگە چىلك چېچىپ .
بەختىڭ .. تالەي قوش كېلىپ تەل بولدى ئۇيدە ھەممىسى ،
ئالغا باس ، ئۇرلە ، تىرىش بۇ سەپكە زور كۈچاەر قېتىپ .

يېڭى باي بولدۇق بۈگۈن ئادىل سىياسەت نۇرىدىن ،
قۇتۇلۇپ قەرز خالتىسى ، نامرات ـ گادايلىق تورىدىن .
يايراپ كۆڭۈل،راھەتتە جان،ئۆتمەكتىمىز خوش ھەممە ۋاخ ،
لاي تاۋاق جانان بولۇپ،پۈتكەچكە ھالۋا غىرىدىن .

بوز ئورنىغا ئىلون كىيىم كىيدۇق قەۋەتلەپ ھەممىمىز ،
ئۆي يېڭى ، بىسات تولۇق،رۇسلاندى سۇنغان قەددىمىز .
تولدى لىق ئېغىل-قوتانغا ئۆچكە ، قوي،ئات ـ ئۆي ، ئىشەك ،
كەتمىدى بىكارغا ھەرگىز توككەن ھالال تەر ئەجرىمىز .

كەتتى كەلمەسكە ، توشۇككە تەلمۈرۈپ نان دەر چېغىم،
ئاشقا تولدى ساك ـ تاغار ، گۈللۈنۈپ تۇرمۇش بېغىم .
ئىشلىسە كىم ئالدى شۇ ھەق،چىشلىدى ماي قاتمىز ـ قات ،
باي بولۇش يوللۇق دىگەچ كومپارتىيەم-نۇر چىرىغىم .

چۈشمىگەن ئاسانغا بۇ ھورلۇك ھايات ، دەۋرانىمىز ،
گۈللىگەن خوشبۇي چىمەن گۈلزارىمىز ، بوستانىمىز .
قەدرىنى بىلمەي بۈگۈنكى راھەت ـ پاراغەت دەۋرىنىڭ ،
يۈرمەك كىشىگە ئار ـ نومۇس،ئاسراش شەرەپلىك بۇرچىمىز .

بۇ سېخى مەمۈرچىلىق كۈن قەدرىنى بىلسىگىن بالام ،
ئەلنى قۈدرەتلىك قىلىشقا يەڭنى چىك تۈرگىن بالام .
كەتمىگىن بوش بېرمىنىزت ۋاخ ئىشلە قان-تەر ئاققۇزۇپ ،
مېھنىتىڭ گۈلزارىدا مەڭگۈ شات كۈلگىن بالام .

# ھېكايىنىڭ كومپوزىتسىيىسى مۇكەممەل، تىلى يارقىن بولۇشى لازىم

## يولداش تۇردى ساماقنىڭ «قەشقەر گۈزىلى» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا

ئىسلام سادىق

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981- يىلى 2- سانىدا ئېلان قىلىنغان يولداش تۇردى ساماقنىڭ «قەشقەر گۈزىلى» ناملىق ھېكايىسى سيۇژېتىنىڭ قىزىقارلىقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلىقى، كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىكى، بەدىئىي تىلىنىڭ يارقىن، جانلىق، ئىخچام، قىزىقارلىق، راۋان، ئاممىباپ بولۇشى بىلەن مەندە تۇرمۇشتا بولغان مۇھەببەت، ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش، بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان زوقلىنىش ھەۋىسىنى قوزغاپ، ئەدەپ- ئەخلاق، گۈزەللىك، سۆيگۈ، ۋاپا ھەققىدە يېڭى تۇيغۇ، يېڭى تەسىراتلارنى پەيدا قىلدى. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتىكى تەسىرات ۋە ھېسسىياتلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش باي، مەزمۇنلۇق، خىلمۇ خىل ۋە رەڭگارەڭدۇر. يازغۇچى ئەنە شۇ باي، مەزمۇنلۇق تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق بەدىئىي ئەدەبىيات يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ، كىتابخانلارنى تەربىيىلەيدۇ. ئەگەر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى ئىپادىلەشتىكى يۈكسەك ماھارىتى بولمىسا، ھەر قانداق باي مەزمۇنلۇق، خىلمۇ خىل تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى بولغان بىلەنمۇ ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ، قىزىقتۇرالمايدۇ، تەربىيىۋى رولىنىمۇ يوقۇتۇپ قويىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان بەدىئىي ماھارەت ھەممىدىن ئاۋۋال بەدىئىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشى ۋە يازغۇچىنىڭ تىل سەنئىتىدۇر. «قەشقەر گۈزىلى» ھېكايە-سىدا يولداش تۇردى ساماق ئەنە شۇنداق يۈكسەك بەدىئىي تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، مۇكەممەل بىر بەدىئىي تېمىنى تېپىپ، يارىتىپ، باي، جانلىق، يارقىن خەلق تىلى ئارقىلىق گۈلنەزەرنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى كىتابخانلارنىڭ قەلب بوستانىدا نامايەن قىلدى. يازغۇچى ھېكايىنىڭ باش تەرىپىدە ئېپىگراپ سۈپىتىدە "قانداق ئاجايىپ قەشقەر گۈللىرى»، "قەشقەرنىڭ شۇ قىزىل گۈلى ئېسىڭدىمۇ؟" دېگەن جۈملىلەرنى قەشقەر قىزىغا سىمۋول قى-لىپ، ئارقىدىنلا بىزنى بىۋاستە ھالدا "بويى گۈل، چېچى سۇمبۇل، تىلى بۇلبۇل" قەشقەر گۈزىلى گۈل-نەزەرنىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىدۇ. گۈلنەزەرنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن ئاق پەرەنجە، يۈزىدە چۈمبەل بولۇپ، ئېرىقنىڭ بويىدىكى توپىلىق يولدا قاقاخلاپ كۈلىدۇ. ئارقىدىنلا شۇنداق قاتتىق يىغلايدۇكى، "ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىسا، تاغ تاقەت قىلالماي، تاشمۇ ئېرىپ كەتكەن بولار ئىدى." ئاپتور كۈلكە، يىغا ئۈستىدە توختۇلۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئالدىدىغا بىر تۈگۈننى قويىدۇ: "بۇ تويغا ھازا ئارىلاشقان تۇرمۇش كومېدىيىسىنىڭ خاتىمىسىمۇ ۋە ياكى قايغۇلۇق مۇھەببەت تىراگېدىيىسىنىڭ مۇقەددىمىسىمۇ؟" دېگەن رىتورىك سوراق جۈملە ئارقىلىق كىتابخانلارغا ھېكايىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى تاپشۇرۇپ،

كىتابخانىلارنى جىددى ئويغا سالىدۇ. ئارقىدىنلا چېكىنىش يولى ئارقىلىق ھېكايىنى باشتىن باشلاپ،
گۈلنەزەر ۋە ئىمام مەھەممەتتىن ئىبارەت ئىككى پېرسوناژنىڭ ئوخشاش شارائىت ئاستىدىكى ئوخ-
شاش بولمىغان خاراكتېر ۋە ئوبرازىنى سىزىپ چىقىدۇ.

تۇرمۇش ـــ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىن ـ بىر بۇلىقى بولۇپ، مۇھەببەت ئىنسانلار
ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە كەڭ بىر قىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـــ
سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە ساپ مۇھەببەت، ئەركىنلىك، ۋاپادارلىق، ساداقەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاق،
دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش ـ مەيلى قەدىمدا بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، مەيلى جۇڭ-
گودا، مەيلى چەلئەلدە بولسۇن، بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان مە-
سىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. نۆۋەتتە بۇ جەھەتتە يولۇققان مەسىلىلەر ۋە تۇرمۇش رېئاللىقىنى ماركسى-
زىم ـ لېنىنىزىملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزىتىپ، پرولېتارىيات دۇنيا قاراش بويىچە توغرا بىر
ياقلىق قىلىپ، بەدىئىي ئەدەبىيات شەكلى بىلەن كىشىلەرنى تەربىيىلەش، كىشىلەرنى ۋاپادار، ئەدەپ-
ئەخلاقلىق، ساداقەتلىك بولۇشقا، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مېھرىۋان، كۆيۈمچان بولۇشقا ئۈندەش؛
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرژۇئازىيىچە چاكىنا تۇرمۇش قاراشلىرىنى ھەجۋىي ساتىرا تىللار بى-
لەن پاش قىلىپ، ئېچىپ تاشلاپ، خىيانەت، پەسكەشلىك، چىرىكلىك، ساختىلىق، ئالدامچىلىق قاتار-
لىق چاكىنا ئىللەتلەرنى تەنقىت قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش ـ بىزنىڭ شەكلى مەللىي، مەزمۇنى سوت-
سىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرىدۇر، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى ماددى،
مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش، "4 گۈزەل"، "5 بولۇش" ھەرىكى-
تىنىڭمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. يولداش تۇردى سامساق «قەشقەر گۈزىلى» دېگەن بۇ ھېكايى-
سىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزىملىق ئۇسۇل، مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى ئەنە شۇنداق
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ھېكايىنىڭ مۇھىم جۈملىسى قىلغان بولۇپ، گۈلنەزەرنىڭ ئېسىل ئىنسا-
نى پەزىلىتىنى، ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولۇش، ۋاپادارلىق، ئاق كۆڭۈل، ساپدىل، پاك نىي-
يەت قىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نومۇس ۋە ھايانىڭ ئىسلازادىسى ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلەپ، ئىمام مە-
ھەممەتنىڭ تۇراقسىز، ئۆزىمە كۆڭۈل، مۇھەببەتنى كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ بىرسى دەپ قاراي-
دىغان ئىپلاس، شەرمەندە روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ تاشلاپ ئۇنى لەنەت ۋە نەپرەت تاخ-
تىسىغا مىخلاپ، ئۇنى سۆپ ـ سۈزۈك ئېرىق سۈيىدە يۇيۇپ تازىلاشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھېكايىدا
ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەقەلىك ئادەتتىكى بىر تۇرمۇش ۋەقەلىكى بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى ھېكايى-
نىڭ كومپوزىتسىيە تۈزۈلۈشى ۋە تىل قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە سەنئەتكارلار-
نىڭ ھەممە بەدىئىي تالانتىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھېكايىدىكى تۇرمۇش ۋە-
قەلىكى ھەم قىزىق، ھەم رەتلىك، ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا تەسۋىرلىنىپ، كىتابخانلارنى خۇد-
دى ماگىنىت سۈيى تۆمۈرنى تارتقاندەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ چۈنكى، تۇر-
مۇشنىڭ مەھسۇلى بولغان ھەر قانداق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشى ـ
تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى ھەمدە ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇشى كې-
رەك. شۇنداق بولغاندا، ئۇ تەبىئىي جانلىق بولۇپ، كىتابخانلارنى چىنلىق، راستلىق، گۈزەللىك رو-
ھى بويىچە تەربىيىلەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشى تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىگە
ئۇيغۇن بولماي، ياسالما بولسا، ئۇ يالغان، ساختا، سەت بولىدۇ ـ دە، كىتابخانلاردا ھېچقانداق

ھەقىقى ھىس - تۇيغۇ پەيدا قىلالمايدۇ، ئەكسىچە يالغانلىقنى يېيىلدۇرىدۇ، دەپ كىتاپخانلارنىڭ قاغىشىغا ئۇچرايدۇ، خالاس! بۇ جەھەتتىن ئالغاندا «قەشقەر گۈزىلى» ھىكايىسىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلۇشىدىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك شۇكى، ھىكايىنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا قۇرۇلغانلىقىدۇر. شۇڭا ئۇ ئىنتايىن تەبىئىي، ساختىلىق، يالغانچىلىق، شۇنداقلا تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ۋە ياكى تۇرمۇشتا كورۈلمەيدىغان ئىشلار مۇبالىغە قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇ كىتاپخانلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

گۈلنەزەر- قەشقەر قىزلىرىنىڭ ئەڭ گۈزىلى، ئىمام مەھەممەتمۇ دەسلەپتە ئوتتۇز ئوغلىنىڭ سەرخىلى، ئۇستا زەرگەر، ھۈنەر - سەنئەتتە كامالەتكە يېتىشكەن، ئەدەپ - ئەخلاق، ھوسنى - لاتاپەتتە جەمى ئەل-مەھەللىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ياقۇت كوزىدەك ياخشى يىگىت. بۇ ئىككىسى تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، فېئودالىق ئەدەپ - قائىدىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ياش يىگىت - قىزلاردا ھەسەتخورلۇق، دۈشمەنلىك كەيپىياتى بولىدۇ. يازغۇچى ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەندە ئاممىباپ، قىزىق، ئوتكۈر، يۇمۇرستىك تىللىرىنى ئىشقا سېلىپ: " بۇنىڭ بىلەن يۈزلىگەن قىز باغدا قالسا، مىڭلىغان يىگىت داغدا قالدى. ئىمام مەھەممەت ئۈچۈن كوپتىن كوز تىكىپ، چاچلىرىنى ھەرياڭزا تاراپ، يۇچۇقلاردىن ماراپ، كېچىلىرى ھەرخىل چۈش كورگەن، ئۇخلىماي تاڭغا تەلمۈرگەن تالاي-تالاي قىزلار ھەسرەتلىك ئوھ تارتىپ كوزلىرىگە ئەلەملىك ياش ئالسا، گۈلنەزەر ئۈچۈن ئۆزلىرىگە چوڭ تەمەننالار قويغان ۋە بەزىلىرى جانلىرىدىن تويغان نى - نى يىگىتلەر غەزەپلىك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قوللىرىغا تاش ئالىدى " دەپ يازىدۇ. بۇ بىر ئابزاس تەسۋىر ئارقىلىق گۈلنەزەر بىلەن ئىمام مەھەممەتنىڭ تۇرمۇشىدا بولغۇسى زىددىيەتلەرنىڭ يوشۇرۇن كولەڭگىسىنى سىزىپ كورسۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەقەنىڭ راۋاجى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن " كۈنلەر كۆلدۈرۈپ، ئايلار ئالداپ " دىگەن جۈملە بىلەن گۈلنەزەر ۋە ئىمام مەھەممەتنىڭ ھاياتىدىكى بەختسىزلىك، جەمىيەتتىكى ھەرىكەتكە ئوتكەن ھەسەتخورلۇقنىڭ گۈلنەزەر بىلەن ئىمام مەھەممەتنىڭ بېشىغا ئاتقان جۇدالىق تاشلىرى تەسۋىرلىنىپ، گۈلنەزەرنىڭ بۇ سېھىرلىك ئويۇن ئالدىدا تۇتقان قەتئىي كەسكىن پوزىتسىيىسى، مۇھەببەتكە بولغان ۋاپادارلىقى، ئەدەپ- ئەخلاقى، ھايا-پەزىلەتلىرى كىتاپخانلارنىڭ كوز ئالدىدا نامايان بولۇپ، گۈلنەزەرنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق «قەشقەر گۈزىلى» - ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈلى ئىكەنلىكى خۇددى گۈل بەرگلىرىدىكى شەبنەمدەك سۈزۈك يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئىمام مەھەممەتنىڭ بۇ رەزىل ئويۇن ئالدىدىكى ئوزىنىڭ ئاجىز، ئىقتىدارسىز، ئۇژمەك كوڭۇل، مىسكىن، رەزىل، خۇنۇك ئەپتى- بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئوتكۈر ھەجۋى ئاستىغا ئېلىپ قامچىلايدۇ.

ئاپتۇر ھىكايىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزى ئىدىيىسىنى روشەن بېرىش ئۈچۈن، ھىكايىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر تەرەپتىن تەرتىپلىك بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋەقەلىكنى تۇرمۇش قانۇنىيىتى بويىچە رەتلىك تەسۋىرلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قىستۇرما بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى ۋەقەلىكلەرنى ئەينەن تەسۋىرلەپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ روھى ھالىتىنى، پىسخىك خۇسۇسىيىتىنى، مىجەز- خۇلقىنى ھەر تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ۋەقەلىكلەرنى تولۇق، ئەتراپلىق، خۇددى گۈل- چېچەك-

لەردەك خىلمۇخىل رەڭدارلىققا ئىگە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەر قۇرۇلۇشىنى قىزىقارلىق، كىتابخانلارنىڭ مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن تىرىشقان.

ھىكايىدا ئاپتورنىڭ بەدىئى ماھارىتى ئۈستىدە توختالغاندا يەنە شۇ نەرسىنى تېخىمۇ مەركەز-لىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، يولداش تۇردى سامساق بۇ ھىكايىسىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ باي ۋە قىزىقارلىق تۈرى بولغان چۆچەكلەرنىڭ بەدىئى قۇرۇلۇش خۇسۇسىيىتى-نى، بايان قىلىش ئۇسۇلىنى، تىل ئىشلىتىش سەنئىتىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى ئۆز ئەسىرىدە قوللىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، جاپالىق كۆچ سەرپ قىلىپ، چۆچەكلەرنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. مەسىلەن: ئىمام مەھەممەتنىڭ مىشىچان، ئۇژمە كوڭۇل، تويۇقسىزلىغى تەسۋىرلەنگەن زەرگارلىق دۇككاندا نازىنىن جانان بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى ۋەقەلىكتىن كېيىن ئاپتور "بىز بۇ يەردە ئىمام مەھەممەتنى بىر دەمگە ئۆز ھالىچە قالدۇرىمىز، چۈنكى ئۇ ئەشۇ جانان ھەققىدىكى شىرىن خىياللىرىنى قارنى- كوكسى تويغىچە ئويلاپ قېنىۋالسۇن. بىز ئەمدى ئۆتكەن بەزى ئىشلار ئىزىدىن بارىمىز." بۇ ئۆتكۈنچى ئابزاس ئارقىلىق ۋەقەلىكنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى ئاخىرلاش-تۇرۇپ، ئىككىنچى بىر ۋەقەنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھىكايە ۋەقەلىگى ئۇستىلىق بىلەن تولۇق، ئەتراپلىق ۋە رەڭدار قىلىپ بايان قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدىنقى قىسىم بىلەن كېيىن-كى قىسىم ئۆز- ئارا تەبىئى باغلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇلنەزەر ئۈچۈن ئوينالغان رەزىل ئويۇنلار تەسۋىرلىنىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە خەلق ھىكايىلىرىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلى بويىچە "بىز بايا ئىمام مەھەممەتنىڭ دۇككىنىدا كورگەن ھېلىقى نازاكەتلىك گۈزەل جانان ئەنە شۇ ئاجايىپ ئويۇننىڭ باش رولچىسى ئىكەنلىگىنى كوڭلىگە بىرمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىمام مەھەممەتنىڭ ئۇ خېنىم ھەق-قىدە ھامان ئويلىغىنى ئويلىغان ئىدى. ئۇ تولا ئويلاۋېرىپ سودايى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، ئەمدى بىز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى" دەپ ھىكايىنى يەنە ئەسلىدىكى ۋەقەلىككە باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمام مەھەممەت بىلەن گۇلنەزەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن نوۋەر چاغلىرىنى ئەسلەپ، گۇلنەزەر-نىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ ئەنە شۇ رەزىل ئويۇننىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن ئىكەن-لىگىنى، بۇنىڭغا ئىمام مەھەممەتنىڭ ۋاپاسىزلىغى سەۋەپ بولىۋاتقانلىغىنى يازىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋەقە كولمىناتسىيە نۇقتىسىغا يېتىپ بارىدۇ. ئەمدى گۇلنەزەر قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇ ئىمام مەھەممەتنىڭ يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ۋاپاسىزلىقلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا بەل باغلايدۇ- دە، ئۆزىگە ئۈپا-ئەڭلىك سۈرتۈپ، زىبۇ- زىننەت بېرىپ بولۇتتەك ياسىنىپ، تاۋۇستەك يورغىلاپ، ھېيتكا مۇنارىسىنىڭ تۈۋىدە پەيدا بولىدۇ . . . ھىكايىنىڭ ئاخىرى تەبىئى ھالدا باش تەرىپى بىلەن باغ-لىنىدۇ: "تاتلىق كۆلكە ھەم ئاچچىق يىغا- بۇ ھاقارەتلەنگەن مۇھەببەتنىڭ نەپرەتلىك غەزەپ كۆلكىسى ئېغىر نومۇسنىڭ ئاچچىق يىغىسى ئىدى" دەپ يېزىپ، ھىكايىنىڭ باش تەرىپىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان رىتورىك سوراققا جاۋاپ بېرىپ، ھىكايىنىڭ باش- ئاخىرىنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، تەبىئى ھالدا باغلاپ، كىتابخانلارنى تەبىئى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ھىكايىنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇنداق مۇكەممەل بولۇشىنى ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنىڭ يوقۇرىلىغىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

ھەممىمىزگە مەلۇم ئەدەبىيات تىل سەنئىتى بولۇپ، يازغۇچىمۇ تىل -- سەنئەتكاردۇر. يازغۇچى

پەقەت تىلغا باي بولغاندىلا، ئاندىن تىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، ئوبىكتىپ تۇرمۇشنى تېپىكلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مۇكەممەل بىر ئەسەر يارىتىپ چىقىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يولداش تۇردى سامساق ئۆزىنىڭ «قەشقەر گۈزىلى» ناملىق بۇ ھېكايىسىدا ئىشلەتكەن تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىغى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلىغى، ئىخچاملىغى، تىلىنىڭ ئاممىباپ، راۋانلىغى بىلەن ئۆزىنىڭ يېتىلگەن سۆز سەنئەتكارى ئىكەنلىگىنى نامايان قىلىدۇ. بولۇپمۇ يازغۇچى تىلىنىڭ ئېنىقلىغى، توغرىلىغى، ئىخچاملىغى، ھەرخىل ئىستىلىستىكا ۋاستىلىرىدىن ئۈستىلىق ۋە ئۇنۇملۇك ھالدا پايدىلىنىشى بىلەن كىتاپخانلار ئالدىدا ئۆزىگە خاس بەدىئى ئۇسلۇپ تىكلىگەن. بۇ يازغۇچىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق مېھنەت سىڭدۇرۇپ خەلق تىلىنى، خەلقنىڭ باي، جانلىق مول تۇرمۇشىنى ئۆگەنگەنلىگىنىڭ مول نەتىجىسى. شۇڭلاشقا يازغۇچىنىڭ ھېكايىدا ئىشلەتكەن تىلى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ روھى ھالىتىنى، ئىچكى ھىس-تۇيغۇسىنى، ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىنى ناھايىتى رۇشەن يورۇتۇپ بەرگەن ھەمدە ئوبرازلارنى جانلىقلىق ۋە ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە قىلغان. ھېكايىنىڭ باش تەرىپىدە يازغۇچى سەمەن يولىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدىكى ياش يىگىت ۋە چوكان توغرىسىدا توختۇلۇپ: " يىگىت ئولتۇرۇش بىلەن تەڭلا ئۇ كۆلكىسىنى توختۇتۇپ شۇنداق قاتتىق يىغلاشقا باشلىدىكى، ئۇنىڭ پىغانىنى ئاڭلىسا، تاغ تاقەت قىلالماي، تاشمۇ ئېرىپ كەتكەن بولار ئىدى ... چوكان بولسا بارغانسېرى شۇنچە ئۆكسۈپ ۋە ئەزۋەلەپ يىغلايتتىكى، گويا يۈرەك باغرى ئېزىلىپ، كوز ياشلىرى قانغا ئايلىنىپ، بۇ قان- ياشلار ئېرىقنىڭ سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇلۇق بىر غەزەپلەر تاشقىنىنى ھاسىل قىلىپ، بۇ غەزەپلەر تاشقىنى يولنىڭ توپىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ شۇ قاملاشقان يىگىتنىمۇ بىللە ئاققۇزۇپ كىتىدىغاندەك بىلىنەتتى " دەپ يازىدۇ. بۇ يەردىكى قىسقا، ئىخچام تەسۋىرى جۈملىلەر بىلەن ھېكايىنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژلىرى گۈلنەزەر، ئىمام مەھەممەت ۋە " مەن " دىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىتتىكى ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان روھى ھالىتى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى ناھايىتى رۇشەن ئېچىپ كورسۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يازغۇچىنىڭ پوزىتسىيىسىمۇ ئىپادىلەنگەن. يازغۇچى " قەشقەر گۈزىلى " گۈلنەزەر ئۈستىدە توختالغاندا، "ھالبۇكى يەنە مەن ئۇنىڭ ھەققىگە سۆز سەنئىتىنىڭ ھەممە ھۈنەرلىرىنى ۋە رومانتىكىنىڭ ھەر قانداق رەڭدار بوياقلىرىنى ئايىماي ئىشلىتىپ، ھەر قانچە پەدازلىسام ۋە تەسۋىرلىسەممۇ مېنىڭ ئىشلىگەنلىرىم بۇ تەبىئى لەتاپەت ئالدىدا خۇددى تاۋارغا تاغاردىن ياماق سالغاندەك بىر نەرسە بولۇپ قالماسمۇ" دەپ يېزىپ، كوز ئالدىمىزدا ناھايىتى چىرايلىق ۋە گۈزەل بىر قىزنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. بۇ يەردە يازغۇچى تىلىنىڭ ئېنىقلىغى، ئىخچاملىغى، توغرىلىغى، ئۇنىڭ تاۋلانغان خەلق تىلى بولۇشى ھەققەتەن كىتاپخانلارنىڭ قەلب تارىنى چېكىپ ئۆتمەي قالمايدۇ، بۇ يەردە تىل شۇ قەدەر ئېنىق، ئىخچام قوللىنىلغانكى، ئۇنىڭدىن بىر سۆزنى ئېلىپ تاشلاشقا ياكى قوشۇشقا بولمايدۇ. يولداش چېرنىشېۋسكى تىل ھەققىدە توختۇلۇپ: " بەدىئىلىك ھەر بىر سۆز- جۈملىلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ زورۇرلىگى، كەم بولسا بولماسلىغىدىن ئىبارەت. ئىمكان قەدەر ئاز سۆز ئىشلىتىش كېرەك. ئىخچام بولمايدىكەن، بەدىئىلىك بولمايدۇ ... پېرسوناژنىڭ قىياپىتىنى بەش ياكى ئون بەت بىلەن تەسۋىرلىگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلسە، بۇ ئەڭ قابىلىيەتسىز رومانتىسىنىڭ قىلغان ئىشى بولىدۇ. ئۇنداق بولماي پەقەت بەش قۇر سۆز بىلەن كىتاپخانلار تەسەۋۋۇرىدا بىر ئەر شەيئىگە نىسبەتەن ئوخشاش پۈتۈنلۈك تەسىراتى پەيدا قىلالىساڭ، سەن

ئاندىن سەنئەتچى بولالايەن « دىگەن ئىدى . ( « ئەدەبىيات نەزىرىيەسىنىڭ ئوچېركلىرى»،
275 .. 276 .. بەتلەر ) يولداش تۇردى سامساق « قەشقەر گۈزىلى » ھىكايىسىدا بۇ تەلەپنىڭ ھود-
دىسىدىن تولۇق چىقالىغان.

يازغۇچى تىلىنىڭ ئېنىق ، ئىخچام ، توغرا ، چۈشىنىشلىك ، جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشى ئۇ -
چۈن، ئەدەبىياتنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلاردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلانغان ھەم بۇئار-
قىلىق ئوبرازلارنى بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا خۇددى ھازىر بىز كورۇپ تۇرغاندەك جانلىق سىزىپ بە-
رەلىگەن . ھىكايىنىڭ 3 .. قىسمىدا يازغۇچى ھىلقى جادۇگەردەك يامان ، كاززاپ خوتۇن ئوبرازىنى
يارىتىشتا، ئۇنىڭ سوز قىلغان ۋاقتىدىكى ھەركىتىنى تەسۋىرىنى توغرا تەسۋىرلەش ئارقىلىقلا ، ئۇ
خوتۇننىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى مۇكەممەل ياراتقان : « خوتۇن خۇددى ھارۋىنى ئىلىپ قاچقان يا -
مان بايتالدەك سوزنى ئۈززۈندىن ئايلاندۇرۇپ ئەپكىلىپ ئايغىنى 'چىشىگىنىڭ بارىدا گوش يەۋال،
دەپتىكەن ھىم...ھىم ... ھىم بىلەن تۈگەتتى». بۇ جۈملە بىلەن يازغۇچى بۇ خوتۇننىڭ سوز قىلغان
ۋاقتىدىكى ئۈستىلىغىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پۈتىۈن روھى دونياسىنى رەزىل- ئىپ-
لاس ، پەسكەش قىياپىتىنىمۇ ئېچىپ بەرگەن . بۇ يەردە ئارتۇقچە سوزلەپ ئولتۇرمىسىمۇ، «ھارۋىنى
ئېلىپ قاچقان يامان بايتالدەك » دىگەن بۇ ئوخشۇتۇش بىلەن كىتاپخانلارنى ئۇ خوتۇن ھەققىدە
ئېنىق بىر ئۇقۇمغا ئىگە قىلغان . ھىكايىنىڭ 4 .. قىسمىدا ئىمام مەھەممەتنىڭ گۈزەل جانان بى-
لەن كورۈشكەن ۋاقتىدىكى روھى ھالىتىنى « بۇ چاغدا ياش ئۈستىنىڭ ئالدىدىكى چوقاغا سېلىنغان
ئالتۇنىمۇ تېخى قايناپ قىيامىغا يەتمەستىنلا شۇررىدا ئېرىپ كەتكەندەك ۋە تامدىكى ئېسىغلىق
سايمانلارنىڭ ياقۇت كوزلىرىدىمۇ ۋاللىدا ئوت چاقناپ كەتكەندەك بولدى » دىگەن بىر جۈملە ئوخ-
شۇتۇش بىلەن ئېچىپ بەرگەن . بۇ بىر ئوخشۇتۇش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىمام مەھەممەتنىڭ
روھى ھالىتىنى ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ جاناننىڭ چىرايلىقلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن، ئۇنىڭدىن
كېيىن ئۇ « نازىنىن جانان» نىڭ كورۈنۈشىنى :

«بەلگۈ قىپ مەڭزىگە بىر مەڭ ياراتقان،
كوكسىنى كوڭلىدىنىمۇ كەڭ ياراتقان .
بويىنى يامان كوزدىن ساقلىسۇن دەپ،
چېچىنى تاپان بىلەن تەڭ ياراتقان »

دەپ يازىدۇ . مانا بۇ شېئىردىكى ئوخشۇتۇشلارنىڭ مۇۋاپىقلىغى ھەققەتەن كىشىنى قايىل
قىلىدۇ .

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇكى، ئاپتۇر ھىكايىدا تەسۋىرلىگەن پېرسوناژ تىلى
كىتاپ تىلى بولماستىن ، جانلىق خەلق تىلى بولۇشى كېرەك . شۇنداق بولغاندىلا ئەسەر تىلى مول
مەزمۇنلۇق ، جانلىق، كۈچلۈك بولىدۇ ھەمدە كىتاپخانلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ ؛ شۇنداق بولغان-
دىلا ھىكايىدا قانداق ئادەم بولسا شۇنداق سوزلەيدۇ ، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىغا ماس سوزلەيدۇ، ئۇ
سوزى بىلەن ئۆزىنىمۇ گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ . بۇ ھەقتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن خەلق تى-
لىنى ئۈگەنگەن ۋە ئۇنى ئوز ئەسىرىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغان . ھىكايىدا گۈلنەزەر ۋە ئىمام
مەھەممەتنىڭ دىئالوگلىرى تەسۋىرلەنگەندە، ئاپتۇر ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە تىل ئىشلەت -

كەن . مەسلەن : « ئىمام مەھەممەتمۇ ئۆز ئامرىغىنى ناھايىتى ئەتىۋالايتتى : « مېنىڭ گۈلۈم جا-
ماندا ھېچبىر ئوخشىشى يوق خۇشپۇراق گۈل دەيتتى .... » ، « گۈل مە، مانى ئال ،ا بەشكىرەمنىڭ
خۇۋەيىنىسى، شاخ مانتۇسى دېگەن مانا مۇشۇ ، قارىغىنا گۈل ، بۇ دۇنيادا پەقەت سەن ئۇچۇللا
يارالغانغا ئوخشايدۇ » ، « گۈل ... گۈل ... مەن بىر نىمە ئېلىپ كەلدىم . بۈگۈن يېڭى چىق-
قان ئىكەن ، كىشلەر باس - باس ئېلىۋېتىۋېتىپتىكەن ، مەنمۇ ساڭا بىر كىيىملىك ئالغاچ كەل-
دىم . قارىغىنا قانداق ئۈز ، قانداق سىپتا رەخت دەيتتى . گۈلنەزەر ئەركىلەپ سوزلەيتتى : « بى-
كار ئاپىسىز ئىمام ، قايسى كۈنكىنى تېخى تىكمىگەن تۇرسام ، يەنە بۈنىماڭا ئالغىچە ئۈزىڭىز شىملىق
ئالىسىڭىز بولماسمىدى ؟ ھېلىقى قارا شىمىڭىزنىڭ تىزى سۈزۈلۈپ قاپتىكەن، بۈنى بىكارغا ئاپسىز..»
مانا بۇ كىتاپ تىلى بولماستىن جانلىق ئادەملەرنىڭ تىلى . مۇھەببەتلىك ئەر - خوتۇنلارنىڭ يا-
كى يېڭىدىن تورمۇش قۇرغان قىز - يىگىتلەرنىڭ تىلىدۇر . ئوقۇغاندىن كېيىن جانلىقلىق ھىس قى-
لىمىز ياكى شۇ سوزنى ئۆزىمىز قىلىشقاندەك ھىس تۇيغۇدا بولىمىز . ئەندى ئاخىرىدىكى :

— تونىغاندەك نىمانچە قاراۋېرىدىغاندۇ ؟

— تونىسامۇ تونىغاندىمەن ، بۇ يەردە تۇرۇپ قاپلىغۇ ؟

— ھەئە ئۆزلىرىنى قاچان كىلىدىكىن دەپ ساقلاپ تۇرغىنىم ئىدى .

— ئۇنداق بولسا مانا مەن كەلدىمغۇ ؟

— كەلگەنلىرى تولىمۇ ياخشى بولدى ، جۇرسىلە.

— نەگە ؟

— نەگە بولاتتى ، بارسا كەلمەس يەرگە .

— ۋاي نىمانداق قورقۇتىلا ئادەمنى ؟ بارسام كىلەلمەمدىمەن ؟

— كىلەلمىسەك تۇرۇپ قالارمىز .

— كەچ بولۇپ كەتسىچۇ ؟

— كەچ بولۇپ كەتسە قونۇپ قالارمىز .

مانا بۇ ساختا مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويغانلارنىڭ قۇۋلۇق،ھىلە-مىكىر بىلەن قىلغان شىرىن
سوزلىرىدۇر.بۇسوزلەرنى ئوقۇغاندىمۇ خۇددى ئەنە شۇنداق ئادەملەرنى ئۆز كوزىمىز بىلەن كورگەن-
دەك ياكى ئاڭلىغاندەك ھىس قىلىمىز . سوھبەت بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقانسېرى ئايالنىڭ ئاۋازى
تېخىمۇ مەردانە ۋە كەسكىن چىقىدۇ . ئەر بولسا بارغانسېرى ۋىجداننىڭ ئازاۋىغا ئۇچراپ،تىلى كال-
ۋالىشىپ قالىدۇ . بۇ ئارقىلىق بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ جىددى پەيتتىكى كەسكىن ئېلىشىشى تىل
ئارقىلىق ناھايىتى رۇشەن ئىپادىلىنىدۇ .

— ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى بارمۇ ؟

— بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىغىدا .

— ئاتلىرى نىمىدى سىلىنىڭ ؟

— ئېتىمما ! ئېتىم تەلەيخان .

— تەلەيخان ... ۋاي ئەجەپمۇ ئاتلىرى ئۆزلىرىگە ئوخشاش چىرايلىق ئىكەن .

— ئېتىم تەلەيخان بولغان بىلەن ئۆزۈم بىتەلەيمەن .

يەنە شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا :

(ئاخىرى 126 - بەتتە)

# نۇرلۇق قەلب

( ئەدەبىي ئاخبارات )

لۇي پېيتيەن

1982 - يىل باش ياز ، قەدىمى شەھەر قەشقەرنىڭ سىرتىدىكى ئىنقىلاۋى قۇربانلار قەۋرىستانلىغىغا يەنە بىر قەۋرە قوشۇلدى .

قەۋرە ئالدىدا ، چىرايىنى قايغۇ- ھەسرەت قاپلىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئۇيغۇر كىشى بېلىگە ئاق بەلۋاغ باغلىغان 30 نەچچە كىشىنى باشلاپ كېلىپ سۈكۈتتە تۇرۇپ ماتەم تۇتماقتا ؛ يىراقتا ھەيۋەتلىك قوڭغۇر دۆۋسىنىڭ قارلىق چوققىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . يېقىنىدا قەۋرىسىنى ئۆز قوينىغا ئالغان قىزىل دەريا سۈيى ماتەم كۈيى ياڭرىتىپ شاقىراپ ئاقماقتا ، بوران گۈكىرىمەكتە ، كۆككە تاقاشقان سۆۋادان تېرەكلەر ، بولۇق ئۆسكەن قومۇشلار ئىڭغاڭلىماقتا ، شامالنىڭ كۈچىدىن ئادەممۇ مەزمۇت تۇرالماي قالىدۇ .

بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن ، ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ھەسرەت بىلەن مۇڭداق دىدى : " لاۋ شۈي ، بىزنىڭ ياخشى ئاكىمىز ! سىز ئۆمرىڭىزنى جاپا - مۇشەققەتتە ئۆتكۈزدىڭىز ، ئۇ ئالەمگە بەك بۇرۇن كەتتىڭىز ، سىزنىڭ قىزىل قەلبىڭىز تاكى سوقۇشتىن توختىغىچە پارلاق نۇر چېچىپ ، باشقىلارنىلا يورۇتۇپ ، باشقىلارغىلا كۆڭۈل بولۇپ كەلدى . لېكىن بىز يېڭىسارلىق ئۇيغۇرلار سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز ، سىزگە چىدىمايمىز ، سىزدىن ئايرىلالمايمىز ! ...... "

بۇ سۆزلەر كىشىلەرنىڭ قەلب ساداسىنى ئىپادىلىدى . ئۇلار قەلبىدىكى قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى باسالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى .

ئوتتۇرا ياشلىق بۇ كىشى - يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ، ناھىيىنىڭ ھاكىمى ھېبىت ساۋۇت ئىدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ، شىجائەتتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلار ، ساقال - بۇرۇتى ئاقارغان مويسىپىت دېھقانلار ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئالاقىچى خادىملىرى ، ئاشپەزلىرى بار ئىدى . ئۇلار 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزلىرى بىلەن بىللە كۈرەش قىلغان ، تۇرمۇش كەچۈرگەن پېشقەدەم ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى يولداش شۈي دىيەنۋېيگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن يىراق ئارىلىقتىن كېچىلەپ بۇ يەرگە كېلىشكەن .

قەۋرە ئالدىنى بولۇق ئۆسكەن خۇش پۇراق ئوت - چۆپلەر قاپلىغان ، ئىلگىرىكى ئىشلار كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە . قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەر بىر تامچە ياشقا سېغىنىش ، قاتتىق ئېچىنىش ، پۇشايمان قىلىش ، قايغۇرۇشتەك ھېسسىيات سىڭىپ كەتكەن .

بىر خەنزۇ كادىرنىڭ ئۆلۈپ كېتەشى نىمە ئۈچۈن قېرىنداش مىللەتتىن كېلىپ چىققان شۇنچە كوپ يولداشلارنىڭ قەلبىدە تەسىر قوزغايدۇ ؟ ......

1

30 يىلدىن بۇيان پارتىيىمىز ئەگرى- توقاي يوللارنى بېسىپ ئوتتى ، 30 يىلدىن بۇيان شۆي دېيەنۆبىي قېرىنداش مىللەت كادىر ۋە ئاممىسى بىلەن بوران - چاپقۇنلاردا بىللە بولدى .

1956 - يىلى كۈزدە يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئېگىز يەر يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلاڭ يۈز بەردى . شۇ چاغدا ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمەت بولۇمىنىڭ باشلىقلىغىنى ئۈستىگە ئالغان شۆي دېيەنۆبىي 10 نەپەر قېرىنداش مىللەت كادىرى ۋە ج . خ قىسىملىرىنى باشلاپ بېرىپ ، توپىلاڭنى بېسىقتۇردى . رايون باشلىغى يولداش ھېيت ساۋۇت بۇيرۇقىغا بىنائەن توپىلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئادەم سانى ، قوراللىرى ۋە توپىلاڭ كوتىرىش ۋاقتى قاتارلىقلارنى ئېنىق ئۇقۇپ ، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى تىز ۋە بىر پاي ئوق چىقارماي بېسىقتۇرۇشتا چوڭ خىزمەت كورسەتتى .

بىراق ، ئۇنىڭدىن 10 يىل كېيىن ئېلىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى»دا بىر ئوچۇم يامان نىيەتتىكى ئادەملەر يالغان ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقىپ : « ھېيت ساۋۇت توپىلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۇرگەن » دەپ توھمەت چاپلاپ ، ئۇنى ئەكسىلئىنقىلاپچى قىلىپ قويۇش كويىدا بولدى . ھەشەش دىگىچە بۇ گەپ ھەممە يەرگە تاراپ ، پۈتۈن ناھىيىنى مىش - مىش گەپلەر قاپلاپ كەتتى . ئەشۇ « قانچە سول بولسا شۇنچە ئىنقىلاۋى بولىدۇ » دەپ قارايدىغان چاغلاردا ، ھەقىقى ئەھۋالدىن خەۋىرى بار يولداشلارمۇ ھەقىقى ئەھۋالنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ، ھەتتا ئايرىم كىشىلەر باشقىلارنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى ئارقىسىدا ، ئوز ۋىژدانىغا خىلاپ ھالدا يالغان گەپ قىلدى . بۇ چاغلاردا شۆي دېيەنۆبىيمۇ يېڭىسار ناھىيىسى بويىچە كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ئەڭ چوڭ ھوقۇقدار دەپ قارىلىپ ، نازارەت ئاستىدا تۇراتتى . لېكىن ئۇ جەمىيەتتىكى گەپ - سوزلەرنىڭ بېسىمىغا قەتئى تاقابىل تۇرۇپ ، توھمەتچىلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشتى .

1968 - يىلى كۈز پەسلىنىڭ بىر ئاخشىمى « مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى » شۆي دېيەنۆبىينى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئابزاس ئۇزۇندە ئوقۇپ بەردى ، دەسلەپتىلا :

— شۆي دېيەنۆبىي ، ھېيتنىڭ توپىلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۇرگەن جىنايىتىنى ئەيەنەن تاپشۇر ! -دىدى.

— يولداش ھېيت توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشتا خىزمەت كورسەتكەن ، ئۇنىڭ توپىلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۇرگەنلىگىدىن خەۋىرىم يوق .

— ھېيتنىڭ توپىلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۇرگەنلىگىگە دائىر پاكىتلار تولۇق ! -- مەخسۇس ئەنزە خادىمى بىر تۇتام ماتېرىيالنى شۆي دېيەنۆبىينىڭ كوزىگە تەڭلەپ تەھدىت سالدى ، -- ئەجىبا، سەن « ئەكسىلئىنقىلاپچىنى قانات ئاستىغا ئالدى » دىگەن جىنايەتنىڭ ئۈستىڭگە ئارتىلىپ قېلىشىدىن قورقماسەن ؟

كوپ يىللاردىن بىرى ئۆزى بىلەن بىللە كۆرەش قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر سەپدىشىنىڭ مۇشۇنداق توھمەتكە قېلىنىۋاتقانلىقىنى كورگەن شۆي دېيەنۋېي غەزىۋىنى باسالماي قالدى . ئۇ قەتئى ھالدا :

— كومپارتىيە ئەزالىرى ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ ، ئولسىمۇ پۇشايمان قىلمايدۇ . مەن بۇ بىر مەزگىللىك سوز - چوچەكلەرگە باش ئەگىپ ، يالغان گەپ قىلالمايمەن . بىر ساپ نىيەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرى ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق ، - دىدى ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا مەخسۇس ئەنزە ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى .

راست گەپ قىلغانلىقى ئۇچۇن ، شۆي دېيەنۋېي « دىكتاتۇرا دۆيى » گە ئېۋەتىلىپ ، تېخىمۇ دەھشەتلىك تۇردە ئازاپلاندى .

سۇ قۇرۇلۇش ئىش ئورنىدا « ئەمگەك بىلەن ئوزگەرتىلىۋاتقان » ھېيت ساۋۇت ئوزىگە تونۇش بىر كىشىنىڭ يوغان تاشنى يۇدۇپ ئاران - ئاران چامداپ كىتىۋاتقانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت كورۇپ قالدى . « ھە ، شۇ بولمىسۇن يەنە ؟ ! »

— شۆي شۇجى ؟

ھېيت ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنلۇك توۋلاپ تاشلىدى . ئۇلارنىڭ دېيىشىدىغان سوزلىرى كوپ ئىدى . لېكىن « كۆزەتچى » بەك تىكىلىپ تۇرۇۋالغاچقا ، كوز ئىشارىسى بىلەنلا بىر - بىرىگە ئىلھام بىرىشەتتى . قاتتىق قار ياققان بىر كېچىسى « كۆزەتچى » ئويگە كىرىۋېلىپ ئوتىقا قاخلىنىپ ئولتۇرغاچقا ، ئۇلار ئاخىر ئاقىۋەت ئايرىم ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى .

غۇۋا جىن چىراقنىڭ يورۇقىدا ھېيتنىڭ كوزىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياشىنى كورگىلى بولاتتى . ئۇ قايغۇ ئىچىدە :

— شۆي شۇجى ، سىز مېنىڭ ئىشىمغا چېتىلىپ قالدىڭىز ، مەن تولىمۇ بىئارام بولىۋاتىمەن . ھازىر قارا بۇلۇتلار كۇننىڭ يۇزىنى توسىۋالدى ، بىر ئەمەس، يۇز ئېغىزىڭىز بولسىمۇ، ئۇلارغا بىر نىمە دەپ چۇشەندۇرگىلى بولمايدۇ . مەن بەرىبىر تۇگەشتىم ، سىز ئۇلارنىڭ دىگىنى بويىچە ئىقرار قىلىۋېرىڭ ، - دىدى .

شۆي دېيەنۋېي بېشىنى چايقاپ ، تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دىدى :

— ھېيتاخۇن ، سىز ماڭا ئۇگىتىپ قويغان: «سۇ كىتىپ تاش قالىدۇ ، ئوسما كېتىپ قاش» دىگەن سوز ھازىرغىچە ئېسىمدە . بىز پارتىيىنىڭ بەرىبىر ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزدەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز ، سىز ۋە مەن مۇنداق قارا كۇچلار ئالدىدا تىز پۇكمەسلىكىمىز، جەزمەن بەرداشلىق بېرىشىمىز كېرەك.

— ئۇنداقتا ...... ئۇلار سىزنىڭ ئەدىۋىڭىزنى بېرىپ، جېنىڭىزنى ئېلىشى مۇمكىن ... - دىدى ھېيت ساۋۇت پىشقەدەم سەپدىشىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئەنسىرىگەن ھالدا .

— ئۇلار مېنى ئولتۇرەلەيدۇ . مەن بۇنىڭغا تەييارلىق كورۇپ قويدۇم . ئەدىۋىمنى بېرىپ ئولتۇرۇۋەتسىمۇ، ھەرگىز ۋىجدانسىزلىق قىلمايمەن .

1971-يىلى شۆي دېيەنۋېي يېڭىۋاشتىن خىزمەت قىلدى . ئۇ ناھىيىلىك ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى . قاتمۇ - قات توسقۇنلۇق ئالدىدا ئۇ ئوز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ، كادىرلارنى ئازات قىلىش خىزمىتىنى پائال ئالغا سۇردى . دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىدا، ئۇ

ھېيت ساۋۇتنىڭ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىپادىسىنى تەپسىلى بايان قىلىپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ:

— ھېيت ساۋۇتقا مەن كېپىللىك قىلىمەن... ئۇ مەيدانى مۇستەھكەم ياخشى يولداش، ئەگەر مەسىلە بولۇپ قالسا، تامامەن مەن مەسئۇل، — دېدى.

ھېيت ساۋۇتنىڭ ناھەق ئەنزىسى ئېنىقلىنىپ، يېڭىۋاشتىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ھاياجان بىلەن:

— بوران ھەر قانچە قاتتىق چىققان بىلەن ئۇ تاغنى مىدىرلىتالمايدۇ، قار ھەر قانچە كۆپ ياققان بىلەن ئۇ ئاسمانغا تاقاشمايدۇ، جىن-شەيتانلار ھەر قانچە ۋەھشى بولغىنى بىلەن لاۋ-شۈينى سەپداشلىرىنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈشكە مەجبۇر قىلالمايدۇ، — دېدى.

60-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى "4 نى ئېنىقلاش" ھەركىتى زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ئازار بەرگەن ئىدى. ناھىيە بويىچە 38 پىرسەنت دادۈي كادىرى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. شۈي دېيەنۋېي بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئىنچىكە ھالدا ئوخشىمىغان پەكىردە بولۇپ كەلدى. ئۇ داڭلىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى تالىپ داۋۇتنىڭ "بۇزۇق ئۇنسۇر" قىلىپ قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خىيىم-خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، دەرھال خىزمەت دۈيىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئادالەت يولىدا ھەق گەپ قىلدى:

— مەن تالىپ داۋۇتنى چۈشىنىمەن، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇزۇق ئۇنسۇر ئەمەس، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەيدىغان ياخشى كادىر. سىلەر ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئەدىۋىنى بەرسەڭلار، نىشان خاتا بولىدۇ.

بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۆز ۋاقتىدا يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ تالىپ داۋۇتنىڭ ناھەق ئەنزىسىنى تېزدىن تۈزەتتى.

ياۋاغ دادۈينىڭ ياچېيكا سېكرېتارى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى ھۇسىيىن ھەسەن كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار قىلىپ قويۇلۇپ، دەرت-ئەلەم ئىچىدە بەختكە قارشى ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ، شۈي دېيەنۋېي بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ياۋاققا بېرىپ، جەسەت ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ماتەم تۇتۇپ، كوز يېشى قىلىدۇ. يىغلاپ ئۈنى پۈتۈپ كېتىدۇ. شۈي دېيەنۋېينىڭ بۇ ھەركىتى ياۋاغ خەلقىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ، لېكىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەر بوھتان چاپلاپ:

— كۈرەش قىلىنىۋاتقان بىر ئوبيېكتىنىڭ جەسىدى ئالدىدا كوز يېشى قىلىش قانداق ھېسسىيات؟ — دېگەندە، شۈي دېيەنۋېي دەرغەزەپ بولۇپ:

— بۇ ئادەمنىڭ ھېسسىياتى! — دەيدۇ.

مەلۇم بىر يىلى باش ياز پەيتىدە شىددەتلىك بوران ۋە مولدۇر لومپا گۇڭشېنىڭ ئەڭ يىراق دادۈيى — ئاتۇشباغ دادۈينى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. دادۈينىڭ 400 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسىنى مولدۇر سوقۇپ تەييار گوشلا قىلىپ قويىدۇ. ئەمدىلا باش چىقىرىۋاتقان 1400 مو بۇغداينىڭ بېشىنى، تىزغا چىققىدەك ئۆسكەن كوممە قوناقلارنىڭ ياپرىقىنى پۈتۈنلەي ئورۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر يىللىق ئەمگەك مېۋىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق قىيىنچىلىق پەيتىدە، شۈي دېيەنۋېي يول ئازاۋىغا قارىماي خىزمەت گورۇپپىسىنى باشلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كە-

لىدۇ. كادىرلار، گۇڭشې ئەزالىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ ھۆكىرەپ يىغلىغاندا، شۈيدىيەنۋېينىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ئېچىشىدۇ. ئۇ ماڭغاچ كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ. ئۇ: « مۇنداق ئەڭ قىيىن ۋاقىتتا ئاممىنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ھېسداشلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان ئىشەنچ » دىگەنلەرنى ئويلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كادىرلارنى باشلاپ ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ، ئاممىنى يوقلايدۇ. قۇتقۇزۇش ئەشيالىرىنى تارقىتىدۇ. بىر قىرغىز موماي ئىشىك ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى. شۈي دىيەنۋېي دەرھال مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مومايىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

—ئانا نىمە بولدىڭىز؟- دەپ سورايدۇ. موماي پۈتۈن زېھنى بىلەن شۈيدىيەنۋېيغا يىنىشلاپ - يىنىشلاپ قاراپ، بىر ئېغىز گەپ قىلماي، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقان پېتى ھويلىسىغا ئەكىرىدۇ - دە، ئۆيىنى كۆرسىتىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئەسلىدە بوران ئۇنىڭ ئۆيىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن بولۇپ، 4 تېمىلا قالغان،جەگە، ۋاسىلار، كاكۇل لايلار ئۆيىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن. شۈي دىيەنۋېي مومايغا:

— ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆيىڭىزنى ھازىرلا يېپىپ بېرىمىز،- دەيدۇ - دە، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار ۋە دۈي كادىرلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، كەچ كىرگىچە ئۆيىنى يېپىپ بولىدۇ. موماي ئۆيگە كىرىپ، جىن چىراقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ قايتا - قايتا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن مەمنۇنىيەت بىلەن:

— جاخشى، جاخشى!- دەيدۇ.

بۇ كۈنى شۈي دىيەنۋېي ئەتىگەن يېزىغا كەلگەندىن تارتىپ تا كەچ كىرگىچە ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، يا بىر ئوتلام سۇ ئىچمىدى، يا بىر قوشۇق تاماق يىمىدى. كەچ كىرگەندە قوساقلىرى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن شۈي دىيەنۋېي ئېغىر قەدەم تاشلاپ دادۈيگە قايتىپ كەلدى. دۈي كادىرلىرى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا پۇقراپ ھور چىقىپ تۇرغان قوي گۆشى باسقان بىر قاچا پولو كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ ئاددى-ساددى،مۇلايىم ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ چىرايى باشقىچە تۈس ئالدى. ئۇ جىددى قىلىپ:

— بۇ گۈرۈچ بىلەن گۆش نەدىن كەلگەن؟- دەپ سورىدى.

— گۈرۈچ دادۈينىڭ، گۆش بولسا، مولدۇر سوقۇۋېتىپ ئۆلەي دەپ قالغان قوي ئىكەن، شۇنى ئۆلتۈرگەن ئىدۇق...— دىدى دۈي كادىرى خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا.

— يولداش- شۈي دىيەنۋېي مەنىلىك قىلىپ دىدى،- ئاپەت مۇشۇنداق ئېغىر تۇرسا، ئامما مۇشۇنداق قىيىنلىۋاتسا، بۇ تاماق كىلىمىزدىن قانداق ئۆتىدۇ، بۇ تاماقنى باللارغا تارقىتىپ بېرىڭلار، بىزگە زاغرا بولسىمۇ بولىدۇ.

دۈي كادىرلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەم خىجىل بولدى، ھەم تەسىرلەندى. پولۇنى ئۇششاق بالىلىرى بار 20 نەچچە ئائىلىگە ئاپىرىپ تارقىتىپ بەردى. نۇرغۇن ئامما بۇ پولۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىكى سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇلار بۇنىڭ ئاددى پولۇلا ئەمەس، بەلكى پارتىيىنىڭ ئىللىقلىقى، خەنزۇ قېرىنداشلىرىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

## 2

قېرىنداش مىللەتتىن كېلىپ چىققان يولداشلار ھەممىشە ئۇنى مۇنداق ماختىشىدۇ: «ئۇ ھېرىپ-
چارچاشنى بىلمەيدىغان ئىشچى ھەرنگە ئوخشاش باش چوكۇرۇپ جاپالىق ئىشلەيدۇ. تېرىشىپ لەز-
زەتلىك تۇرمۇش يارىتىدۇ، لېكىن ئۆزى بۇنىڭدىن لەززەتلەنمەيدۇ».

بوزغۇن 15 - دادۈي— ئۇ ناھىيىدىكى بىر نەچچە بولۇم دەرىجىلىك كادىر ۋە شۇدۈيدىكى كا-
دىر، ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئورتاق قۇرۇپ چىققان «5 تە ياخشى» يېزىنىڭ ئۈلگىسى. مۇشۇنداق
بىر دادۈينى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئۇ، قانچىلىغان كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزگەندۇ، قانچىلىك تەر
ئاققۇزغاندۇ - ھە! لېكىن بوزغۇننىڭ نامى چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە تەمەننا قويمىدى، ئىسمىنى
ئاشكارىلىمىدى، بوزغۇنغا ئالاقىدار بارلىق ماتېرىياللاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئىشلىگەن خىزمە-
تىنى تىلغا ئېلىشنى قاتتىق چەكلىدى. قېرىنداش مىللەتتىن بولغان ئاساسى قاتلام كادىرلىرى ۋە
ئاممىسىنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىغان روھىنى گەۋدىلىك قىلىپ يازدى؛ يىغىنغا قات-
نىشىشقا، تەقدىرلىنىشكە مىللى يولداشلارنى چىقاردى. ئۇ خىزمىتى نەتىجىلىك بولغان بەزى خەنزۇ كادىر-
لارغا ھەممىشە مۇنداق دەيتتى: «بىز نامىسىز قەھرىمان بولۇش كەيپىياتىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. قې-
رىنداش مىللەتتىن بولغان يولداشلار كۆپرەك ئوتتۇرىغا چىقسۇن، كۆپرەك نەرسىلەردىن خەۋەردار
بولسۇن، كۆپرەك چېنىقسۇن، قابىلىيىتىنى ئاشۇرسۇن.»

شۇ يىلى كۈز مول ھوسۇل خوشاللىقىغا چۆمگەن بوزغۇنلۇقلار مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش
يىغىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى. گۇڭشې ئەزالىرى بىردەك: - شۇي دېيەنۋېينى يىغىنغا چو-
قۇم تەكلىپ قىلىش لازىم» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. كىشىلەر ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ
كۆڭۈل ئۇستۇرۇشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ جاپالىق خىزمىتىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن،
گۇڭشې ئەزالىرى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىشقا ئىككى تەشتەك سوگەتگۈل تەييارلاپ قويغان. شۇي دېيەنۋېي
بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقان ئىدى. مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش يىغىنى باشلان-
غاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇشتۇمتۇت پارتكوم سېكرېتارىنىڭ يوقلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. دادۈي ياچېي-
كا سېكرېتارى تالىپ داۋۇت ۋەلسىپىتىنى مىنىپ چىقىپ ئۇنى ئىزدەيدۇ، ئاخىرى كەنتنىڭ چېتىدىكى
جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئىزدەپ تاپىدۇ. شۇي دېيەنۋېي سوگەت گۇڭشېنىڭ بىر نەچچە ياچېيكا
سېكرېتارىنى باشلاپ يۇرۇپ بوزغۇننىڭ سالا ئېتىز، ئورمان بەلۋېغىنى كۆرسىتىپ، قول ئىشارىتى ئار-
قىلىق بىر نىمىلەرنى دەۋاتاتتى. تالىپ داۋۇت ئاغرىنغان قىياپەتتە:

— شۇي شۇجى، بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىسىز؟- دېگەن ئىدى، شۇي دېيەنۋېي كۈلۈپ
تۇرۇپ:

— مەن بۇ يەردە سىزگە بىر نەچچە قارشى تەرەپ پەيدا قىلىۋاتىمەن،- دېدى.

تالىپ داۋۇت بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتكىچە، ئۇ 3 نەپەر ياچېيكا سېكرېتارىغا مۇنداق دېدى:

— سىلەرنى پەقەت بىرلا جىلغا ئايرىپ تۇرىدۇ، ھازىر بىرىنچى بوزغۇن بارلىققا كەلدى، ئەمە-
دى كىمنىڭ 2 - ۋە 3 - بوزغۇننى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا قارايمىز، سىلەر تالىپ داۋۇت بى-
لەن مۇسابىقىلىشىشقا جۈرئەت قىلامسىلەر، كىمنىڭ نوچى ئىكەنلىكىنى ئاخىرىدا كۆرىمىز.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. كوپچىلىك چوڭقۇر ئويغا چۆكتى. ئۇلار بوزغۇنغا

قايتىپ بارغاندا، مـول ھوسۇلنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاللىقاچان ئېچىلىپ بولغان ئىدى. پىشقە -
دەم باغۋەن قاسىم ئاخۇن ئىككى تەشتەك گۈلنى كورسىتىپ تۇرۇپ، شۋي ديەنۆبىگە كايىدى:
ــ سىز نەگە كەتتىڭىز؟ مەن سىزگە گۇل تەقدىم قىلىمەن دەپ تېخىچە ساقلاپ تۇردۇم!
شۋي ديەنۆبي قىش- ياز ياپ - يېشىل تۇرىدىغان بۇ ئىككى تەشتەك سوگەت گۈلنى كـورۇپ،
خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزىگە بىلدۈرگەن ئىشەنچىسىنى چۈشەندى. لېكىن يەنە بۇ يەردە ياشاۋاتقان ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزىنى تەربىيىلىگەنلىكىنى ، لېكىن ئۇزىنىڭ خەلققە بەرگەنلىرىنىڭ تولىمۇ يە-
تەرسىزلىكىنى ئويلىدى. ئۇ تالىپ داۋۇتنىڭ مۇرىسىنى قېقىپ تۇرۇپ، ھېلىقى كىشىگە:
ــ تاغا، گۈلنى بۇنىڭغا تەقدىم قىلىڭ، مانا بۇ كىشى بوزغۇننى گۈللەندۈرگەن ھەقىقى يـول-
داش!.- دىدى.
ساۋۇت ئابدۇللا جان تىكىپ ئىشلەيدىغان كادىر. ناھىيىلىك پارتكوم نامرات كوڭشېنىڭ قىيا-
پىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇنى شەرت-شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان سوگەت كوڭشېدىن يەرلىرى شور-
لۇشۇپ كەتكەن ساغان كوڭشېسىنىڭ مۇدىرلىقىغا يوتكەيدۇ. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، شۋي ديەن-
ۆبي ساۋۇتنى تېپىپ ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا:
ــ سىز يېڭى خىزمەت ئورنىغا بارغاندىن كېيىن، مۇنداق ئىككى نەرسىگە دىققەت قىلىڭ: بىرى،
ئاغزىدا دىگەننى ئەمىلىيەتتە قىلمىدىغان، چاقماقتەك ھەركەت قىلمىدىغان ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ،
ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ قىياپەتنى تېز ئۆزگەرتىش؛ يەنە بىرى، ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىپ، شۇجاي-
دىكى كادىر ۋە ئاممىغا كوپرەك تايىنىش ،- دىدى.
ساۋۇت خۇشخۇي، قارام ئىدى. نامرات كوڭشېنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتايىن ئالدىرايت-
تى، خىزمەتتە ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئالدىنقى بىر جۈملە سوزىنى ئېسىدە چىڭ ساقـلاپ،
خىزمەت ئورنىغا بېرىپلا كەسكىن ئىشلىدى. ئۇ سوگەت كوڭشېنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆزى بارغان جايدا
قوللىنىپ، بەزىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، سورتى ناچار تېرىق تېرىشىنى چەكلەپ،
سورتى بىر قەدەر ياخشى بولغان كوممە قوناق تېرىشنى يولغا قويدى. بۇ خىل كوممە قوناق شورلۇق
يەرگە ماس كەلمىگەنلىكتىن، پۈتۈن گوڭشې بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى توۋەنلەپ كەتتى. گوڭشې بو-
يىچە يۇقۇرىدىن-توۋەنگىچە ھەممە جايدا ساۋۇتقا تاپا- تەنە قىلىش سادىسى قاپلاپ كەتتى، ساۋۇتمۇ ئەلەم
چەكتى، گوڭشې رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى خەنزۇ كادىرلارمۇ ئۇنى تەنقىت قىلدى. بۇ ئۇنىڭ كاللىسى-
دىن تېخىمۇ ئوتمىدى. پارتكوم يىغىنىدا گەپ تەگمىشىپ قىلىپ يىغىن داۋاملىشالمىدى. شۋي ديەنۆبي
بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ساغان گوڭشېغا كەلدى، ئۇ گوڭشې پارتكوم يىغىنىدا:
ــ يولداش ساۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى توۋەن، ئۇزۇقلۇق قىلمىشقىمۇ ياخشى بولمىغان تېرىقنى شال-
لىۋېتىشتىكى مەقسىدى ياخشى. كەمچىلىكى- شۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان سورتنى تاللىمىغانلىقىدا.
بۇ مەسئۇلىيەتنى كىم ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك؟ مېنىڭچە، كوپچىلىك ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك.
ئالدى بىلەن مەن ئۈستۈمگە ئېلىشقا تېگىشلىك، ساۋۇت ساغانغا كېلىشتىن بۇرۇن، مەن ئۇنىڭغا يۇ-
قۇرى ھوسۇللۇق سورتلارنى تەجرىبە قىلىشنى ئېيتقان بولساممۇ، لېكىن ئېنىق ئېيتماي، ئۇنىڭ خاتا
ئىش قىلىپ قويۇشىغا سەۋەبچى بولدۇم. ساۋۇت ئاخۇنىلا تەنقىت قىلىش ئادىل بولمايدۇ،- دىدى.
شۋي ديەنۆبىنىڭ سەممى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گوڭشېدىكى خەنزۇ رەھبىرىي يولداش-
لار بەس - بەس بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت قىلدى. ساۋۇت تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزخا-

تالىغىنى تەكشۈردى. ساۋاقلار يەكۈنلەندى. ئىتتىپاقلىق يەنىمۇ كۈچەيدى. ساۋۇتنىڭ خىزمەتتىكى
غەيرىتى تېخىمۇ چوڭ بولدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ ئۆزى قېرىنداش ناھىيىلەردىن ئەلا سورتلۇق، يۇ-
قۇرى ھوسۇللۇق، شورغا چىدامىلىق بولغان كۆممە قوناقنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان سورتىنى ئەكىلىپ،
تېرىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، پۈتۈن گۇڭشېنى ئاشلىق مەھسۇلاتىنى زور ھەجىمدە ئاشۇرۇش ئىمكانى-
يىتىگە ئىگە قىلدى. يىل ئاخىرىدا ئېچىلغان قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىدا ساۋۇتنىڭ ئىسمى شە-
رەپ تاختىسىغا چىقتى. شۆي دىيەنۋېي ئۇنىڭغا قىزىل گۈل تاقىغان چاغدا، ئۇ ھاياجان بىلەن شۆي
دىيەنۋېينىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— تومۇر تۇمشۇق چوقۇپ قويغان قارا ياغاچ تېخىمۇ باراقسان بولۇپ كىتىدۇ، سىزنىڭ سەمى-
مى سوزلىرىڭىز مېنىڭ كېسەللىمنى ساقايتتى، بۇ گۈلنى سىزگە تاقاپ قويساق توغرا بولاتتى…… —
دىدى.

## 3

مەلۇم بىر يىلى قىش. ياشلار سۇ ئامبىرى ئىش ئورنىدا ئادەم ۋە ھارۋىلار مىغ - مىغ قى-
لاتتى. شۆيدىيەنۋېي ماگشىن گۇڭشېسى ياش زەربىدارلار دۈيىدىكى گۇڭشې ئەزالىرى بىلەن سوۋەت-
تە توپا توشۇۋاتاتتى. ئىش بەكمۇ قىزىپ كەتكەن. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇ بىر نەچچەنەپەر ئۇيى-
غۇر ياشنىڭ ئۇپچى تاماقنى يىمەي، بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ناننى يەپ ئول-
تۇرغانلىغىنى سىزىپ قالىدۇ. كېيىن ئۇقۇپ كورسە، ھەر قايسى ياش زەربىدارلار دۈيىدىكى مىللەتلار
بىلەن خەنزۇلارنىڭ تامىغىنى ئايرىمىغان ئىكەن، گەرچە تاماققا چوشقا گوشى ئىشلىتەلمەگەن بول-
سىمۇ، لېكىن بەزى مىللى يولداشلار يەنىلا ئادەتلىنىپ كىتەلمىگەن. پېكىر بېرىشنىمۇ بىئەپ كورۇپ،
ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ناننى يەپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ ئىش ئورنىنىڭ قوماندانلىغىنى ئۈستىگە
ئالغان ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى شياۋ ۋاڭنى ئىزدەپ تېپىپ سورايدۇ:

— نىمە ئۈچۈن مىللەتلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ تامىغىنى ئايرىم قىلمىدىڭلار؟

— ھەممەيلەن ياش تۇرسا، ئۇنچىۋالا كونىلىقنى ساقلاپ نىمە قىلىمدۇ!- شياۋ ۋاڭ بىپەرۋالىق
بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ.

— شياۋ ۋاڭ!- شۆي دىيەنۋېيمەنىلىك قىلىپ دەيدۇ،- مىللى رايوندا خىزمەت قىلىشتا، ھەر
ۋاقىت ئولچەمنى ئۇنتۇپ قالماسلىغىمىز لازىم، بۇ بولسىمۇ پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتى، ھەممە ئى-
شىمىزنى مۇشۇ ئولچەم بىلەن ئولچەپ بېقىشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئورپ - ئادىتىگە
ھورمەت قىلىش- كونىلىقنى ساقلىغانلىق بولمايدۇ.

شۆيدىيەنۋېينىڭ ھەيدەكچىلىگى بىلەن، كەچلىك تاماقتا ئاشخانا ئايرىلدى. ئاز سانلىق مىل-
لەت زەربىدارلار دۈيى ئەزالىرىنىڭ كوڭلى تېخىمۇ ئازادە بولدى. خەنزۇ ياشلارمۇ بۇنىڭدىن بىر قې-
تىملىق جانلىق مىللى سىياسەت تەربىيىسى ئالدى.

مەلۇم بىر يىلىيازدا يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا يوتكۈلۈپ كەلگەن
خېشۆجىئوچا گۇڭشېسىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەنچاغدا، يۇرتئىچىدە خېلىتەسىرىبار بىر دىنى زات
ئۇنى ئويىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. خې شۆجى مىللى ئورپ - ئادەتنى چۈ-
شەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، رەخمەت ئېيتىپ تەكلىپنى رەت قىلىدۇ. بۇ دىنى زات جامائەت ئالدىدا يۈ-

زۇم كەتتى دەپ قاراپ، خىجىللىقتىن ئۆزىنى ئۆزى بىر نەچچە كاچات ئۇرۇۋېتىپ، كەيپى ئۇچقان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېتىدۇ. بىر نەچچە كۈنگىچە تالا ـ تۈزگىمۇ چىقمايدۇ.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى شۆي دېيەنۋبىيبۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ مەسئۇل يولداش بىلەن كورۈشۈپ دەيدۇ:

ــ خېشۇجى، ئۇيغۇر خەلقىدە ئەنئەنىۋى مېھمان دوستلۇق ئادىتى بار. ئۇلارنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلسىڭىز، ياراتمىدىمىكىن دەپ قالىدۇ......

ــ ئاپلا!ـ خې شۇجى بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. پۇشايمان قىلغان ھالدا، چېكىسىنى تۇتۇپ، مەن ھەققەتەن بۇ نەرسىلەرنى بىلمەيدىكەنمەن، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇ ئىشنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش چارىسىنى قىلغىلى بولامدۇ ـ يوق دەپ سورايدۇ.

ــ چارە بار،ـ دەيدۇ شۆي دېيەنۋبىيئاللىقاچان كوڭلىدە دىتلاپ قويغان بىر ئىش باردەك، ـ قۇربان ھېيت بولاي دەپ قالدى، بۇ خۇددى بىزنىڭ چاغانىغا ئوخشاش ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى، مېنىڭچە شۇ چاغدا ئىككىمىز ئالايىتەن بېرىپ پەتە ئوقۇپ كەلسەك، ئۇ ئىشنىڭ تەسىرىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى پەتىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، شۆي دېيەنۋبىي خې شۇجىغا دىنىي زاتلارنىڭ ئۆيىگە پەتە ئوقۇشتىكى قائىدە ـ يوسۇنىنى ئۆگەتتى. ئىككى كىشى ئىشخانىدا كوپ قېتىم " مانۋىر " ئوتكۈزدى.

قۇربان ھېيت كۈنى شۆي دېيەنۋبىيخې شۇجىغا ھەمرا بولۇپ بۇ دىنىيزاتنىڭ ئۆيىگە باردى. ئىككەيلەن ئىشىكتىن كىرىپلا ئىگىلىپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھېيتلىرى مۇبارەك بولسۇن!ـ دەپ سالام قىلدى. ئاندىن مېھمانخانىغا كىرىپ، كورپە سېلىنغان سۇپىغا چىقىپ چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. بۇ دىنىي زاتمۇ بۇ ئەھۋالنى كورۈپ، خوشاللىقىدىن ئالمان ـ تالمان داسقان سېلىپ، مەزە كەلتۈردى. ئۇلار داسقاننى چورىدەپ ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن مەزىگە ئېغىز تەگسە، يەنە بىر تەرەپتىن سەممىي پاراڭلاشتى. شات ـ خورام كۈلكە ئاۋازىغا دۇتارنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ ئىتتىپاقلىق بەختىيار كۈيى تەنتەنە قىلدى......

ئۇلار ئۇزاپ چىقار چاغدا، ھېلىقى دىنىيزات ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بۇ ئىككىنەپەر مەسئۇلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــسىلەرنىڭ مېنىيوقلاپكەلگەنىڭلار ئۈچۈن چىن قەلبىمدىن مىننەتدارمەن. مەن چوقۇمىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىق كۈچۈمنى سەرپ قىلىمەن،ـ دىدى.

4

1940 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ يالقۇنى تەيخاڭشەن رايوننى قاپلىغان چاغلاردا، 16 ياشلىق شۆي دېيەنۋبىيتۋلۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇنغا قاتنىشىدۇ.

ئۇ ئەسكەر بولۇپ، جەنۇپتىن شىمالغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىپ، 1949 - يىلى قوماندان ۋاڭ جېنغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، قەشقەرگە كېلىدۇ. چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ھەربى سەپتىكى كاماندىردىن يەرلىكتىكى كادىرغا ئۆزگىرىدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ رايكوم سېكرېتارى، ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋە مەمۇرى مەھكىمە يېزا ئىگىلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ نۇرىنى چېگرا رايون زېمىنىغا چېچىش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك روھ بىلەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، قېرىنداش مىللەت خەلقى بىلەن گۆش بىلەن قاندەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى.

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ توپلۇق رايونى بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ، ئۇ ناھىيىنىڭ ئەڭ ئايىغ ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەزەلدىنلا قۇرغاق - سۇ قىس ئىدى. ھەر يىلى ئەتىياز كىشىلەر قاپاقتا سۇ توشۇپ تېرىقچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئادەم ۋە ھايۋان ئېچىدىغان سۇمۇ ناھايىتى كەم ئىدى. بۇ يەردە سۇ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى " سۇ سىز ماكان " دەپ ئاتاشقان.

1950 - يىلى پارتىيە يولداش شۈي دېيەنۇبىنى بۇ جايغا رايكوم سېكرېتارى قىلىپ ئەۋەتتى. ئازات بولغان خەلق باي - بەگلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا جىددى مۇھتاج ئىدى. لېكىن قۇرغاقچىلىق يەرلەرنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇپ، باغ - ۋارانلارنى قۇرۇتۇپ، خەلققە نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىق تەھدىدىنى سالماقتا ئىدى. بۇ ئەھۋال يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كەلگەن شۈي دېيەنۇبىنىڭ كېچىلىدىن تاماق ئۆتكۈزمىدي، ئۇخلىيالمىدى. ئۇ بىر پېشقەدەم چارۋىچىنىڭ: " ئىلگىرى يەردە بىر نەچچە بۇلاقنىڭ سۈيى جاڭگالغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ " دېگىنىنى ئاڭلاپ، خۇددى كولومبو يېڭى قۇرۇغلۇقنى تاپقانغا ئوخشاش خوشال بولۇپ، دەرھال رايون باشلىقى ھېيت ساۋۇت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شەخسەن ئۆزى شۇ جايغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىدۇ. بىر يىل ئىچىدە ئىككى يىلەن توگىگە مىنىپ بەش قېتىم ئېگىز يەرگە بېرىپ، بۇلاقنىڭ ئەھۋالىنى تەل - توكۇس ئېنىقلاپ چىقىدۇ. دۆلەتنىڭ ياردىمى ئاستىدا، توپلۇق خەلقى ئىككى يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئاخىرى ئېگىز يەردىن سۇ ئەكىلىدىغان ئۆستەڭنى چېپىپ، 4 كۆپىقا يېقىن بۇلاق سۈيىنى " سۇسىز ماكان " غا باشلاپ كىرىدۇ.

شاقىراپ ئاققان سۇ قاغجىراپ كەتكەن يەرلەرنى سۇغاردى، ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا! مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قەلب تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشىنى ئويغاتتى. شۇنىڭ بىلەن « سۇسىز ماكان » دىكى خەلق غەم - غۇسسىدىن خالاس بولۇپ، غەيرىتى قوزغالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ تىرىشىپ ئىشلەپ، قاقاسلىقنى دەل - دەرەخلىرى باراخسان، ئاشلىقى مول بولغان، قوي - كالىلىرى ئاۋۇغان بوستانلىققا ئايلاندۇردى. بۇ يەردىكى خەلق ھامان بەختلىك تۇرمۇشنى سۇ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ، سۇنى ئېغىزغا ئالغان ھامان، ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ كەلگەن پېشقەدەم سېكرېتارنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

بوزغۇن دادۇيدە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، شۈي دېيەنۇبى ئابلا ياقۇپ دېگەن بىر گۆڭشې ئەزا-

سى بىلەن تونۇشقان، بۇ ئادەم كونا جەمئىيەتتە بايلارنىڭ دەستىدىن ياقا - يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەرگەردانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئازات بولغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، دادۈي تەرىپىدىن باققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان، ئۇ 50 نەچچە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا بويتاق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن شۆي دېيەنۇبېي ھەمىشە ئۇنىڭ كىچىككىنە كەپىسىگە بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار دوست بولۇپ قالىدۇ. بىر قېتىم ئىككەيلەن باغدا ئوت ئوتاۋېتىپ، شۆي دېيەنۇبېي ئاستا سورايدۇ:

— ئابلاكا، سىز نېمە ئۈچۈن ئۆيلەنمەيسىز؟

ئابلا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىققىنە كۈلۈپ، ئۆزىنىڭ كەپىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەيدۇ:

— تورغايلار ئېگىز ئاققا قاراپ ئۇچىدۇ، تۈزمۇ پايساندازغا قونىدۇ. مېنىڭ ھەممە مۈلكىم 50 يۈەنگە ئەرزىمەيدۇ. كىم مەندەك يالاڭتۆش بىلەن ئۆي تۇتىدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن شۆي دېيەنۇبېي بۇ ئىشنى ئېسىدە ساقلاپ، دۈي كادىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرى خوشنا دۈيدىن روزىخان دېگەن بىر ئايالنى تاپىدۇ، تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككەيلەن كۆرۈشۈپلا بىر - بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالىدۇ، كۈزدە توي قىلىشقا مەسلىھەتلىشىدۇ، كۈز كىرىشتىن بۇرۇن، دادۈي ئابلاغا 3 ئېغىز يېڭى ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، شۆي دېيەنۇبېي ئۆيىدىن 50 جىڭ ئۇن، 50 يۈەن پۇل ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئەكىلىپ بېرىدۇ ھەم قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ئاغا، پايساندازنى بۇرۇنراق تەييارلاپ قويۇڭ، تۈزنىڭ چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى!.. دەيدۇ.

ئابلا چاچ-ساقاللىرىغا بالدۇر ئاق كىرىپ كەتكەن ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن:

— سىز ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ غەمگۈزارىمىز، -دېگەن گەپنىلا دېيەلەيدۇ.

ھەق-ناھەق ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ، كىشىلەر روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئازابلانغان يىللاردا، شۆي دېيەنۇبېي يەنىلا قېرىنداش مىللەت خەلقىنىڭ دەرت-ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدى. ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن پۇرسەت بولسىلا ئېھتىياجلىقلارغا بېرىدىغان زىرائەتلەرنى كۆرەتتى، گەپلىشىشكە مۇمكىن بولغان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ئەقىل كۆرسىتەتتى. ئەگۈس گۇڭشې پارتكومىنىڭ سېكرېتارى يولداش لاۋجاڭ جاپا چېكىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، يەنە پىپەن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىش كاللىسىدىن ئۆتمەي، بۇ يەردىكى ئىشنى تاشلىۋېتىپ، ناھىيىگە قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. شۆي دېيەنۇبېي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

—لاۋجاڭ! ھازىر ھەممە يەردە ئىنقىلاپ قىلىمىز دەپ ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتمايۋاتىدۇ. دۆلەت ۋە كوللېكتىپ زىيانغا ئۇچراۋاتىدۇ. بىراق، بىۋاستە زىيان تارتىدىغانلار يەنىلا كەڭ قېرىنداش مىللەت ئاممىسى، كۆزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئۇلار نېمە يەيدۇ! سىز ئازار يېگەن بولسىڭىز، كاللىڭىزدىن ئۆتمىگەن بولسا، چۈشۈنۈشكە بولىدۇ، لېكىن خىزمەت قىلماسلىققا بولمايدۇ. قېرىنداش مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ئويلاش كېرەك، بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، قېرىنداش مىللەت خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك، - دەيدۇ. بۇ گەپ لاۋجاڭنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇ يەنە گۇڭشېغا قايتىپ كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتىدۇ.

ئىككىنچى يىلى بىرىنچى ئايدا، ناھىيىگە يېقىن بىر نەچچە گۇڭشېدا ئاشلىق يېتىشمەي

قەھەتچىلىك بولۇپ، كوپ ساندىكى گۆڭشې ئەزالىرى خالتىلىرىنى كوتىرۇپ گۆڭشې، دادۈيلەرگە بېرىپ، يىغلاپ ئاشلىق تەلەپ قىلىدۇ . . .

بۇ خىل ئەھۋالنى كورۇپ، شۆي دېيەنۆبىنى غەم باسىدۇ. لېكىن ئۇ چارە قىلالمايدۇ. شۇ چاغدا ئۇ پەقەت كوچا سۈپۈرۈش، ئوزىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يېزىش، پىيەن-كورەش قىلىنىشتىن ئىبارەت 3 ئىشنىلا قىلالايتتى. چولپان گۆڭشېدا 200 نەچچە مىڭ جىڭ ئاشلىق كەملىگەنلىكى، گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوت ئورنىغا يەپ كۈن ئوتكۈزۈۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چوكۈپ: «مەن كۈندۈزى ئىنقىلاپنىڭ ئوبيېكتى بولساممۇ، كەچلىك ۋاقىت يەنىلا ئوزەمنىڭ» دەپ ئويلايدۇ. شۇ كۈنى ئاخشام ئۇ ۋەلىسىپىت مىنىپ بىر نەچچە ئۇن چاقىرىم يول يۈرۈپ، زاپاس ئاشلىغى بار ئوچار گۆڭشېغا كېلىپ، ئوزىنىڭ تەسىرىگە تايىنىپ ئەتىسى 200 مىڭ جىڭ ئاشلىق يىغىدۇ. چۈشتىن كېيىن خاتىرجەم هالدا ناھىيىگە قايتىدۇ. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىگىلا، «گوزەتچى»نىڭ قاتتىق سوراق قىلىپ:

— شۆي دېيەنۆبي، سەن يوۋاشلىق بىلەن نازارەتنى قوبۇل قىلماي، يېزىغا بېرىپ كاپىتالىزىمنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالاقە باغلاپ كەلدىڭ، ئەتە چۈشتىن بۇرۇن ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ پىيەن-كورەش قىلىشنى قوبۇل قىل! - دەيدۇ.

گەرچە ئوزىگە پىيەن-كورەش قىلىنىشتەك بالا-قازا تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىغى كەملەيدىغان گۆڭشېدىكى بىر نەچچە ئونمىڭ دىخاننىڭ قىيىنچىلىغىنى ھەل قىلغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ چەكسىز خوشال ئىدى.

كەچ كىرگەندە لەپىلدەپ قار ياغقىلى تۇردى. شۆي دېيەنۆبي ئاستا ئويدىن چىقىپ، قارغا پىسەن قىلماي چولپان گۆڭشېغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئاشلىق مەسىلىسى مودىر باۋۇدۇننى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى، ئۇ ئىشخانىدىكى كارۋاتتا يېتىپ، ھىلى ئۇيان، ھىلى بۇيان ئورۇلەتتى، ئۇ ئامالسىز قالغان ئىدى. ئۈستى - بېشى ئاپپاق قار بولۇپ كەتكەن شۆي دېيەنۆبي ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى.

— باۋۇدۇن! - شۆي دېيەنۆبي ئۈستى بېشىدىكى قارنى قاققاچ دىدى: مەن سىزگە 200 مىڭ جىڭ ئاشلىق تەييارلاپ قويدۇم، ئەتىلا هارۋا ئاپىرىپ ئەكىلىۋېلىڭ……

— راستمۇ؟ - باۋۇدۇن خۇشاللىغىنى باسالماي، پىشقەدەم سېكرېتارنى قۇچاغلىدى، - بۇ بەك ياخشى بولدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ نەچچە ئونمىڭ ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزىدىغان ئاشلىقتە.

باۋۇدۇن شۆي دېيەنۆبىنى كارۋاتقا چىقىرىپ كەشىنى سالدۇرۇپ، ئۈستىگە يوتقان يېپىپ، كويۈنگەن هالدا:

— شۇنچە يىراق ئارىلىقتىن قانداق كەلدىڭىز؟ ماشىنىڭىزچۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، شۆي دېيەنۆبي قىزىقچىلىق قىلىپ:

بۇ كۈنلەردە ماشىنىلار ئىنقىلاپ ئۈچۈنلا ئىشلەيدۇ. ئەمدى يول يۈرۈشتە ئىككى پۇتىمىزغىلا تايىنىمىز، - دىدى.

باۋۇدۇننىڭ كوزلىرى ياش بىلەن نەمدەلدى. ئۇ شۆي دېيەنۆبيگە ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلق تۇرمۇشى دۈچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىنى سوزلەپ بەردى ھەم پىشقەدەم سېكرېتارنىڭ ئوزىگە

بەرگەن كۆرسەتمىلىرىنى ئاڭلىدى. قارىسا تاڭ ئاتاي دەپ قالغان، باۋۇدۇن دەرھال ئۆيىگە قايتىپ ئايالىنى ئويغىتىپ، پەشقەدەم سېكرېتار ئىشتىھا بىلەن ئىچىدىغان گۆلە سالغان سۇيۇقاش ئەتكۈزدى. ھور چىقىپ تۇرغان سۇيۇقاشنى كۆتۈرۈپ قېشىغا كەلسە، ئىشخانىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. خەنزۇچە يېزىقنى ئانچە - مۇنچە ئوقىيالايدىغان باۋۇدۇن جوزا ئۈستىدە ئىرماش - چىرماش ئىككى قۇر خەت يېزىلغان بىر باغاقچىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى:

" بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مېنى پەپەن - كۆرەش قىلىش يىغىنى ئېچىلماقچى، ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن ناھىيىگە قايتىپ بېرىشىمنى بۇيرىغان ئىدى. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئاشلىق يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن ماڭا بىر خەۋەر بېرىپ قويۇڭ"

باۋۇدۇن گۇڭشې دەرۋازىسىغىچە قوغلاپ چىقتى. ئاپپاق قاردا ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان ئادەم ئىزىدىن باشقا نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى ......

1972 - يىلى يازدا شۆي دىيەنۇبېي ئۇچا گۇڭشېدا گۇڭشې پارتكوم سېكرېتارلىرى قاتناشقان يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. تۈن كېچە بولغاندا، ئۈرۈمچى ھەربىي رايون مەلۇم قىسمىدىن شۆي دىيەنۇبېيگە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كېلىپ ئۇنىڭغا قايغۇلۇق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى: " قىسمىمىزدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئوغلىڭىز شۆي مىڭ كۆپچۈلۈك ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتقان چاغدا بەختكە قارشى قۇربان بولدى. سىزنىڭ دەرھال قىسمىمىزغا كېلىپ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورتاق بىر تەرەپ قىلىشىڭىزنى سورايمىز ...... "

شۆي دىيەنۇبېي گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ تېلېفون تىرۇبكىسىنى تۇتقان قولى تىترەيتتى، بىر پەستىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە قەتئىي ھالدا دېدى:

— بالامنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىئارام بولدۇم. لېكىن ئۇ ياخشى ئىش قىلىۋاتقان چاغدا قۇربان بوپتۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەربىيەم بىكار كەتمەپتۇ، مەن تەشكىلگە ئىشىنىمەن. ھەممىنى ئۆزۈڭلار ئورۇنلاشتۇرساڭلار.

ئاندىن كاتىۋىغا:

شۆي مىڭنىڭ ئىشىنى ئىككىمىز مەخپىي تۇتايلى، يىغىنىمىزغا تەسىر يەتكۈزمەيلى، - دېدى.

ئىككىنچى كۈنى شۆي دىيەنۇبېي بىخارامان ھالدا يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى. دەل مۇشۇ چاغدا شەھەر گۇڭشېدىن تېلېفون كېلىدۇ. تېلېفوندا گۇڭشېنىڭ بوغالتىرى بارات قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ تىراكتور ئاستىدا قالغانلىقى، ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىنىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان شۆي دىيەنۇبېي يىغىننى توختۇتۇپ قويۇپ، شەھەر گۇڭشې پارتكومىنىڭ سېكرېتارىنى ئىزدەپ تېپىپ مۇنداق دەيدۇ:

— سىز مېنىڭ ماشىنامغا ئولتۇرۇپ، دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇڭ، ئەھۋالنى ۋاقتىدا ماڭا دوكلات قىلىڭ،

ئاندىن ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دوختۇرلىرىنى نەق مەيدانغا ئېۋەتىپ بۇ ئۇيغۇر قېرىندىشىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تاپىلايدۇ. ئۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يىغىن خۇلاسىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئىچكى ئەھۋالنى چوڭقۇر بىلمەيدىغان كاتىپ ئىنچىكە زەڭ سېلىپ، ئۇنىڭ قايغۇرۇۋاتقانلىقى، ئامراق ئوغلىنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى

خەۋەر بۇ مۇسىبەتكە روھى جەھەتتىن قانچىلىك ئېغىر زەربە بەرگەنلىكىنى سىزىپ قالدۇ. ئۇ پىشقەدەم سېكرېتارنىڭ قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ، ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئالدۇ.

## 5

تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىق، خىزمەتتىكى ھارغىنلىق شۇي دېيەنۇېينى 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا تاجىسىمان يۈرەك قان تومۇر كېسىلىگە گىرىپتار قىلغان ئىدى. ئۇ كېسەل ئازاۋىغا بەرداشلىق بېرىپ، داۋاملىق بىرىنچى سەپتە خىزمەتنى داۋاملاشتۇردى. بىر قانچە قېتىم ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ئېتىۋار قىلىش يۈزىسىدىن 1978 ـ يىلى ۋىلايەتكە يوتكەپ مەمۇرى مەھكىمە دېخانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، پارتكوم سېكرېتارلىقىغا قويغان ئىدى. ئۇ خىزمەت ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن يەنىلا ناھىيىدە خىزمەت قىلغان چاغدىكى جۇشقۇنلۇقىنى ساقلاپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قان ـ تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىدى. تۇپراق تەكشۈرۈشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى باشلاپ ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا باردى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھوددە بېرىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان دېخان ئائىلىلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش، ئۆستۈرۈش ۋە تۇرمۇش پاراۋانلىقى قاتارلىق مەسىلە توغرىسىدا كوپ ئەجىر سىڭدۇردى . . . .

ئۇزىنى ئۇنۇتقان ھالدا خىزمەت قىلىش ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ قويدى. نۇرغۇنلىغان يولداشلار ئۇنىڭغا كويۇنگەن ھالدا:

—سىزنى دېخانچىلىق باشقارمىسىغا يوتكەش سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە ئېتىۋار بېرىش يۈزىسىدىن بولغان. سىز نىمىشقا ئىشلىگەنسىرى بەك قىزىپ كىتىسىز؟ سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ!— دېيىشتى.

بۇنداق تەسەللى ـ خاتىرىلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇ ھامان كۈلۈپ جاۋاپ بېرەتتى:

— يېشىم چوڭ بولۇپ قالدى. ئومرۇم ئاز قالدى، ھازىرقى ۋاقتىنى قەدىرلەپ، قانچىلىك ئىشلىسەم ۋاقتنى چىڭ تۇتۇپ كۆپرەك ئىشلىشىم كېرەك. بۇنىڭدىن 1700 يىل ئىلگىرى ياشىغان جوگېلياڭنىڭ مۇنداق بىر جۇملە مەشھۇر سوزى بار، ئۇ بولسىمۇ: «ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىمگىچە جان كويدۇرۇپ ئىشلەش» دىگەندىن ئىبارەت. مۇشۇ بىر ماددىنى ئىشقا ئاشۇرالىسام رازى بولاتتىم.

1982ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئۇ ئەڭ ئالدىراش بولغان مەزگىل بولدى.

يىل بېشىدا ئۇ قەشقەردىن 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى خەينەنداۋغا بېرىپ، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇگۇنۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.

3ـ ئايدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال ھەر قايسى ناھىيىلەرگە بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ كېتىۋېتىشىنى تەكشۈردى.

4ـ ئايدا ئۇ ھەر قايسى ناھىيىلەرگە بېرىپ، تۇپراق تەكشۈرۈشتىن ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەرنى قوللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

5- ئايدا ئۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى باشلاپ 6 ناھىيىگە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى . . . .

6- ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇ ئورغۇن جايلارغا بېرىپ چارچاپ ھالى قالمىغان شۈي دېيەنۇبېي قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىچى سىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئىككى چېكىسى چىڭقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن كېسەلنىڭ ئازاپلىشىغا بەرداشلىق بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشتىن دوكلات قىلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. 6- ئاينىڭ 2- كۈنى كەچتە ئۇ تېخىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلدى. ئايالى ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا چىقىپ ياتاقتا يېتىشىنى ئېيتسا، ئۇ:

— بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە مەن باشلاپ بارغان تۇرسام، دوكلاتنى مەن ئاڭلىمىسام قانداق بولىدۇ؟ لوڭگىنى سوغاق سۇغا چىلاپ چېكەمگە قويۇپ قويغىن، — دېدى.

شۇ كۈنى پۈتۈن بىر كېچە كۆز يۇممىدى. 6- ئاينىڭ 3- كۈنى ئۇ ئازراق دورا ئىچىۋالدى. كېسەل بەدىنىنى سۆرەپ يىغىن مەيدانىغا بېرىپ، يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. لېكىن رەھىمسىز يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قالدى: ئۇ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. كۆپچىلىك قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى، ئاخىرى قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمىدى، بەختكە قارشى بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

يولداش شۈي دېيەنۇبېي پارتىيىگە چەكسىز سادىق بولۇپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە كۆرەش قىلىپ 58 يېشىدا خىزمەت ئورنىدا جان ئۈزدى.

6- ئاينىڭ 7- كۈنى مىڭلىغان توپاۋۇق دېھقانلىرى ئىگىز يەر ئۈستەڭنىڭ بويىغا يىغىلىپ، ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەن گۆڭشې بويىچە ياشتا ئەڭ چوڭ كادىر ياقۇپ ئەبەيدۇللانىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ساپ نىيەت، خۇشخۇي ئۇيغۇرلار ئۆمرىدە شۇنچە كۆپ ياخشى ئىش قىلغان ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئىشەنمەيتتى. بىراق پاكىت رەھىمسىز. ياشانغان ياقۇپ ئەبەيدۇللا كۆپچىلىككە قاراپ:

— شۈي شۇجى ئۇ ئالەمگە كەتتى. 5- ئاينىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغان ئىكەن، لېكىن ئۇ كېسىلىنى كۆپچۈلۈكتىن يوشۇرۇپ، ھەرقايسى ناھىيىلەرگە تەكشۈرۈشكە بېرىپتۇ، 20 نەچچە كۈن يول يۈرۈش نەتىجىسىدە كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ، ئۇ يەنىلا كېسىلىنى كۆپچۈلۈكتىن يوشۇرۇپ، خۇلاسە يىغىنىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتمەكچى بوپتۇ . . . ئەگەر تەكشۈرۈشكە بارماي ئۆيدە ئارام ئالغان بولسا ئۇ ئۆلمەيتتى؛ خۇلاسە يىغىنىغا قاتناشماي دوختۇرخانىغا چىقىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۆلۈپ كەتمەيتتى . . . . ئۇ چارچىغانلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن . . . — دېدى.

كىشىلەر ئۆستەڭ بويىدا تۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ كۆز يېشى قىلماقتا؛ دۇئا قىلىپ، پىشقەدەم سېكرېتارنىڭ يەرلىكىدە خاتىرجەم يېتىشىنى تىلىمەكتە.

دەريا سۈيى دەرت-پىغاننى بايان ئەيلەپ شەرققە قاراپ ئاقماقتا.

ئاقسۇن، شاۋقۇناۋۇق دەريا سۈيى، ئۇ خەنزۇ كادىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى ئۇزۇن زامانلارغا ئېلىپ بارىدۇ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدۇ.

## ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

لىۋ پېي تيەن، ئەر، 40 ياش، 1966- يىلى قەشقەر سىفەن مەكتىۋىنىڭ داجۇەن سىنىپىنى پۈتتۈرگەن، يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ كاتىۋى، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. ھازىر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. بۇ ئەدىبىي ئاخبارات ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى.

ئابدىكېرىم تەرجىمىسى

# ئەقىللىق ئىلياسنىڭ ھېكايىسى

ئىلياس ىبن مۇئاۋىيە، ئۇمماۋىيە خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى ئۇمەر ىبن ئابدۇل ئىزىزى تەرىپىدىن بەسرىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇ يەردە ھىجرىيىنىڭ 122- يىلى ( مىلادى 739- يىلى ) غىچە ياشىغان ئىدى. ئۇنىڭ توغرىسىدا چۆچەكلەر كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە بىر .. ئىككىسىنى تاللاپ كىتاپخانلارغا تونۇشتۇردۇق.

## ھەمياننىڭ ھېكايىسى

ئۆز زامانىدا بەسرىدە قوتۇرماچ نان سالىدىغان ئەبۇ بەدىئە ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇن بىلەن سېرىق ياغدا يۇغۇرۇلۇپ، بىر ئاز شېكەر ھەم ئۆرۈك مېغىزى تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، سۇس ئوتتا پىشۇرغان قوتۇرماچلىرى ھەققەتەن مېزىلىك ئىكەن.

قوتۇرماچچى ئەبۇ بەدىئەنىڭ دۇككىنىغا ياندىش يەنە ئەبۇ بەدىئە ئىسىملىك بىر ھەتتارنىڭ دۇككىنى بار ئىكەن. كوچىلار قىستى - قىستاڭچىلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كىشى دۇككانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا بىر ھەميان ئۇچراپ قاپتۇ. ھېلىقى كىشى قولىغا ئېلىپ قارىسا، ھەميانىنىڭ ئىچىدە لىق پۇل بار ئىكەن. ھەمياننىڭ ئۈستىگە قارىسا، « ئەبۇ بەدىئە » دېگەن ئىسىم يېزىقلىق تۇرغىدەك. ئۇ شۇ ھامان ھەميانىنى ئىگىسىگە تاپشۇرماقچى بولۇپ، قوتۇرماچچى ئەبۇ بەدىئەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ياندا قاراپ تۇرغان ھەتتار ئەبۇ بەدىئەنىڭ دەرھال ئىچى قارىلىغى تۇتۇپتۇ - دە " ھەميان مېنىڭ " دەپ تۇرۇۋاپتۇ. جىق تالاش - تارتىش بولۇپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسى بىر - بىرىگە يول قويۇشماپتۇ. ئاخىرى قازى ئىلياسنىڭ قېشىغا بېرىشىپتۇ.

قازى ئىلياس ئالدى بىلەن ھېلىقى يولۇچى كىشىدىن سوراپتۇ:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟

— يولۇچىمەن، بۇ ھەميانىنى مەن تېپىۋالغان ئىدىم. ئىگىسىگە تاپشۇراي دېگەن ئىدىم ··· - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يولۇچى.

قازى ھەتتاردىن سوراپتۇ :

— سەنچۇ ؟

— مەن ھەتتار ئەبۇ بەدىئە بولىمەن، بۇ ھەمياندىكى پۇل مېنىڭ، مەن ھەرگىز يول قويالمايمەن، - دەپتۇ ھەتتار.

قازى كېيىن قوتۇرماچچى ئەبۇ بەدىئەدىن سوراپتۇ.

— مەن قوتۇرماچچى، تەخسىر، سېرىق ياغ بىلەن قايماقتا قوتۇرماچ نان ئېتىدىغان ئەبۇ بەدىئە بولىمەن، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قوتۇرماچچى.

قازى ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال بىر ئىدىشتا قىزىق سۇ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۈچەيلەن بۇنىڭغا ھەيرانۇ - ھەس بولۇشۇپتۇ - يۇ، ئاخىرى بىر ئىدىشتا قىزىق سۇ كەلتۈرۈشۈپتۇ.

قازى ھەمىياننى ئېچىپ ، ئىچىدىكى پۇللارنى ئىدىشتىكى قىزىق سۇغا تاشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ يۈزىگە نېپىز بىر قەۋەت ماي لەيلەپ چىقىپتۇ.

— ھە ، بۇ پۇللار سېنىڭ ئىكەن ، — دەپتۇ قازى ئېلىياس بېشىنى كۆتىرىپ قوتۇرماچچى ئەبۇ بەدىئەگە ، — چۈنكى پۇلنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ قولۇڭدىكى مايلار يۇققان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ ، كىشىنىڭ پۇلىغا قىزىقكۇزلىك قىلغان ھەتتار ئەبۇ بەدىئە رەسۋا بولۇپتۇ .

## تىللا قاچىلانغان ھەمىياننىڭ ھېكايىسى

بەسىرىدە ئەبۇ فەدىل مۇسانا دىگەن بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ يىراق بىر جايغا سەپەرگە چىقماقچى بولۇپتۇ. سەپەر ئالدىدا ، لىق تىللا قاچىلانغان بىر ھەمىياننى قېلىن بىر بوز خالتىغا سېلىپ ، خالتىنىڭ ئاغزىنى قىزىل شام بىلەن پېچەتلەپتۇ — دە ، " سەپەردىن كەلگىچە ساقلاپ بەرسەڭ " دەپ دوستى ئىبنى ئۇسپۇرنىڭكىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

ئەبۇ فەدىل شۇ كەتكىنىچە 10 يىل ئۆتۈپتۇ. ئىبنى ئۇسپۇرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ — دە، خالتىنى ئېچىپ ، ھەمياندىكى تىللانىڭ بىر قىسمىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلاپتۇ. لېكىن ، خالتىنى دەرھال ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. چۈنكى خالتىنى ئاچسا ، قىزىل شام ئېزىلىپ كېتىپ ، پېچەت بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن — دە ، ئەبۇ فەدىل قايتىپ كەلگەندە بىلىنىپ قالىدىكەن.

ئاخىرى ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ، بىر ئامال تېپىپتۇ. خالتىنىڭ چېتىدىكى تىكىشنى سۆكۈپ ، ئىچىدىكى تىللالارنى ئېلىۋاپتۇ — دە ، ئورنىغا مىس پۇللاردىن سېلىپ قويۇپ ، ئاندىن خالتىنىڭ تىكىشنى جاي — جايىدا تىكىپ قويۇپتۇ.

ئەبۇ فەدىل سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. بۇرادىرى ئىبنى ئۇسپۇر ئۇنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالغاندەك بولۇپتۇ ۋە ھېلىقى ئامانەت خالتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەبۇ فەدىل خالتىدىكى پېچەتنىڭ بۇزۇلماي ئوز پېتىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خوشال بولۇپتۇ ۋە دوستىغا تەشەككۇر ئېيتىپتۇ. كېيىن خالتىنى ئېچىپ قارىسا ، تىللالارنىڭ ئورنىدا مىس پۇللار تۇرغىدەك. ئەبۇ فەدىل ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ ۋە دوستىدىن سوراپتۇ:

— سەن قانداق قىلىپ ، مېنىڭ تىللالىرىمنى مىس پۇلغا يەڭگۈشلەپ قويدۇڭ؟!

— مەن سېنىڭ خالتاڭغا تەگمىدىم ، — دەپتۇ ئىبنى ئۇسپۇر ، — ئىچىگە نىمە قاچىلانغانلىغىدىنمۇ خەۋىرىم يوق.

ئىككىسى قاتتىق تالىشىپتۇ. ئاخىرى قازى ئېلىياسنىڭ قېشىغا ئەرز قىلىپ بېرىشىپتۇ. ئېلىياس ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئىبنى ئۇسپۇردىن سوراپتۇ:

— بۇ ئادەم خالتىسىنى ساڭا بېرىپ قانچە يىل ساقلاتقۇزدى ؟

— 10 يىل ، — دەپتۇ ئىبنى ئۇسپۇر.

ئېلىياس ھېلىقى مىس پۇللارنى يەنە بىر قۇر كوزدىن كوچۇرگەندىن كېيىن يەنە دەپتۇ:

— ئىبنى ئۇسپۇر ، بۇ پۇللارغا قاراپ باق ، ئۇنىڭ بەزىلىرى تېخى 5 يىلنىڭ ئالدىدا قۇيۇلغان ئىكەن ، بۇ ئادەم ئۇنداقتا قانداقمۇ 10 يىل بۇرۇن ساڭا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولىدۇ ؟

ئىبنى ئۇسپۇرنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، چىرايى ئۆڭۈپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە تىللالارنى ئەبۇ فەدىلگە تاپشۇرغاننىڭ سىرتىدا يەنە تېگىشلىك جازاغىمۇ تارتىلىپتۇ.

ئۆمەر ھېيىت تەرجىمىسى

# ئەدەبىيات - سەنئەت خەۋەرلىرى

## يېزا تېمىسىدىكى ھېكايە ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرەيلى

## جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە قەشقەردە ھېكايە ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنى بولۇپ ئۆتتى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىلەن « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ھېكايە ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىدا ھېكايە ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاپتورلارنى يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى ھېكايىلەرنى تېخىمۇ كۆپ يېزىشقا جەلپ قىلىش ۋە ئىجادىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، يېزىلارنىڭ ھازىرقى قايناق - تاشقىنلىق يېڭى ۋەزىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

سۆھبەت يىغىنىغا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت ( ئوبلاست ) لاردىكى ھېكايە ئاپتورلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى تەھرىر خادىملار بولۇپ 30 كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى ھۆججەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر بايانلىرىنى يېتەكچى قىلغان ھالدا ھېكايە ئىجادىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئۆگەندى، ھېكايە ئىجادىيىتىدە يېزا تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئەھمىيىتى ۋە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ئۆزلىرى يازغان 25 پارچە ھېكايىسىنى مۇھاكىمىگە قويۇپ، ئۆزگەرتىپ ئىشلىدى، ئۇلار يەنە ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەلەپ، شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئەدەبىياتى توغرىسىدا مەخسۇس لېكسىيىلەر ئاڭلىدى، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا چىقىپ تۇرمۇش ئۆگەندى، مەھمۇد قەشقەرى قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدى.

يىغىن مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭ ئاساسەن يېزا ئىگىلىك رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭ تېخىمۇ شۇنداق، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى يېزىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەڭ زور ئۆزگىرىش بولغان جايمۇ يېزا. ۋاھالەنكى، بۇ ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە تولۇق ھەم روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى يوق. يېزا تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر مەيلى سان، مەيلى سۈپەت جەھەتتىن خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ

دىخانلارنىڭ كۆڭلىدىن - كۆڭگە ئېشىپ بېرىۋاتقان كوپ تەرەپلىمە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن خېلى يىراق. خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات ئەگەر يېزىلاردا نوۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان قاينام - تاشقىنلىق ئۆزگىرىشتىن، دىخان تۇرمۇشىدىن ئىبارەت بۇ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمۇ چوڭ بولمايدۇ. دېمەك، نوۋەتتە يېزا تېمىسىنى كۆپلەپ يېزىش - رېئاللىقنىڭ جىددىي تەلىۋى، دەۋر ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تونۇغان ھەر بىر ئاڭلىق يازغۇچىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. شۇڭا بىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ ھېكايىدىن ئىبارەت بۇ ئەپچىل ھەم ئۈنۈملۈك ۋاستىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى يېڭى قىياپىتىنى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى يېڭى شەيئىلەرنى، قەھرىمان شەخسلەرنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىشىمىز، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زىيانلىق بولغان بارلىق كونا، چىرىك، قالاق، چاكىنا ھەم چۈشكۈن نەرسىلەرنى قامچىلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىشىمىز لازىم.

يىغىن مۇنداق كۆرسەتتى: تۇرمۇش ئۆگىنىش بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەڭگۈ كونىرىمايدىغان يېڭى تەلەپتۇر. چۈنكى تۇرمۇش ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئىگىلىشى - بۇ بىر قانۇنىيەت. يازغۇچى تۇرمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىمەن دەيدىكەن، ئۆزگىرىۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان تۇرمۇشنى دائىم ئۆگىنىپ بېرىشى لازىم، پارچە - پۇرات تەسىراتقا تايىنىپلا ياخشى ئەسەر، جۈملىدىن ياخشى ھېكايە يازغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېنىق مەقسەت، سەممىي نىيەتتە قەلبىمىزگە پۈكۈپ، يېزىلارغا چوڭقۇر چوكۇپ، يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي تەرەپ ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ماھىرلىق بىلەن بايقاپ، مول ماتېرىيال توپلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلاپ، ھېكايىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرەلەيمىز.

يىغىن يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: ھېكايىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى بىر ئاساسىي مەسىلە- پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىش، پېرسوناژ- ھېكايىنىڭ جېنى، يادروسى، تۈۋرۈكى. يازغۇچىنىڭ ماھارىتى ئاساسەن پېرسوناژ خاراكتېرىنى توغرا ۋە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى ھەرقانچە قىزىقارلىق، قۇرۇلمىسى ھەرقانچە مۇكەممەل، تىلى ھەرقانچە گۈزەل بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، پېرسوناژ خاراكتېرى ياخشى يارىتىلمايدىكەن، ئۇ بەربىر ياخشى ھېكايە ھېساپلانمايدۇ. پېرسوناژلار ھېكايىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى بويىچە ئورۇن ئېلىشى، سۆز-ھەرىكىتى، ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم، ئەكسىچە بولغاندا، ئۇلار جانسىز، سۈنئىي، ساختا بولۇپ قالىدۇ-دە، كىشىلەرگە چىنلىق تۇيغۇسىنى بېرەلمەيدۇ، ئىشەندۈرەلمەيدۇ. نوۋەتتە بىزنىڭ ھېكايىچىلىقىمىزدا پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىش بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. بىر مۇنچە ئاپتورلار ئۆز ھېكايىلىرىنى توغرىدىن - توغرا بايان قىلىنىغان ۋەقەلەر تىزمىسى ياكى ئىش-ھەرىكەت جەريانىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. گەرچە مۇنداق ھېكايىلارنىڭ تېمىسى يېڭى، خاھىشى ساغلام، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلاردا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلمىگەچكە، كىتابخانلارغا بەدىئىي زوق بېغىشلىيالمايۋاتىدۇ. بىز تىرىشىپ بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم.

يىغىن مەزگىلىدە قەشقەردە بولۇۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھوكۇمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمايىل ئەمەت يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىلەن سوھبەتتە بولدى. ئۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۇستۇرۇش، ئىجتىمائى ئۈنۈمنى تەكىتلەش، يەرلىك ئەدەبىي ژورناللارنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا سوز قىلدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىملىرىدا « تارىم » ژورنىلى تەھرىر بولۇمىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىرى ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل يولداشلار ئېچىش ۋە يېپىش نۇتقى سوزلىدى؛ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مەسئۇللىرىدىن مامۇتوپ قۇربان، ئىمىن توختى، ئېيسا شاكىر قاتارلىق يولداشلارمۇ سوز قىلدى.

ئابلىز نومەر

# قەشقەر ئەدەبىياتچىلار جەمىيىتى تۇنجى قېتىملىق دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزدى

قەشقەر ئەدەبىياتچىلار جەمىيىتى بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۇنجى قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا جەمىيەت رەئىسى مامۇت ھوشۇر، مۇئاۋىن رەئىسلىرى قۇربان ئىمىن، جۇگۇاڭخۇا ھەمدە دائىمى ئىجرائى ھەيئەت، دائىمى ھەيئەت ئەزالىرى ۋە مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى بولۇپ 15 كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن ئوتكەن بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر دوكلات قىلىندى، يېقىندىن قوبۇل قىلىنغان ئەزالارنىڭ ئىسىملىكى ماقۇللاندى؛ جەمىيەتنىڭ پائالىيىتىنى قانداق قىلىپ جانلاندۇرۇش، ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش مەسىلىسى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىن مۇنداق كورسەتتى: قەشقەر ئەدەبىياتچىلار جەمىيىتى ئوتكەن يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغاندىن بۇيان بەلگىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىرى، لېكىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەمىيەتنىڭ پائالىيىتى جانلىق، جۇشقۇن بولۇپ كېتەلمىدى، ئىشلەشكە تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى ئىشلەشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. شۇڭا پائال چارە ئويلاپ، راسخوت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا باش قاتۇرۇپ جەمىيەتنىڭ پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمىيەت ئەزالىرىنى ۋاقتى- قارارىدا مەركەز ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەدەبىيات، سەنئەت ئىجادىيىتىگە دائىر يولىيورۇقلىرىنى ئوگىنىشكە ئويۇشتۇرۇشىمىز، كەسپى مۇھاكىمە يىغىنى، ئىلمىي دوكلات يىغىنى، ئىجادىيەت يىغىنى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، جەمىيەت ئەزالىرىنى ئوز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئىجادىيەت سۈپىتىنى ئۇستۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. پائالىيەت ئويۇشتۇرغاندا ساغلام، كوپ خىل، قىسقا، ئىخچام، تېجەشلىك بولۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن ناھىيىلەرنى بىرلىك قىلىپ جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش لازىم.

يىغىن مۇنداق كورسەتتى: ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق غەلىبە، بىز ئومۇميىلىقىنى ئەلا بىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ ياخشىلىشىمىز، ئوز ئارا ئىتتىپاقلىقنى، ھەر مىللەت ئاپتورلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىقنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

ئابلىز نومەر

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

## تېپىلغان گوھەر

(ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى)

ئۆتكەن زاماندا بىر شەھەردە بوي - تۇرقى ۋە ياش - قۇرامى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان تۆت ئاغىنە بولۇپ، بۇلار پادىشانىڭ، ۋەزىرنىڭ، سودىگەرنىڭ ۋە زەرگەرنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىبارەت ئىكەن.

بۇ ئاغىنىلەر كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاۋات شەھەرلەردىن بىرىگە بېرىپ، تاماشا قىلىپ كېلىشنى، بۇ جەرياندا ئۆز ئارا بىر - بىرىدىن ئايرىلماي، جاپا - راھەتنى تەڭ تارتىپ، دوستلۇقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ - دە، ھەر قايسىسى ئۆزىگە يارىشا پۇل - پۈچەك، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تەييارلاپ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. پادىشانىڭ ئوغلى كوپلىگەن تىللاغا قوشۇپ، خەج - خىراجىتى ئۈچۈن 4 دانە گوھەر ئېلىۋاپتۇ.

بۇلار كۈندۈزلىرى يول مېڭىپ، كېچىلىرى دەڭ - ئۆتەڭلەردە يېتىپ، 4 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر چولدە قونۇپ قېلىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇلار بىرەر ھاۋا دىسات چىقىپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېچىنى 4 كە بولۇپ نۆۋەت بويىچە كۆزەتتە تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

كۆزەت قىلىشنىڭ ئاخىرقى نۆۋىتى زەرگەرنىڭ ئوغلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ، ئاغىنىلىرىنىڭ ئۇيقۇلۇق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شاھزادىنىڭ يانچۇقىدىكى گوھەرلەرنى ئېلىۋاپتۇ - دە، ئورنىغا شۇ چوڭلۇقتا 4 دانە تاشنى سېلىپ قويۇپتۇ.

تاڭ ئېتىپ، شاھزادە گوھەرلىرىنىڭ ئوغۇرلانغانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى ئەلەم بولۇپتۇ، گوھەرنى زەرگەرنىڭ بالىسىدىن گۇمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋالنى ئەپشا قىلىشنىڭ پايدىلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، دىمىنى ئىچىگە سالغان ھالدا بۇ ھەقتە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماپتۇ.

بۇلار شۇ كۈنى كەچ بولغاندا كۆزلىگەن شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ دەرت - ئەھۋالىغا يېتىدىغان بىر مۇيسىپىت ئادەمنىڭ سارىيىغا ئورۇنلىشىپتۇ.

4 ئاغىنە ئەتىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، تاماقلىنىپ قوساقلىرىنى تويغۇزۇشقاندىن كېيىن، بىرلىكتە شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ. شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقى، رەستە - بازارلىرىنىڭ غۇژغۇژلىقى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇلار نەگە بارغىسى كەلسە شۇ يەرگە بېرىپ، نىمىنى خالىسا شۇنى دىگىنىگە ئېلىپ، قانداق غىزا ئالى بولسا شۇنى ئەتتۇرۇپ يەپ، پۇللىرىنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەپ، بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرى تۈگەپ، ئاخىرى ئاچ قېلىش ھالىتىگە يېتىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، پەرىشان ھالدا سارايغا كېتىپ ۋە سارايىۋەن بوۋايغا گوھەرلىرىنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكى ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى قانداق تېپىش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ.

— بىزنىڭ مۇشۇ شەھەرنىڭ پالانى يېرىدە... دەپتۇ سارايىۋەن. — بىر دانىشمەن ئايال بار. ئۇ، سىزدەك مۇساپىرلارنىڭ غەمگۇزارى، بېرىپ ئەھۋال ئېيتسىڭىز، ئوغۇرلانغان گوھەرلىرىڭىزنى تېپىپ بېرىشى مۇمكىن.

شاھزادە دانىشمەننىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كېتىپتۇ ۋە ئېھتىرام بىلەن ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ھەققىدىكى سەۋەبنى ئېيتىپتۇ.

— كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ بالام، يوقالغان گوھەرلىرىڭىزنى تېپىش ئۈچۈن ئىلاج قىلىپ كورەي، ئەتە بۇرادەرلىرىڭىزنى ئۆيۈمگە چايغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىڭ... دەپتۇ شاھزادىگە دانىشمەن ئايال. شاھزادە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئەتىسى تونەيلەن دانىشمەننىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئايال بۇلارنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئوبدان غىزالار بىلەن كۈتىۋاپتۇ ۋە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى كوتۇرۈپتۇ، تاماقتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، دانىشمەن گوھەرلەرنى تېپىش مەقسىدىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

## دانىشمەن ئايالنىڭ ھېكايىسى

بىر كۈنى مۇشۇ شەھەردىكى بىر سودىگەر يىگىت كاتتا توي قىلىپ شەمسىنۇر ئاتلىق ساھىپجامال بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ، تويىنا يىراق - يېقىنلاردىكى ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ ھەممىسىنى قاتناشتۇرۇپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ باشقا شەھەردىن تويغا كەلگەن ناھايىتى يېقىن بىر ئاغىنىسى بولۇپ، توي توگىگەندىن كېيىن ئۇنى ئەپقىلىپ، مەلۇم مەزگىل تۇرۇپ كېتىشنى تەۋسىيە قىپتۇ.

بۇ ئىككەيلەن بىر كۈنى شەھەر كوچىسىغا تاماشىگە چىقىپ، ئادەملەرنىڭ كوپلىكىدىن ئايرىلىشىپ كېتىپ قاپتۇ، ئاغىنىسى شەھەرگە تۇنجى كېلىشى بولغانلىقتىن، ھېچقەيەرنى بىلمەيدىكەن. ئۇ، دوستىنى تېپىش ئۈچۈن، شۇ ھامان ئېگىز بىر جايغا چىقىپتۇ-دە، بىر ھازا كۈزۈتۈپتۇ، بىراق ئۇنى چېلىقتۇرالماپتۇ، ئاغىنىسى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغان ۋاقىتتا، كوچىلارنىڭ بىرىدىن ئاجايىپ چىرايلىق زىننەتلەنگەن مەپە چىقىپ كېلىپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ دەل ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئۇ چاغدا تۇيۇقسىزدىن شامال چىقىپ، مەپىنىڭ ئالدىدىكى پەردىنى كوتۇرىۋېتىپتۇ. قارىسا مەپە ئىچىدە بىر ئاپتاپ تەلئەت، خۇش خۇي لەتاپەت بىر نازىنىن ئولتۇرغان، يىگىت قىزنىڭ كورۇپلا ئاشىقى بىقارار بولۇپ، ھوشىنى يوقىتىپتۇ. مەپە بۇ يەردە ئازراقمۇ ھايال بولماي كېتىپ قاپتۇ.

ئادەملەر بىھوش ياتقان يىگىتنىڭ چورىسىگە ئولىشىپ، ئۇنىڭ ھالىتىگە ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، سودىگەر يىگىت ئۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ، قارىسا ئاغىنىسى، سودىگەر يىگىت، ئۇنى ھوشىغا كەلتۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە ھوشىدىن كەتكەنلىك سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇ بولۇنغان ۋەقەنى سودىگەر يىگىتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

سودىگەر يىگىت ئاغىنىسىنىڭ ھالىغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، قايغۇرۇپتۇ، ئاندىن كورگەن قىزنىڭ رەڭگى، رۇخسارى، بويى، تۇرقىنى سورىغان ئىكەن، ئاشىق يىگىت كورگىنى بويىچە بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ، سودىگەر يىگىت قولىغا قەغەز، قەلەم ئېلىپ، ئېيتقان بەلگۇ بويىچە بىر رەسىمىنى سىزىپ ئاغىنىسىگە كورسىتىپتۇ. ئاغىنىسى رەسىمنى كورۇپ بىر ئاھ ئۇرۇپتۇ-دە، يەنە ھوشىدىن

كېتىپتۇ. ئاشىق يىگىت ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن رەسىمنىڭ ئوزى كورگەن مەشۇقىنىڭ دەل ئوزى ئى-
كەنلىكىنى ئەيتىپتۇ.

سودىگەر يىگىت ئاغىنىسىگە تەسەللى - خاتىرە بېرىپ، مەشۇقىنىڭ مۇرات - ۋەسلىگە يەتكۈزى-
دىغانلىقىنى، بۇ ئىشنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ ھەرگىز ئائىلىسىنىڭ قېشىغا قەدەم باسمايدىغانلىقىنى ئەي-
تىپ قەسەم ئىچىپتۇ.

سودىگەر يىگىت ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ بىر نەچچە كۈنگىچە پۈتكۈل شەھەرنى يىگنە ئاختۇرغاندەك
ئاختۇرۇپتۇ، بىراق ھېچيەردىن قىزنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئاغىنىسىنىڭ يۈرەك يارىسى بولساكۈندىن-
كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. سودىگەر نائىلاج ئاغىنىسىنى يولغا سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئاغىنىسى كەتكەندىن كېيىن سودىگەر يىگىت زادىلا خاتىرجەم بولالماي قىزنى
ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، سۈرگەن لەۋزىگە ئاساسەن ھەتتا ئۆيىگىمۇ كىرمەپتۇ. ئىشنىڭ تەھتىگە
چۈشەنمىگەن ئائىلى — شەمسنۇر ئېرىدىن رەنجىپ، نېمە سەۋەپتىن ئۆيگە كىرمەيۋاتقانلىقىنىڭ سە-
ۋەبىنى سوراپتۇ. سودىگەر بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر سوزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايال
چۆچۈپ كېتىپتۇ - دە، رەڭگىدە باشقىچە بىر ئوزگىرىش پەيدا بولۇپتۇ. ئېرى ئائىلىدىكى تۇيۇقسىز
ئوزگىرىشنى كورۈپ: "نېمە ئۈچۈن چىرايىڭىزدا ئوزگىرىش يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ماڭا
ئېيتىڭىز» دېگەن ئىكەن، ئايال شۇنداق دەپتۇ:

— مەن ھېلىقى كۈنى مەيىگە ئولتۇرۇپ تۇققانلىرىمنىڭكىگە بارغان ئىدىم، قايتىپ كېلەشىمدە
شەھەردىن ئۆتكەن ئىدىم، بىر جايغا كەلگەندە مېنىڭ پەردىسىنى شامال كوتۈرۈۋەتتى - دە، مەيە
ئالدىدىكى دوكىدە تۇرغان بىر يىگىت مېنى كورۈپ قالدى. ئېھتىمال شۇ يىگىت سىزنىڭ ئاغىنىڭىز بولۇپ
قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

سودىگەر يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەقلى-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا تامدەك قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ.
بىر ھازا ئوتكەندىن كېيىن ئاغىنىسى ئېيتىپ بەرگەن بەلگۈ بويىچە سىزىپ چىققان ھېلىقى رەسىم-
نى يېنىدىن ئاپتۇ - دە، ئۇنى شەمسنۇر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورۈپ، رەسىمنىڭ دەل ئوز ئائىلىنىڭ
تەسۋىرى ئىكەنلىكىنى، ئاغىنىسىنىڭ ئوقۇشماسلىقتىن ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

سودىگەر يىگىت بۇ ئاجايىپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ، غەم ئۈستىگە غەم يېسىپ، كۈندۈز-
لىرى تاماقتىن، كېچىلىرى ئۇيقۇدىن قاپتۇ. ئائىلىنى ئاغىنىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ بېرەي دېسە،
خەلقى-ئالەم ئالدىدا ئاھانەتكە قالىدىغانلىقىنى، ئەۋەتمەي دېسە ئاغىنىسىنىڭ پىراق ئوتىدا يۈرىكى پۈ-
چۇلۇنۇپ ئولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ، ئاخىرى بۇرادەرلىك مۇھەببىتى جۇش
ئۇرۇپ، ئائىلى شەمسنۇرنى دوستىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىش قارارىغا كەپتۇ، ئايالمۇ ئېرىنىڭ رايى بويى-
چە نائىلاج بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. بىر نەچچە كۈنلۈك تەييارلىقتىن كېيىن سودىگەر يىگىت ئايالىنى
مەيە بىلەن شەھەرگە بارغان چاغدىكىگە ئوخشاش ياساندۇرۇپ، ئۇن قىزنىڭ ھەمرالىقىدا يولغا ساپ-
تۇ ۋە بىر سائەتمۇ بولسا تېزراق بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

بۇلار يولغا چىقىپ بىر قانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، يول ئىككىگە بولۇنۇپتۇ، بىر يول يې-
قىن بولۇپ، يولدا قاراقچىلار بار ئىكەن. يەنە بىر يول يىراق بولسىمۇ، خەتەرسىز ئىكەن. قىز ھەم-
راھلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، مەنزىلگە تېزراق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، ھېلىقى قاراقچىلار بار يولغا
مېڭىپتۇ. ئۇلار يۈرۈپ بىر تاغ قاپتىلىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىزدىن بىر توپ قاراقچىلار پەيدا بولۇپ
بۇلارنى قورشىۋاپتۇ:

— سىلەرنىڭ باشلىغىڭلار كىم؟! - دەپتۇ قاراقچىلار باشلىغى ئالدىغا چىقىپ. شەمسنۇر "مەن"
دەپ ئوزىنى مەلۇم قىپتۇ.

— جانغا تۇرامسىلەر، مالغىمۇ؟ ئەگەر جانغا تۇرىدىغان بولساڭلار، ماللىرىڭلارنى بىزگە قال-
دۇرۇپ كېتىڭلار. ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىساڭلار، ھەممىڭلارنى ئولتۇرۇپ، مال- مۈلكۈڭلارنى ئولجا ئالىمە-

— مېلىمىز سىلەرگە ھەدىيە بولسۇن، ئەمما بىر تەلىۋىمىز بار، ئېيتىشقا ئىجازەت قىلاسىلەر؟

— ئىجازەت، ئېيتىڭلار، ئۇ قانداق تەلەپ ئاڭلاپ باقايلى، — دەپتۇ قاراقچىلار باشلىقى.

شەمسنۇر يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ ۋە:

— بىز ھازىر كىيۈيىمىنىڭ شۇ ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ باراتتۇق، ئۇ يەردىن قايتىشىمىزدا بۇ يول ئارقىلىق مېڭىپ چوقۇم ئالدىڭلارغا كېلىمىز، مال - مۈلكىمىزنىڭ ھەممىسىنى شۇ چاغدا سىلەرگە تەقدىم قىلايلى، بىزگە بۇ قېتىم يۈز-خاتىرە قىلاسىلەر، — دەپتۇ. قاراقچىلار شەمسنۇرنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىن تەسىرلىنىپ، ھېچ زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي قىزلارنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار ئىزتىراپ بىلەن يۈرۈپ، مۇددەتتىن بۇرۇن شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئاشىق يىگىتنىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. يىگىت كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. قارىسا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزى مەيدە كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولغان ھېلىقى قىز خۇددى شۇ قىياپىتى بىلەن تۇرغان. يىگىت بىر ئاھ چېكىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. شەمسنۇر يىگىتنى يۆلەپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

يىگىت قىزلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئالىي دەرىجىلىك كۈتكەندىن كېيىن، شەمسنۇرنى خاس ھوجرىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ئەھۋال سوراپتۇ، قىز ھەر بىر سوئالغا مۇلايىملىق ۋە ئەدەپلىك بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ. يىگىت قىزنىڭ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇنلۇق ئىزھار قىپتۇ.

بىر قانچە سائەتلىك زىياپەتتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. قىز يىگىتتىن مەقسەتنى ھەل قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. يىگىت قىزدىن:

— سىز كىم بولىسىز، بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭىز، سىز مېنىڭ ئۆزىڭىزگە ئاشىق بولغانلىقىمنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. لېكىن قىز بۇ سوئاللارنىڭ ھېچبىرىگە جاۋاپ بەرمەپتۇ. ئەسلىدە سودىگەر يىگىت ئايىلى شەمسنۇرغا: «ئۇ يەرگە بارغاندا ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىڭىزنى مەلۇم قىلماڭ» دېگەن ئىكەن.

— ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىڭىزنى مەلۇم قىلمىسىڭىز، — دەپتۇ يىگىت، — مەن ھەرگىز بۇ ئىشقا قەدەم قويمايمەن.

شەمسنۇر نائىلاج ئەھۋالنى بايان قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. قىزنىڭ سۆزىدىن خۇددىنى يوقاتقان يىگىت ھاڭ - تاڭ بوپتۇ ۋە ئاغىنىسىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى بۇنداق ۋاپادارلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئاغىنىسىگە كۆڭلىدە بۇرۇنقىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق مۇھەببەت پەيدا بولۇپتۇ.

يىگىت قىزنى ياخشى كۆرۈش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ھۆسن ئىقلىمىنىڭ شاھى، ئەي جامالىدىن ئاي، قامىتىدىن سەرۋە ئىزىلىدىغان خوش تەبىئەتلىك نازىنىن! مەن ئۇقۇشماسلىقتىن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەنمەن، مەن سىزنىڭ دۇنيادا بىردىن - بىر ۋاپالىق ئاغىنەمنىڭ ئايىلى ئىكەنلىكىڭىزنى نەدىن بىلەي؟! سىز مېنى كەچۈرۈڭ.

يىگىت شەمسنۇرنى ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر قانچە كۈن ئولتۇرغۇزۇپ، كاتتا زىياپەت بەرگەندىن كېيىن، كۆپلىگەن سوۋغا - سالاملار بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

قىزلار قايتىپ كېلىشىدە ھېلىقى 2 ئاچا يول ئۆستەڭگە يېتىپ كەپتۇ. شەمسنۇرنىڭ ھەمراھلىرى خەتەرسىز يول بىلەن مېڭىشنى تەلەپ قىپتۇ. شەمسنۇر ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھەمراھلىرى:

— بىزنىڭ قاراقچىدىن قەرزىمىز يوق، جاننى قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتا شۇنداق ۋەدە بېرىپ قويغان، قاراپ تۇرۇپ، ئۆز ئايىغىمىز بىلەن ئۆلۈم ئالدىغا بارساق قانداق بولىدۇ؟! — دەپ ئۇنىماپتۇ. شەمسنۇر بۇلارنىڭ سۆزىگە قوشۇلماي: «ئەگەر بىزنىڭ مۇشۇ سەرگۈزەشتىلىرىمىز تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ قالسا، بۇنى ئوقۇغانلار بىزنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلماي يالغانچىلىق قىلغانلىقىمىزدىن نەپرەتلەنمەمدۇ؟ ۋەدىگە ۋاپا قىلماي قۇتۇلغىنىمىزدىن كۆرە، ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ ئۆلگىنىمىز تۈزۈك» دەپتۇ - دە، ئۇلارغا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

# قىزنىڭ ھېكايىسى

ئەپراسىياپ زامانىسىدا ئىككى كىچىك بالا بىر ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپتۇ، پادىشا بالىلاردىن: « نېمە دادىڭلار بار؟ » دەپ سوراپتۇ. بالىلار ئالدىغا سېلىپ كەلگەن ئادەمنى كۆرسىتىپ:

— بۇ ئادەم بىزنىڭ دادىمىزنى ئۆلتۈردى، بىز بۇنىڭدىن قىساس تەلەپ قىلىپ كەلدۇق، — دەپتۇ.

— راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا ئۇ ئادەمدىن.

— ئۇلۇغ شاھىم، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى راست، مەن بۇ بالىلارنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان، — دەپتۇ ئۇ ئادەم پادىشاغا.

— نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟

بۇ ئادەم جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئارقا-ئارقىدىن چېتىلغان 10 تۆگىنى يېتىلەپ، بىر باغنىڭ تېمى يېنىدىكى يول بىلەن كېتىپ باراتتىم. باغنىڭ تېمى پەس بولۇپ، باغدىكى ئالمىلارنىڭ شاخلىرى يول تەرەپكە ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. باش تۆگە بېشىنى سوزۇپ بىر شاخنى چىشلەپ تارتىۋىدى، شاخ يېرىلىپ يەرگە چۈشتى، بۇنى كۆرگەن باغۋەن، يەنى مۇشۇ بالىلارنىڭ ئاتىسى باغدىن چىقىپ قولىدىكى كالتەك بىلەن تۆگىنىڭ بېشىغا قاتتىق بىرنى ئۇردى، تۆگە شۇ ھامان تىن تارتماي ئۆلدى. مەن غەزەپلىنىپ: « بىر تال شاخ ئۈچۈن بىر تۆگىنى ئۆلتۈرىدىغان قانداق ئادەمسەن؟ » دەپ قولۇمدىكى تاياق بىلەن باغۋەننى بىرنى ئۇرغان ئىدىم، تاياق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تېگىپ، شۇ ئاندىلا جان ئۈزدى. بۇ چاغدا بۇ بالىلار كېلىپ ماڭا يېپىشتى-دە، ھوزۇرىڭىزغا ئېلىپ كەلدى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پادىشا، — ئەلقىساس مىنەلھەق، سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

تۆگىچى:

— شاھ، مېنىڭ سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار، مەن ئەسلىدە بىر سودىگەر باينىڭ خىزمەتچىسى ئىدىم، تۆگىدىكى ماللارنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ، بالا-چاقىلىرىم بىلەن ۋىدالىشىپ ھوزۇرىڭىزغا كەلسەم، ئاندىن ماڭا قارىتا قانداق جازا بەرسىڭىز مەيلى، — دەپتۇ.

— سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ شاھ، — ئەگەر راستىن قايتىپ كېلىدىغان بولساڭ، بۇ شەھەردىن ئۆزەڭگە كېپىل بولىدىغان بىر ئادەمنى تېپىپ بەرگىن، ئاندىن رۇخسەت قىلاي.

ئۆزىنى ھېچكىم تونۇمايدىغان بۇ شەھەردە تۆگىچىنىڭ كىمنى كېپىل قىلىپ كۆرسىتىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ ۋە ۋەزىرلەردىن بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىگە كېپىل بولۇپ بېرىشىنى ئىلتىجا قىپتۇ. بىر ۋەزىر ئىچ ئاغرىتىپ تۆگىچىنىڭ بۇ تەلىۋىنى ئورۇنلاپتۇ.

تۆگىچى ۋاقىتلىق پادىشانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ، تۆگىلىرىنى يېتىلەپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. 3 كۈن توشۇپ ئارىدا بەلگۈلەنگەن موھلەت ۋاقتىمۇ يېتىپ كەپتۇ، لېكىن تۆگىچىدىن ھېچقانداق دېرەك بولماپتۇ.

— تونۇمايدىغان بىر ئادەمگە كېپىل بولغان ئىدىڭ، — دەپتۇ پادىشا ۋەزىرنى چاقىرتىپ، — ئۇ ئادەم كەلمىدى، ئەمدى سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟!

ۋەزىر كۆپ پۇشايمانلار قىلىپ ھۆكۈمگە رازى بولۇپتۇ، پادىشا 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان شەھەرنىڭ خەلقلىرى يىغىلغان مەيدانغا ۋەزىرنى كەلتۈرۈپتۇ، ۋەزىر دارغا ئېسىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، دەل ھالقى تۆگىچى يېتىپ كەپتۇ ۋە پادىشانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىپتۇ.

— سەن بىر قېتىم ئولۇمدىن قۇتۇلغان تۇرۇقلۇق يانا نىمە ئۈچۈن ئولۇم مەيدانىغا كەلدىڭ ؟ بىز سېنى ئىزدىمىگەن ئىدۇققۇ ؟. دەپتۇ پادىشا توگىچىگە سىناق نەزىرى بىلەن بېقىپ .

— ئەي شاھ!..دەپتۇ توگىچى ،.. مەندە ۋىژدان بار ، ئۆز گۇنايىم ئۈچۈن قاراپ تۇرۇپ ، بىر گۇناسىزنى ئولۇمگە تۇتۇپ بەرسەم قانداق بولىدۇ ؟ ئەگەر بۇ ۋەقە تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ قالسا ، ئۇنى ئوقۇغانلار لەنەت ئوقۇمامدۇ ؟ نامەرتلىك بىلەن ياشىغاندىن يامانلىق قىلىپ ، بىر كىشىنى ناھەق ئولۇمگە تۇتۇپ بىرىش ـ ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈپ چۈشكەندىن يامان ئىش ئەمەسمۇ؟

پادىشا توگىچىنىڭ ساداقەتلىك ، راستچىل پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ۋەزىرنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— سەن نىمىنى نەزەردە تۇتۇپ ، بۇ توگىچىگە كىپىل بولغان ئىدىڭ ؟

— شاھ ، ـ دەپتۇ ۋەزىر ، .. شۇ كۈنى توگىچىگە جازا بەرگىنىڭىزدىن كېيىن ، ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ، پەشىمغا ئېسىلغان ھالدا يالۋۇرۇپ ، مەندىن ياردەم تىلىدى . ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كورۇپ تۇرۇپ ، ھەممەت قولۇمنى سۇنماسلىقنى ۋىجدان ئالدىدا گۇنا بىلىپ ، ئەگەر مەن كىپىل بولمىسام ، بۇ ئادەمنى شۇ چاغدا ئولتۈرەتتىڭىز .. دە ، ئۇ ، توگىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ۋە بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ۋىدالىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي ھەسرەتتە كېتەتتى . مۇبادا بۇ ئەھۋال تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ قالسا ، ئوقۇغانلار شۇ چاغدىكى كىشىلەر بىر ـ بىرىگە كويۇنمەيدىكەن دەپ ، بىز بىلەن ماڭا نەپرەت بىلدۈرەتتى ، شۇڭا بۇ كىشىگە كىپىل بولغان ئىدىم .

پادىشا ۋەزىردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ، دىيانەتلىك پەزىلىتىگە بارىكاللا ئوقۇپتۇ . ۋەزىرنىڭ گېپىدىن كېيىن ئىككى بالا پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— شاھ ، بىز توگىچىنىڭ گۇناھىدىن ئوتتۇق ، دادىمىزنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلمايمىز ،ـ دەپتۇ. پادىشا ھەيران بولۇپ :

— نىمە ئۈچۈن خۇن دەۋاسىنى قىلمايدىغان بولدىڭلار ؟ـ دەپ سوراپتۇ . باللار :

— دادىمىزنى ئولتۈرگەن بۇ كىشى ئىرادىلىك ، راست سوزلۈك ئادەم ئىكەن ، ئۇ لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ ، ۋەزىرنى ئولۇمگە تۇتۇپ بېرىپ ، ئۆزى ھايات قېلىشنى راۋا كورمەي ، بەلگۈلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ كەلدى . بىز بۇنىڭ بۇنداق تەرىپىنى كورۇپ تۇرۇپ ، گۇناھىدىن ئوتمەي ، قانىنى قان بىلەن يۇيىمىز دىسەك دۇرۇس بولامدۇ ؟ ئەگەر بۇ ئىشلار تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ قالسا ، ئوقۇغانلار پالانى پادىشا ۋاقتىدا كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشمايدىكەن ، بىر ـ بىرىگە قارىتا تاش يۈرەك ، دىسە قانداق بولىمىز؟ شۇڭا بۇ دەۋادىن كەچتۇق ، ـ دەپتۇ . باللارنىڭ روھىدىن تەسىرلەنگەن پادىشا نۇرغۇن پۇل ـ مال بېرىپ ئۇلارنى يولغا ساپتۇ .

شەمسىنۇر ھىكايىسىنى تۈگۈتۈپ ھەمرالىرىغا:"بىزمۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا بارايلى ، ھەرنە كورگۈلۈك بولسا كورەرمىز» دەپتۇ . قىزلار بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ، خەتەرلىك يول بىلەن مېڭىپ قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ ، قاراقچىلار قارىسا ئۈتكەن كۈنى ۋەدە قىلىپ، قېشىدىن كەتكەن قىزلار ، بۇنىڭدىن ھەيران بولغان قاراقچىلار باشلىقى :

—نىمە ئۈچۈن بۇ يەرگە جىنىڭلار بىلەن ئوينۇشۇپ يەنە كەلدىڭلار ؟. دەپ سوراپتۇ .

— بىز ،.دەپتۇ مەلىكە ،.ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنى نومۇس دەپ بىلىمىز . ئەگەر بىزنىڭ سەلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ۋەدە قىلىپ ، كېتىپ كەلمىگەنلىكىمىز تارىخ كىتاپلىرىغا يېزىلىپ قالسا ، بۇنى ئوقۇغانلار ، بىزنى يالغانچى قىزلاركەن ، دەپ نالەت ئوقۇمامدۇ ؟ شۇڭا ئالدىڭلارغا كەلدۇق . ئەنە مال ـ مۈلۈك ، خالىغىنىڭلارنى ئېلىڭلار.

قاراقچى باشلىقى تەسىرلىنىپ : «سىلەر ئايالار تۇرۇپ ، بۇندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرەلەيدىكەنسىلە ، ھەم بەك ئىنساپلىق، ۋەدىگە ۋاپالىق ئىكەنسىلەر ، بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن سىلەرگە چېقىلىشقا پېتىنالايلى ؟! تووۋە قىلدۇق ، بۇندىن كېيىن ھەرگىز قاراقچىلىق قىلمايمىز ، بىزنى كەچۈرىڭلار » دەپ قىزلاردىن ئۆزرە سوراپتۇ .

قىزلار ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى سودىگەر يىگىتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ . سودىگەر يىگىت ئاغىنىسىنىڭ ھىممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ، خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ .

دانىشمەن ئايال ھېكايىنى تۈگۈتۈپ تۆت بۇرادەرنى ئۆيىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىپتۇ ـ دە، ئۇلارنى بىردىن چاقىرىپ ، ھېكايىدىن ئالغان تەسىراتىنى سۆزلەتكۈزۈپتۇ . شاھزادە ، ۋەزىرزادە ، سودىگەرنىڭ ئوغلى ھېكايىلەردىكى شەخسلەرنىڭ ياخشى پەزىلىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكىنى، ئادەملەر ئارىسىدا ئەنە شۇنداق ئىنساپ ، ۋىجدان ، ۋاپادارلىق مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ .

تەسىرات سۆزلەش نۆۋىتى زەرگەرنىڭ ئوغلىغا كەپتۇ .

— سىز مەن ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىگە قارىتا قانداق چۈشەنچىدە بولدىڭىز؟ بۇنىماڭا سۆزلەپ بېرىڭا ؟ ـ دەپ سوراپتۇ دانىشمەن ئايال ئۇنىڭدىن .

— مەيلى سودىگەر يىگىتنىڭ ئاغىنىسى بولسۇن ، مەيلى تۆگىچى بولسۇن ، مەيلى ۋەزىر ياكى قاراقچى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىۋاسى ئوتتۇپ كەتكەن ئەخمەق نىملەردىن ئىكەن. مەن ئەگەر سودىگەر يىگىتنىڭ ئاغىنىسى بولسام ، شەمسىنۇرنى خوتۇن قىلىپ، ھەمرالىرىنى چاكار سۈپىتىدە ئىشلەتتىم ، قاراقچى بولغان بولسام قىزلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئولجىغا ئالاتتىم ، تۆگىچى ئورنىدا بولغان بولسام ، ۋەزىرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن كارىم بولماي، كېتىپ كەلمەيتتىم.. دەپتۇ زەرگەرنىڭ ئوغلى.

بۇ جاۋاپتىن دانىشمەن ئايال زەرگەرنىڭ ئوغلىنىڭ قارا نىيىتىنى بىلىپتۇ ـ دە، شاھزادىنىڭ گوھەرلىرىنى ئېلىۋالغان چوقۇم مۇشۇ ئىكەن دەپ تونۇپ ، بېشىغا تاياق تەگلىگەن ھالدا :

— ئوغۇرلىغان گوھەرلەرنى چىقار! بولمىسا پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن،.. دەپتۇ. زەرگەرنىڭ ئوغلى تىترەپ نائىلاج 4 دانە گوھەرنى يېنىدىن چىقىرىپ ، ئايالنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . دانىشمەن ئايال باللارنى چاقىرىپ ، گوھەرلەرنى شاھزادىگە تاپشۇرۇپتۇ . شاھزادە بۇ ئەھۋالدىن ھەيران بولۇپ، گوھەرلەرنىڭ تېپىلىش جەريانىنى سورىغان ئىكەن، ئايال زەرگەرنىڭ ئوغلىنىڭ تەلۋىنى ۋە ئۇنىڭ باللاردىن ئايرىلىپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ : « بالام ئىنقىلاپ كۆرسەم گوھەرلىرىڭ بۇرادەرلىرىڭ ئارىسىدا يۈتمىگەندەك تۇرىدۇ ، مەن بۇ گوھەرلەرنى ئۆز يېنىمدىن ساڭا تەقدىم قىلدىم» دەپ ھەقىقى ئەھۋالنى ئاشكارا قىلماپتۇ .

شاھزادە بۇنىڭغا ئىشىنىپ ، دانىشمەن ئايالدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپتۇ. زەرگەرنىڭ ئوغلىمۇ كۆڭلىدە ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ ، ھەرگىز ئوغۇرلۇق قىلماسلىققا نىيەت قىپتۇ .

باللار تېپىلغان گوھەرلەرنى سېتىپ ، پۇلىنى كەڭ ـ كۇشادە خەجلەپ، بۇ شەھەردە بىر نەچچە كۈن تاماشا قىلغاندىن كېيىن ، بىرلىكتە ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېتىشىپتۇ .

رەتلىگۈچى : مۇھەممەت ئىمىن ئۆمەر
ئابدىرېھىم ئىسمائىل

# تاجىك خەلق ماقال - تەمسىللىرى

△ دادىسى ئۆلگەن ئۇخلاپتۇ،
ئاچ قوساق يۇلتۇز ساناپتۇ.

△ مۈشۈك بىلەن بىگىز باراۋەر كەلمەيدۇ.

△ گوش بىلەن تىرناق ئايرىلماس.

△ تاشنى ئۆزەڭدىن يۇقۇرى ئاتساڭ، ئۆز بېشىڭگە تېگىدۇ.

△ قارا كېگىزنى مىڭ سوپۇنداپ يۇيساڭمۇ ئاقارمايدۇ.

△ ھايات بار يەردە غەم بار.

△ توكۇر ئېشەك مەنزىلگە يېتەلمەس، پۇچۇق نان ئوزۇق بولماس.

△ خۇدايىم بىلىپ ئېشەككە موڭگۈز بەرمەپتۇ.

△ دوست يىغلاتقاق(?) كېلەر، دۈشمەن شېكەردەك.

△ ناسىۋال دىگەن ئىپلاس، بۇزۇلىدۇ گېلىم بىلەن پالاز.

△ توگە مىنگەن خۇداغا يېقىن.

△ چامغۇر ھەر قانچە يوغىنىسىمۇ ئۇرۇغى كىچىك.

△ تاز جۇۋا كەيگەننى ناز دەپتۇ.

△ ھەممىنىڭ گوشىنى قاغا يەپتۇ، قاغىنىڭ گوشىنى ھىچكىممۇ يىمەپتۇ.

△ ئۇچاقتىكى نان خام قالمايدۇ.

△ يا كار (ئىش) نىڭ بېشى بول، يا كارنىڭ ئايىغى بول.

△ جان ئادەم تېنىدە ئامانەت.

△ ئىت خانە ئالدىدا قاۋاپتۇ، دەشتتە ئولۇپتۇ.

△ ئىككى كوزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بولمىسا، بىر - بىرىنى يەيدۇ.

△ ياخشى ئىت بەلەن ھەمرا.

△ يوتقانىغا قاراپ پۇت سوز، پەگاغا قاراپ ئۇسۇل ئوينا.

△ ئاز يىگەن بەلەن چۈش كورۇپتۇ،
كوپ يىگەن كېچىچە ئازاپ چېكىپتۇ.

△ ئادەمنىڭ لەۋزى ھالال، گوشى ھارام.

△ زولۇمنىڭ تېگى ئەسلى خاراب.

شىرىن قۇربان (تاجىك) تەييارلىغان

---

(بېشى 98 - بەتتە)

— سىلە بىلەن بىز تونۇشمايدىغان كىشلەردىن بولمىغاندىن كېيىن يۈزلىرىنى ئېچۇەتمەملا؟

— مانا ئاچتىم، ئەسسالام!

مانا بۇ كەسكىن دىئالوگلار ئارقىلىق ئاپتۇر ئىككى شەخسنىڭ جىددى پەيتتىكى خاراكتىرىنى ۋە روھىي ھالىتىنى بىزگە روشەن تەسۋىرلەپ بەرگەن، شۇنداقلا گۈلنەزەرنىڭ قەيسەرلىكى، مەرتلىكى، چىدامسالىقلىغى، قەتئى سالماق خۇسۇسىيىتى، ئىمام مەھەممەتنىڭ تۇراقسىزلىغى، توخۇ يۈرەك- قورقۇنچاق، ئۇژمە كوڭۈل، ۋىجدانسىزلىغى ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان ھالدا ئېچىپ بېرىلگەن.

قىسقىسى ھىكايىنىڭ ئارتۇقچىلىغى ناھايىتى كوپ، مەن بۇ يەردە پەقەت ھىكايىنىڭ كومپوزىتسىيىسى ۋە تىلى ئۈستىدىلا بەزىبىر قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەن بارلىق ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ، جۈملىدىن يولداش تۇردى سامساقنىڭ ئامما ئىچىگە چوڭقۇر چوكۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ باي مەزمۇنلۇق جانلىق تىلىنى تېخىمۇ ياخشى ئۈگىنىپ، تېخىمۇ كوپ، ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.



جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەردە ئېچىلغان ھېكايە ئىجادىيەت سوھ-
بەت يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئوپالغا چىقىپ، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ
قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدى.

جورى قادىر فوتوسى



وەدىللەر بەشكىرەم گۈكشىپىنىڭ قەن - شېكەرگە ئىش قوشۇش كار-
خانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى.

تۇرسۇن تۇردى فوتوسى




قەشقەر ئەدەبىياتى (12 - يىل نەشرى)

1983- يىل 5- سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

نەشرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ

باسما ئۆلچىمى: 787×1092 مم 1/16، 8 تاۋاق

پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فۇڭ، ژورنال نومۇرى 62—58

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

«喀什噶尔文学»（双月刊）

1983 年 第 五 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部  
喀什地区文艺创作办公室

印刷：《喀什日报》印刷厂

订阅：全国各地邮电局（所）

代售：各地邮电局及新华书店

开本：1092×787MM1/16，8印张

代号：58--62　单价：0.35 元

新疆维吾尔自治区期刊登证 041 号